1998.12

1999.11

2001 1

天尔塔格

# تەڭرىتاغ



20- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر نەزەر ۋە يېڭى ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ھەققىدە

مۇز ئاۋال

ھايات مەنبەسىدىن ئاسمان بوشلۇقىغا سەپەر

ئەسىر ئىزلىرىنىڭ ياڭرىقى

سۈيشى ھۆرمەتلىرى

ISSN 1004-1745

01

9 771004 174004

# شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى لۈكچۈن قۇم ساناتورىيىسى سىزنى قارشى ئالىدۇ

www.uyghurkitap.com










باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

قانۇن مەسلىھەتچىسى: ئابلىمىت رەھىم


# تەڭرىتاغ

[illegible]

[illegible]

## 2001·1


تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئازات سۇلتان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەخمەت ئىمىن، ئەكبەر ئىلى، ئىمىن ئەھمىدى، بوغدا ئابدۇللا، مۇرات مەتنىياز، مۇختار مەخسۇت، مۇھەممەت پولات، غوپۇر نۇر، ھاجى قۇتلۇق قادىرى، ئوسمانجان ساۋۇت

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## يۈزمۇ يۈز

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر ۋە يېڭى ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ھەققىدە ... (4)

## ئەدەبىي ئاخبارات

ئەدەبىيات «بازىرى» دىكى تىلغا ئېلىنمىغان ئىشلار ............ قادىر ئەكبەر (19)

## شېئىرلار

شېئىرلار ............ ئادىل تۇنىياز (26)
تەنھالىق دالاسى ............ مۇتەللىپ ماڭسۇر (ئوۋچى) (49)

## ھېكايىلەر

تاپ ............ ئارسلان تالىپ (28)
مۇز ئارال ............ مەمتىلى ھېلىم (54)

## ئەكس سادا

مەۋجۇدىيەت ۋە 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ............ ئابلىكىم خېۋىر (39)

## ماقالىلەر

شېئىر ۋە نەسىر ............ بوغدا ئابدۇللا (47)
ھايات مەنبەسىدىن ئاسمان بوشلۇقىغا سەپەر ............ چېن چاۋ (58)
ئىبن سىنانىڭ روھ ۋە بىلىش نەزەرىيىسى ............ جى خۇگبو (97)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
مۇھەررىرلەر: ئەزىزى (تەكلىپ قىلىنغان)
ئەكبەر سالىھ
سەنەۋەر ئۆمەر
ئالىم خالىدىن
ئىمىرھەسەن مەخمۇت
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ
تارقىتىش خادىمى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال) ئومۇمىي 84 - سان

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئەمىر تىمۇرنىڭ ياقۇتى (ئەدەبىي ئاخبارات) ........................ ئازاد مۆمىن (67)
چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن ........................ (95)

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

ھاياتنىڭ كۆچى........................ يۈەن يۈەن (82)
قارتىڭ يامان بولسا ئۆتتۈرۈشۈڭ ناتايىن ........................ ئابى بوشى (83)
گۈل ئىشقى ........................ شى نەن (83)

## نەۋائى خەزىنىسى

تۈتاشتۇرۇپ دىللارنى دىلغا ........................ ئەزىزى (85)

## خەنزۇ كلاسسىك شېئىرىيىتىدىن

سۇشى نەزمىلىرى ........................ (105)

## مەشھۇر نۇتۇقلاردىن

بۇ مۇكاپات ھەممىمىزگە ئورتاق ........................ پېرل باك (110)
بويسۇندۇرۇلمىغان چوققا ........................ ئېرنىست ھېمىڭۋاي (111)
ئىنسان مەڭگۈ ياشايدۇ ........................ ۋىليام فولكنېر (111)

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدۇ
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(782 - خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65—1012/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 52
پارچە سېتىلىشى: 5.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# 21-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر ۋە يېڭى ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ھەققىدە

(سۆھبەت خاتىرىسى)

خاتىرىلىگۈچى: ئەزىزى

ۋاقىت نۇقتىسىدىن ئالغاندا 20 - ئەسىر ئاخىرلىشىپ 21 - ئەسىرگە كىرىپ كېلىۋاتىمىز. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەتمۇ ئۆزىنىڭ بىر ئېراسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يېڭى بىر ئېراغا قەدەم قويىدى. كونا ئەسىر بىلەن يېڭى ئەسىرنىڭ فوكۇس نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتقان، مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باسقان ۋە باسقۇسى مەنزىلى ھەققىدە ئاز - تولا پىكىر يۈرگۈزۈش تولىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇ سەۋەبتىن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا بۈگۈنكى سۆھبەتنى ئۇيۇشتۇردى.

دەرۋەقە، 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە بولغان ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە مەيلى ئەدەبىيات تەنقىداتى جەھەتتە بولسۇن ياكى دەرسلىكلەر نۇقتىسىدىن بولسۇن، ھەرقايسى تۈر ۋە دەۋرلەر بويىچە بىر قىسىم ئەسەرلەر يېزىلدى. ئەمما 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈنىلىشىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان بىرقەدەر مۇكەممەل ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى كەمچىل بولدى. ھەر خىل غەيرىي رەسمىي سورۇنلاردا ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە قايناشلار، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە خېلى ئەھمىيەتلىك مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما مەتبۇئات يۈزىدە ئىلمىي نۇقتىدىن سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلغان نەزەرىيىۋى تەتقىقات تولىمۇ سۇس بولدى. نەتىجىدە، ئەدەبىيات ھەققىدە، ئىلگىرىلەش زور، نەتىجە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، دېگەندەك قېلىپلاشقان، تومتاق ئۇقۇملار ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. شۇڭا بۈگۈنكى بۇ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقانلار ئەدەبىياتىمىزدىكى ئاساسىي مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆز پىكىر - كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسا. ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى بۇ سورۇندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆزقاراشلارنىڭ مۇنداق ھەققانىي پىكىر بولۇپ كېتىشى ناتايىن، شۇنداقتىمۇ ھەققانىيەتنىڭ مۇنازىرە جەريانىدا تىكلىنىدىغانلىقى كۆپچىلىككە ئايان.

**ئىمىن ئەخمىدى:** ئالدى بىلەن ياشلار سۆزلىسۇن.

**مامبەت تۇردى:** ئالدى بىلەن چوڭلاردىن

كەلسۇن.

**پولات ھېۋزۇللا:** ئەڭ ياخشىسى، ياشلاردىن كەلسۇن. ئاۋۋال چوڭلار سۆزلىسە ياشلار بېقىنىپ قالىدىغان ئەھۋال بولمىسۇن يەنە. (كۈلكە)

**مامبەت تۇردى:** بىز ئاساسەن قۇلاق موللىسى، سىلەردىن كۆپرەك ئاڭلىساق بىز ئۈچۈن پايدىلىق.

**پولات ھېۋزۇللا:** مامبەتلەر ياز دېسە ئۆيىدە يېزىۋېرىدۇ. چوڭلارنىڭ سۇرلۇك ھالىتىنى بىر كۆرسىلا گەپ قىلالماي قالىدىكەن. (كۈلكە)



**مامبەت تۇردى:** بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قايسى نىشاندا تەرەققىي قىلىدۇ دېگەن مەسىلە بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزدە بىر نۇقتا بولۇشى مۇمكىن. ئازات سۇلتان مۇئەللىم بىر قېتىم، پروزا كېيىنكى ئەسىردە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسىي كۈچىگە ئايلىنىشى مۇمكىن، دېگەنىدى. ھەرقانداق بىر ئەدەبىيات تەرەققىي قىلىپ يىرىك ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. دەۋر ئۆزگەرگەن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى يەنە مىڭ يىل ئۆتسىمۇ ئۆزگەرمەسلىكى مۇمكىن. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا تەرەققىيات سىستېمىسىنىڭ شەكىللەنمەسلىكى مۇنداق سەۋەبتىنمىكىن دەپ قارايمەن: بىزدە ھەر 20 ياكى 30 يىلدا بىر قېتىم ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدە ئۈزۈكچىلىك پەيدا بولغان، 30 - يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭدىمۇ ئەدەبىياتتا گۈللىنىش، داۋالغۇش، چوڭ بىر سىلكىنىش بولغان. لېكىن 50 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە بىر ئۈزۈكچىلىك بولغان. 1957 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىياتتا يەنە بىر سەكرەش بولغاندەك بىر ھالەت شەكىللەنگەن. لېكىن 1965 - يىلدىن باشلاپ يەنە بىر ئۈزۈكچىلىك باشلىنىپ، بۇ ئۈزۈكچىلىك تاكى 80 - يىللارغىچە داۋام قىلدى، دېمەك، بىزدە ئەدەبىيات ئەنئەنىسى جەھەتتە بىر - بىرىگە ئۇلانمايدىغان ھالەت مەۋجۇت.

پېشقەدەم يازغۇچىلار بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭ بولۇپ كېتىشى، ئورتاق پىكىرنىڭ ئازراق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇشۇ ئەدەبىي جەھەتتىكى ئۈزۈكچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى جەھەتتە بىزدە ئىلمىي خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنمىدى. مەسىلەن، بىز ھەقىقىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەزەرىيىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ چىقالمىدۇق. ھازىرغىچە قولغا چىققۇدەك بىرەر ئەدەبىيات نەزەرىيىسى قوللانمىسى يېزىلمىدى دېسەكمۇ بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ خىزمىتى يازغۇچىلارنىڭكىدىن كۆپ ئېغىر. ئىشلەيدىغان ئىشى نۇرغۇن. بىزدە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر يېزىلغان، نەشر قىلىنغان، ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يارىشا زوق ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەرنى ئىلمىي جەھەتتىن شەرھلەش يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى ھەرگىز تاشلاپ قويماسلىقى كېرەك. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نۆۋەتتە، بىزنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزغا ھېسسىيات ئارىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، تەتقىقاتتا ئىلمىيلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ئاساستا ئەقلىي يەكۈن چىقارساق توغرا قىلغان بولىمىز. بەلكىم بۇ بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەدەبىياتتىن بەھرە ئېلىش سەۋىيىسىنى ئىلمىي يول بىلەن يېتەكلەشكە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

**بوغدا ئابدۇللا:** دەرۋەقە، ئەدەبىياتنىڭ ئەسلى ئىگىسى خەلق. لېكىن ئەدەبىياتنىڭمۇ رەھبىرى بولۇشى كېرەك. يازغۇچى، شائىرلار ئادەتتە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىمىز، ئەمما ئىگە بولىدىغان بىرەرمۇ ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لېكىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمايمۇ بولمايدۇ. بۇ تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ. بىر ئەسىر ئۆتتى، يېڭى بىر ئەسىرگە كىرىۋاتىمىز، ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلار تۇرۇۋاتىدۇ. يېڭى ئەسىرگە نىسبەتەن باشقا مىللەتلەرنىڭ تەييارلىقى باردۇر، مېنىڭچە، بىزنىڭ ھېچقانداق تەييارلىقىمىز يوق. ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئومۇمىي پىلان يوق. شۇڭا نەزەرىيىۋى تەتقىقاتتا ئارقىدا قېلىۋاتىمىز.

**ئىمىن ئەخمىدى:** ئۆتكەن يىلى مەن يۇنانغا باردىم. شۇ جەرياندا يۇناندىكى ھەرقايسى مىللەت سەنئەتكارلىرى، يازغۇچى، شائىرلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. مەن ئۇلار بىلەن مىللەتلەر ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدىم. يۇنانندە 26 مىللەت بار ئىكەن. ئۇ يەردە بولۇنغان گەپتە بىر مىللەتنى بىر مەدەنىيەت قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ، ئۇ مىللەت ئاندىن ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ، دېيىلدى. يۇناندە ئۆزىنىڭ تىلى يوق، يېزىقى يوق، زامانىۋى ئالىملىرى يوق مىللەتلەر باركەن. ئەمما ئۇلار مىللەت قاتارىدا ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت چەمبىرىكى بار ئىكەن.

ستالىن: بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تىلى، يېزىقى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئىقتىسادى بولۇشى كېرەك، دېگەنىدى. بىر مىللەتنىڭ تىلى، يېزىقى، جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئىقتىسادىدىن باشقا، ئەگەر ئۇنىڭ بىر مەدەنىيەت قاتلىمى، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە داۋاملىشىدىغان بىر روھىي ئالاھىدىلىك بولمىسا، ئۇ مىللەت تولۇق شەكىللىنىپ بولالمايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن دۇنيادىكى ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بارلىق مىللەتلەر ناھايىتى ئۇلۇغ مىللەتلەركەن دەپ قالدىم. جۈملىدىن بىز ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر، ئۇ چوقۇنغان دىنلاردىكى ئۆزگىرىشلەر، ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاخىرىدا بۇ مىللەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ زامانىۋى مىللەتلەر قاتارىغا ئېلىپ كىرىشكە ئۇل ھازىرلاپتۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارمۇ بولىدىغان، ئۇلۇغ مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەن، دەپ ئويلىدىم.

بىر مىللەت ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۇلۇغلۇقى بىلەنلا ياشىسا بولمايدۇ. ھازىر دۇنيا مىقياسىدا بىلىم ئىقتىسادىي ئاساس بولغان ئۇچۇر دەۋرى شەكىللىنىۋاتىدۇ. ھەتتا ئىقتىساد پۈتۈن دۇنيادا بىرلىككە كېلىش ھالىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. مەدەنىيەتمۇ چېگرا ئاتلاپ بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 20 ـ ئەسىر قانداق بولدى دېگەندە، مەن ئاۋۋالقى 50 يىل ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. بۇ 50 يىلنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ۋەكىللىرى بار. كېيىنكى 50 يىلدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ناھايىتى زور داۋالغۇشلارغا دۇچ كەلدى. ھەر خىل ئاممىۋى، سىياسىي ھەرىكەتلەر بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى يەڭگۈشلەپ تۇردى. ئۇلارنىمۇ داۋالغۇيدىغان، قايمۇقىدىغان ھالەتلەرگە دۇچار قىلدى. ھەتتا بىر مەۋقەدە تۇرالمايدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردى. كۆپ ھاللاردا دەۋرنىڭ كەينىدە قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئەدەبىياتىمىزدا شەكىللەندى. لېكىن نېمىلا بولسۇن، بۇ 50 يىلدىمۇ ئۇستاز بولۇشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئەدىبلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدە مۇشۇ چەمبىرەكنى كېڭەيتىدىغان، مۇستەھكەملەيدىغان رول ئوينىدى.



ئەمدى 21 ـ ئەسىرگە ئومۇمەن مۇشۇ مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە قان ـ تەر تۆككەن، تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداقلا كىرىپ كېتەلەمدۇ دېگەندە، ھەر خىل تارىخىي جەريانلارنى ھېسابقا ئالغاندا، ئۇنداق

بولۇشى ناتايىن. لى بەي، دۇفۇلار شۇ ۋاقىتتىكى مىللەت ۋە زامانىنىڭ روھى سۈپىتىدە 21 - ئەسىرگە كىرىپ كېتىدىكەن. ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەلىشىر نەۋائىي، مەشرەپ، زەلىلى، موللا بىلال قاتارلىقلار كىرىپ كېتىدىكەن. مۇشۇ 50 يىل ئىچىدىمۇ ھايات ئادەملەردىن 21 - ئەسىرگە كىرەلەيدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەسكەن. چۈنكى 50 يىلغا نىسبەتەن خۇلاسە چىقارغاندا، ئەدەبىياتقا باشتىن - ئاخىر ئىزچىل پوزىتسىيە تۇتقان، بىر مەۋقە، بىر روھ بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىگەن، ئۆرنەك بولۇشقا ئەرزىيدىغانلار ئاز چىقىدىكەن. ماقالە يازغانلار ساناپ ئۆتكەندەك ھەر بىر ۋىلايەتتىن 300 - 400 دىن ئادەم كىرىپ كەتمەيدىكەن. ئالدىنقى يىللىرى خەنزۇ ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغانلار پۈتۈن مىللەتنىڭ ھەممىسى شائىر بولۇپ كەتكەندىمۇ بۇ مىللەتنىڭ نامى چىقمايدۇ، بىر مىللەتتە پەقەت بىر - ئىككىلا ئادەم ئالغا ئۆزۈپ كەتكەندە ئاندىن بۇ مىللەتنىڭ نامى چىقىدۇ دەپ كېلىپ، لى بەي بىلەن دۇفۇنى، ئاخىرىدىراق لۇشۈن بىلەن گومورۇنى تىلغا ئالدى. لۇشۈن بىلەن گومورۇ ھەققىدە كۆپ غۇلغۇلا بولدى، لېكىن لى بەي بىلەن دۇفۇغا ھېچكىمنىڭ پىكرى بولمىدى. بۇ تەنقىدچىلار يەنە مىللەتنى دۇنياغا ئالىملارمۇ تونۇتالمايدۇ. چۈنكى تەبىئىي پەن پۈتۈن دۇنيادا ئوخشاش بولىدۇ، بىر شائىرنىڭ روھى شۇ شائىر تەۋە بولغان مىللەتنىڭ روھى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مىللەتنى دۇنياغا تونۇتۇشتا شۇ مىللەتنىڭ شائىرلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەگەر شۇنداق ھېسابلاشقا توغرا كەلسە، بىزمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئەلىشىر نەۋائىيلارنى شۇ قاتارغا قويساق بولىدىكەن.

خوش، ئۇنداقتا بىز ھازىر ئەدەبىيات ئارقىلىق مىللەتنى زامانىۋىلىققا يېتەكلەش ۋە دۇنياغا تونۇتۇشتا قانچىلىك ئىش قىلدۇق؛ بۇ ھەقتە راستىنى ئېيتقاندا، 50 يىلغا نىسبەتەن خۇلاسە چىقىرىلمىدى. مەن بۇ ھەقتە ئۆتكەن يىلى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە تەكلىپ بەرگەنىدىم. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتى قانداق بولدى، مېنىڭ خەۋىرىم يوق. مۇشۇ 50 يىل ھەققىدە چىقىرىلغان خۇلاسە ھېچبولمىغاندا بىزنىڭ ياشلىرىمىزغا تۈرتكىلىك رول ئوينايتتى. بىزغۇ مۇشۇ تارىخ بىلەن 50 يىلنى ئۆتكۈزۈپ بولدۇق. تېخى يەنە 20، 30 يىل ياشىغاندىن كېيىن ئاندىن 50 يىلنى ئۆتكۈزىدىغان ياش تالانت ئىگىلىرى ناھايىتى كۆپ. بىزدە 50 يىلدىن بېرى داۋاملىق ئەسەر يېزىۋاتقانلار خېلىلا بار. شۇنداق ئىكەن، مۇشۇ 50 يىل ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىش كېرەك. يېقىنقى ھالەتلەردىن ئۆكۈنىدىغان يېرىم، بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىزدە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئەھۋال بار. بىزدە شائىر دەپ ئاتالغانلار، بولۇپمۇ گېزىت - ژۇرناللار تەرىپىدىن شائىر دەپ نام بېرىلگەنلەر خېلىلا كۆپ. ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، شېئىرنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەي مۇشۇ ساھەگە كىرىپ قالغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

**بوغدا ئابدۇللا:** مەن بىر ئېغىز قوشۇمچە قىلاي، شائىر دېگەننى چەت ئەللىكلەر كاپىتان دەيدىكەن، خۇددى پاراخوتنىڭ كاپىتانىغا ئوخشىتىپ، يەنە روھنى داۋالايدىغان دوختۇر دەيدىكەن. ئىمىن ئەخمىدى ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدى، ئالدى بىلەن كۆرۈلىدىغىنى ئاپتورنىڭ ئىسمى ئەمەس ئەسەر.

**ئىمىن ئەخمىدى:** يەنە ئىككى ئېغىز قوشۇمچە قىلىپ تۇرۇڭ، مەن بىر تېلېفون قىلىۋالاي. (كۈلكە)



**بوغدا ئابدۇللا:** مەن بۈگۈن ئەتىگەن دەرس ئارىلىقىدا ئوقۇغۇچىلاردىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەققىدە پىكىر ئالدىم. پىكىر ئېلىشىنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ستۇدېنتلار ھازىرقى زامان رومانچىلىقىدىن رازى ئەمەسكەن.

ھازىر راستىنى ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتا ھېسسىيات ئارىلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ دەردىنى پۈتۈن مىللەت تارتىدىكەن. بىر ئىلاجىنى قىلىپ بۇنىڭغا يول قويماسلىق كېرەككەن. بىرى، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەردە بەزى گېزىت - ژۇرناللاردا خاتا نەرسىلەرمۇ ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. بىز ئەدەبىياتنىڭ نېنىنى يەۋاتقانلار مۇشۇنداق نەرسىلەرنىڭ ئالدىنى ئالمىساق ئېشەك باقمىزمۇ (تۇرپانچە ئېيتقاندا). مۇشۇنداق خاتا نەرسىلەرنى ئېلان قىلىۋەرسەك بۇ مۇشۇ يەردىلا قالماستىن پۈتۈن دۇنياغا چىقىدۇ. بايا ئىمىن ئەخمىدى ئېيتقاندەك، بىزدە بىر ئومۇمىيلىق بولمىدى. ئەدەبىياتنى يېتەكلەيدىغان بىر باشلامچىلىق بولمىدى.

يەنە بىرى، ھازىر گېزىت - ژۇرناللاردا پاخپاق نەرسىلەر ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مەتبۇئات ئورۇنلىرى ۋەكىل خاراكتېرلىك، يېتەكچى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلمىسا نېمە قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئەدەبىيات ئادەم سېسىتىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ بەكمۇ بولمىغۇر ئىش. كەسپىي ئەخلاقىمۇ يات.

**ئىمىن ئەخمىدى:** مەن سۆزۈمنى يەنە داۋاملاشتۇراي، ھازىرغىچە بولغان 50 يىل جەريانىدا بىزدە شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى تېخى ھەل بولمىدى. 50 - يىللاردىن باشلاپ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنىۋاتقان نۇرغۇن شېئىرلار ئادەتتىكى رېئاللىقنى شۇ بويىچە، روھسىز، ئازاب ئېڭى، دەۋر ئېڭى ياكى بىر خىل ئىنسانىي ئاڭدىن مۇستەسنا ھالدا سۆز - ئىبارىلەرنى تىزىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى ھەققىدە ياخشى ئىزدەنمىدى. «گۇڭگا شېئىرلار» دەپ نام قويۇلغان شېئىرلارنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىنماسلىقىدىكى بىر سەۋەبمۇ ئۆزىمىزدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىنى يېتىلدۇرۇشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمىزدىن بولدى. بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتكەنلىكىمىزدىكى بىر ھادىسە.

مەملىكەت مىقياسىدىمۇ يېڭىچە شېئىرلار ھەققىدە نۇرغۇن غۇلغۇلا بولدى. ھەتتا خەنزۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى چۈشەنمىدۇق دەپ ماقالە بېرىشتى. ئۇيغۇرچە شېئىرلار ھەققىدىمۇ نۇرغۇن پاراڭلار بولدى. 1988 - يىلى گۇڭگا شېئىرلار ھەققىدە مۇھاكىمە بولغاندا مەن، ياشلار ئاۋۋال يازسۇن، ئەگەر بۇ يېڭىچە بىر شېئىر بولۇپ شەكىللەنسە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى قاتارىدىن ئورۇن ئالسا، بۇ، خەلقىمىز ئۈچۈن بىر بايلىق. ئەگەر يازالماي قالسا، خەلق قوبۇل قىلمىسا ئۇ ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ قالىدۇ، دەپ پىكىر قىلدىم. لېكىن زور بىر تۈركۈم ياشلار ئاشۇ شېئىرلار ئارقىلىق بارغانسېرى ۋايىغا يەتتى. ئەمما شېئىرىيەت جەھەتتە ئۆزىمىزنىڭ كىتابخانلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمىدۇق. مەسىلەن، سەنئەت ساھەسىدە قانچىكى چاكىنا ئويۇنلار ئوينالسا، شۇنچىكى چاكىنا تاماشىبىن يېتىشىپ چىقىدۇ. قانچىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك زامانىۋى ئويۇنلار ئوينالسا، شۇنچىكى زامانىۋى ئاڭغا ئىگە يۇكسەك روھتىكى تاماشىبىنلار يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەگەر بىز قانچىكى نادىر ئەسەرلەرنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلساق، بىزمۇ شۇنداق پىكىر قىلىدىغان كىتابخانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز. بۇ جەھەتتە بىز نوقۇل يېزىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئاخىرىدا كەڭ كىتابخانلارنىڭ رايىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بىر خىل ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويدۇق. ئومۇمەن، بىزدە شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىغا كۆڭۈل بۆلۈنمىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار شائىرلار قوشۇنىنى تاشلىۋەتتى. ئۇلار ناھايىتى بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مەن بايا ئېيتىلغاندەك 21 - ئەسىر پروزا ئەسىرى بولىدۇ دېگەنگە قوشۇلالمايمەن. ئەدەبىيات ھېچقاچان پروزا ئەسىرى، شېئىرىيەت ئەسىرى دەپ ئايرىلمايدۇ. نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپ يېزىلىشى بىلەن پروزا بىرىنچى تۈر بولۇپ قالمايدۇ. شېئىرنى كىشىلەر ئانچە ياقتۇرمىغىنى بىلەن شېئىرىيەت چۈشۈپ قالمايدۇ. شېئىر ئىنسان روھىنىڭ بىر قېتىملىق تەبىرى، ئۇ يېزىق ئۈستىگە پۈتۈلگەنىكەن، ئىنساننىڭ مۇئەييەن بىر روھىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شېئىردىكى سۆز تىزمىلىرى رېئال ۋەقەلەرنىڭ

قاپىيىلەشتۇرۇلىشى ئەمەس، رېئال ۋەقەلەرنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا بىر خىل دەۋر روھى، مىللەت روھى ۋە ئىنسان روھى بولىدۇ. ئۇ ئېھتىمال پروزىدىمۇ، شېئىرلاردىمۇ ئىپادىلىنەر.. ئەنە شۇنداق روھ ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر ياخشى ئەسەر بولىدۇ.

ھازىر ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارى زادى قانچىلىك؟

شېئىرىيەتنى مىسالغا ئالساق، راستىنى ئېيتقاندا شائىرلار ناھايىتى بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ھازىر شېئىرىيەتتە شەخسلەشتۇرۇش خاھىشى بىرقەدەر ئېغىر. «تۇگىمەس ناخشا» دا شۇ كوچىغا شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئۆزى يالغۇز كىرمىگەن، بىر پەللىنى كۆزلەپ يالغۇز ئۆزىلا ماڭمىغان. «تۇگىمەس ناخشا» بەلكىم مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەر تەڭ توۋلىغان ناخشا. لېكىن ھازىر يېزىلىۋاتقان شېئىرلاردا شائىر ئۆزى يالغۇز ناخشا ئېيتىۋاتقان، ئۆزى يالغۇز دەرد چېكىۋاتقان ئەھۋال ئېغىر. ئەگەر لىرىك شېئىر دېيىلسە رەخىم قاسىممۇ ئۆز ۋاقتىدا:

> تىرىق - تىرىق چەكمىگىن دېرىزەمنى،
> سۇنۇق كۆزنەكتىن گۈلنى تاشلىما.
> بەربىر ئالدىڭغا چىقمايمەن جېنىم،
> سۆيگۈ ئوتىدا كۆزۈڭ ياشلىما.

دېگەندە يالغۇز ئۆزىنىلا يازمىغان. قىسقىسى، شېئىرلىرىمىزدا ئومۇمىيلىق بەك ئاز. بىز مۇشۇ ھالەتتە يېڭى ئەسىرگە كىرمەكچى بولساق بەك ئاددىي كىرىپ قالىمىز.

مەن ھەر ئىككى، ئۈچ ئايدا بىر قېتىم ژۇرنال باھالاشقا قاتنىشىمەن. ھەممە شېئىرلارنىڭ كېسىلى يوق، لېكىن ساغلام ئەمەس. شائىرلىرىمىزنىڭ تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىش دائىرىسى تارلىشىپ كەتتى. 50 يىلدىن بېرى رايونىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ھەققىدە ئەسەر يازغانلار ئاز بولدى. بۇ ھەقتە ئالدىنقىلار يازغان، مەسىلەن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، رەخىم قاسىم، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجايوف قاتارلىقلار. جۈملىدىن بوغدا ئابدۇللا، قۇربان بارات، ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىقلارمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئومۇمىي تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلغان ھالدا نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى يازدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا چۈچۈك بۇيا، سۆكسۆك، چاكاندىلىرىمىز دورا بولۇپ كەتتى، توغراقلىرىمىزغا ئوت كەتتى، بۇرۇنقى يايلاقلارنىڭ ئورنىدا چۆل - جەزىرىلەر پەيدا بولدى. مانا شۇلارنى قانچىلىك يازالىدۇق.

**بوغدا ئابدۇللا:** ئىمىن ئەخمىدى، مەن بىر نەرسىنى قوشۇپ قوياي، يەنى سۇ مەسىلىسىنى، مەن ئۆتكەندە تۇرپانغا چۈشكەنىدىم. سۈرۈشتۈرسەم يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەن بىلىدىغان كارىزدىن 48 ى قۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇ ھەرگىز سەل قارايدىغان مەسىلە ئەمەس.

**ئىمىن ئەخمىدى:** تەبىئەتمۇ قۇرۇشقا باشلىدى، لېكىن ئالدى بىلەن بىزدە بىر خىل روھ قۇرۇپ كەتتى. مەن لوپنۇر كۆلى مەسىلىسىدىمۇ ئاۋۋال روھىمىزنى قۇرۇتۇۋېتىپ ئاندىن لوپنۇر كۆلىنى قۇرۇتۇۋەتتۇق دەپ ئويلايمەن. بىز مۇشۇ خىل تېمىلارغا كۆڭۈل بۆلەلمىدۇق. مېنىڭچە، ھەرقانداق ئەدىب ئۆزىگە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن تەلەپنى قاتتىق قويۇشى كېرەك.

بازار ئىگىلىكى ۋە ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خۇددى ئۆزىمىز ئىگىلىك تىكلەش جەھەتتە چىقىش يولى تاپالمىغاندەك، روھىي جەھەتتە بوشىشىدىغان، چۈشكۈنلىشىدىغان: ئۆزىمىزنىڭ تار روھىي چەمبىرىكىمىزگە قامىلىپ قېلىپ ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي ھېسسىياتىنى چىقىش قىلىدىغان بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويدۇق. جۈملىدىن ئۆزۈممۇ شۇنداق. ئۆزۈمنىڭ، ئاخىرقى پادىچىلارمۇ قالماي دېھقان بولۇپ كەتتى، دېگەن مىسرالىرىدىمۇ كۆزدە تۇتقىنىم شۇ. پادىچى بولۇش دېگەن بىر يېزىنىڭ ياشلىقىكەن، ھازىر مېنىڭ يېزىلىرىم قېرىپ كەتتى، بۇرۇنقىدەك شىلدىرلاپ ئاقىدىغان سۇ يوق، قويلار چىقىپ ئوتلايدىغان ئوتلاقلار يوق، ھېلىقى جىگدىلىك چىغىر يوللارمۇ قالمىدى، شۇنداق قارىسام تەبىئەت يەنىلا شۇنداق چىرايلىقتەك قىلىدۇيۇ، مېنىڭ نەزىرىمدە قېرىپ كەتتى. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بىزدە يېقىنقى 20 يىللاردىن بېرى ئومۇمىي تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىنىشىمىز، خاسلىقىنىڭ ئىچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

ئومۇمىيلىقنى ئىزدىشىمىز، شېئىرنى شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىغا ئەمەل قىلغان ھالدا يېزىشىمىز نىسبەتەن سۇسلاپ قالدى. بۇ ئىشلارغا ئەمدى 21 - ئەسىردە يول قويۇپ بولمايدۇ. بەزىلەر ناچار شېئىرلارنى قوشاققا ئوخشىتىدۇ. ئەمما قوشاق دېگەن ئۇ باشقا بىر دۇنيا. شېئىرنى قوشاق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشتە خېلى ئىش بار. ئەگەر شېئىرنى قوشاق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالدى دېيىلسە، بۇ قوشاققا قىلىنغان چوڭ ھاقارەت. ئومۇمەن ئەدەبىياتتا نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەر بولدى، نۇرغۇن ئاپتورلار يېتىشىپ چىقتى. بۇنىڭغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. لېكىن 21 - ئەسىرگە كەلگەندە چوقۇم روھنى چوڭقۇر قازىدىغان، پۈتۈن مىللەتنى يېتەكلىيەلەيدىغان، ئۇنىڭغا يېڭىچە روھ بېغىشلايدىغان بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ -زىنات گېزىت - ژۇرناللىرىمىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇھاكىمىلەرنى كۆپرەك ئۇيۇشتۇرۇپ، يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

بىر ئەسىر ھەققىدە خۇلاسە قىلىش تەس، يېڭى بىر ئەسىرنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس. لېكىن بىرنەرسە ئېنىق، چوقۇم مىللەت يۈكسىلىشى، زامانىۋى مىللەت بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا يەنە بىر روھ بولۇشى كېرەك، چوقۇم بۇرۇنقى مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ۋە بۇ چەمبىرەكتىن ئۆت چىقىرىش كېرەك. بىر خىل بۇرچ تۇيغۇسى، بىر خىل كۈچلۈك ئازاب ئېڭى بولۇشى كېرەك.

**بوغدا ئابدۇللا:** مەن يەنە ئازراق قوشۇمچە قىلاي. بابا ئىمىن ئەخمىدى قوشاق د قىـ توختالدى. قارىغاندا ئىككىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. قوشاق لىرىكىنىڭ ئەڭ گۈزەل بىر شەكلى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىزدە نېمىشقا قوشاق يوق بولۇپ كەتتى دېگەن خىيال كاللامغا كىرىۋالدى. بىر مىللەتتە ئەپسانە دەۋرى بولىدۇ، رىۋايەت دەۋرى بولىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا قوشاق دەۋرىمۇ بولىدىكەن. لېكىن مۇشۇ كېيىنكى يېرىم ئەسىردە بىزدە ئاساسەن قوشاق يوقاپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ قالىمەن. بىزدە قوشاقچىلار چىقتى، لېكىن مۇنەۋۋەر قوشاقلار بولمىدى. قۇمۇل قوشاقلىرىنى ئالايلى:

نەدە كۆردۈم مەن سېنى،
تاماكا سال دەيسەن مېنى.
مەن ئاتاڭنىڭ قۇلىمىدىم
مەن سېلىپ سەن تارتقىلى.

دېگەندەك.

**پولات ھېۋزۇللا:** ھازىر شائىرلار زاكاس بىلەن شېئىر يازىدۇ. ئىجادىيەت تېخنىكىلىق نەرسىگە ئايلىنىپ كەتتى. مەيلى پىششەدەملەر بولسۇن، مەيلى ياشلار بولسۇن شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتىدىن يىراقلاپ كەتتى. ئۆيىدىلا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھاياجانلىنىش ئۇقتىسىنى تاپالماي ناھايىتى سوغۇققانلىق بىلەن شېئىر يازىدىغانلار ناھايىتى كۆپ. ھەقىقىي ئىلھام بىلەن يازمىسا تۇرالمايدىغان ھالەتتە شېئىر يازىدىغانلار زادى قانچىلىك، بۇمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك.

**ئىمىن ئەخمىدى:** بىزدە تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش دېگەن گەپ بار. بەزىلەر يېزىغا بېرىپ بىر يىل تۇرسىمۇ ھېچنەرسە يازالماسلىقى مۇمكىن، بەزىلەر يېزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلىشى، يېزىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى مەسىلە كۆز بىلەن كۆرۈش ئەمەس، روھتىن ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى. دېمەك، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش دېگەن گەپ، روھتىن ئۆتكۈزۈش دېگەن گەپ. مەسىلەن، بىزنىڭ ئەسەت سۇلايماننىڭ تەتقىقاتىدا نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنىڭ روھىدىن ئۆتكەن. ئەسەت كۆرگەن ماتېرىياللارنى باشقىلارمۇ كۆرگەن، ئەمما ئۇلارنىڭ روھىي قاتلىمىدا بۇ ماتېرىياللار جۇغلانمىغا ئايلانمىغان. ئەگەر شەخسىي ھېسسىيات روھتىن ئۆتسە ئۇ چوقۇم ئومۇمىيلىق خاراكتېرىنى ئېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا شەخسنىڭ ھېسسىياتى، ئاھۇ زارى ياكى مۇھەببىتى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئومۇمىيلىققا يۈزلىنىشى مۇمكىن دەپ قارايمەن.

**ئەزىزى:** مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، كېيىنكى 20 يىلدا بىزدە ماھارەت مەسىلىسىگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىلدى. شېئىر يازمايدىغان، ئەمما شېئىرنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان بەزىلەر ماڭا، «گۇڭگا شېئىر دېدىڭلار، خېلى كۆپ ئوقۇپ باقتىم، ئاپتورى ئايرىم - ئايرىمكەنۇ، لېكىن ھەممىسىنى بىر ئادەم يازغاندەك تۇيغۇ

بېرىدىكەن» دېدى. گۈڭگا شېئىر دەپ ئاتالغان يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تولۇق جەلپ قىلالمىغانلىقىدىكى سەۋەبمۇ شۇنىڭدىنمىكىن دەيمەن. مېنىڭچە، ماھارەت ئاپتور مەنسۇپ بولغان خەلقنىڭ بىر پۈتۈن ھېس - تۇيغۇسى بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن ئىجادىيەتنىڭ ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

بىزنىڭ زامانىۋىلىقىقا يۈزلەنگەن ئەدەبىياتىمىزدا ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. قىسقىسى، تېما جەھەتتىمۇ تار دائىرىدىن قۇتۇلالماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى. ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتتا ئىجادكارلارغا تېما بەلگىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئەتراپىمىزدىكى مۇھىم مەسىلىلەرگە نىسبەتەن خەلقنى ئاڭ جەھەتتىن يېتەكلەش ئىجادكارنىڭ بىر خىل مەسئۇلىيىتى. دەرۋەقە بىزدە ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە بېغىشلانغان بەزى ئەسەرلەرمۇ يېزىلدى. لېكىن بۇلار تېخى بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا. ئېكولوگىيە، يەنى تەبىئەت مەسىلىسى تېخى بىزنىڭ ئېڭىمىزغا سىڭىپ كىرگىنى يوق. مورگان ئەپەندى ئېيتقان، «دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈكلۈك» دېگەن سۆزنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلمەيمەنۇ، بىز قاچان تەبىئەتنى ئاپقاندا ئاندىن شۇ ئاچقۇچنى ئاپىدىغان ئوخشايمىز.

**ئىمىن ئەخمىدى:** تەبىئەت شۇ. ئىشقىلىپ بىز كۆزقارىشىمىزنى بىر قېتىم يېڭىلىمىساق بولمايدۇ. بىز ئىدىيە جەھەتتە ئوبدان ئازاد بولمىدۇق. بىزدە داۋاملىق ھالدا بىر خىل ئەگەشمىچىلىك ئېغىر. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئەزەلدىن بېرى مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن. يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بېرى بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزدە دوراش، ئەگىشىش ئېغىرلىشىپ كەتتى. بىز خاسلىقنى يوقىتىپ قويۇۋاتىمىز.

**ئەخمەت ئىمىن:** مېنىڭ 50 - يىللاردىن بۇيانقى ئەدەبىيات بىلەن سەل تونۇشلۇقۇم بار. كىچىكىمدە ئەدەبىياتنى سۆيۈپ ئوقۇيتتۇم، كېيىن نەشرىياتتا ئەدەبىي تەھرىر بولۇپ ئىشلىدىم. بىز ئەدەبىياتتىكى ھادىسىلەرنى سۆزلىگەندە ئاددىيلا بىر تەرەپلىمە ھالدا پىكىر قىلساق بولمايدۇ. مەن ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىنى بىنا سالغاندىكى خىش بېسىشقا ئوخشىتىمەن. خىش بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى بېسىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تام ئېگىزلەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى ئەدەبىياتقىمۇ شۇ نۇقتىدىن باھا بېرىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ كېيىنكى ئەدەبىياتىمىز ئاشۇ ئەدەبىيات ئاساسىدا تەرەققىي قىلدى. 60 - يىللاردا ئەدەبىياتقا ئورۇن قالمىدى. ھەقىقىي ئەدەبىيات پەقەت خاتىرىلەرگە كۆچۈرۈلۈپ قولىيازما ھالەتتە يوشۇرۇن تەرەققىي قىلدى. بۇ ئىچ - ئىچىگە سىغمايۋاتقان، پارتلاشنى كۈتۈپ تۇرغان ئەدەبىيات ئىدى. 80 - يىللارغا كەلگەندە زاماندا كەڭچىلىك بولدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەدەبىيات بىراقلا پارتلاپ چىقتى. 80 - يىللاردا ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم پەللە ھاسىل قىلغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمىسا كېرەك، دەپ قارايمەن. ئالدىنقى بىر مەزگىللىك بورۇقتۇرمىچىلىق ئەدەبىياتنى مۇشۇنداق بىر پەللىگە كۆتەردى، دەپ قارايمەن.

80 - يىللاردا ئەڭ دەسلەپ ھېكايىچىلىق ياخشى بىر قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھېكايىچىلىقىمىزدىمۇ بەزىبىر ياخشى ئەسەرلەر بار ئىدى، لېكىن كۆلەم يارىتالمىغان.



80 - يىللارنىڭ ئاخىرى 90 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ياشلارنى مەركەز قىلغان،

www.uyghurkitap.com

كىشىلەر تەرىپىدىن گۈڭگا شېئىر دەپ ئاتالغان يېڭىچە بىر شېئىرىيەت ھەرىكىتى قوزغالدى. بۇ شېئىرىيەت، مەيلى كىشىلەر ئۇنداق ياكى مۇنداق باھا بەرسۇن، مېنىڭچە، مۇنداق بىر ۋەزىپىنى ئورۇندىدى دەپ قارايمەن؛ بۇ شېئىرلار شېئىرىيەتكە ناھايىتى قاتتىق بىر تەلەپنى قويدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر «شېئىر دېگەن نېمە» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە قايتا ئويلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ياخشى بولدى. بۇ شېئىرلاردىمۇ بەزىبىر نۇقسانلار مەۋجۇت. ئەمما بۇ نۇقسانلار بارا - بارا تۈزۈلىدۇ دەپ قارايمەن. 90 - يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پۈۋېستچىلىق تەرەققىي قىلدى. ئەنە شۇ ئاساستا بۈگۈنكى كۈندە رومانچىلىقىمىز مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولدى.

بىزدە تارىخىي رومان ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار» رومانىدىن باشلاندىمىكىن دەپ قارايمەن. ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تارىخىي رومانلىرىدىن كېيىن تارىخىي رومانچىلىق ناھايىتى قىزىق بىر ۋاقىتقا ئايلاندى ھەم بۇ ھەقتە بىر ئەندىزە تىكلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا نىسبەتەن مېنىڭ قارىشىم مۇنداق، بىزنىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن ناھايىتى دۇنياۋى ئەسەر دەپ تونۇشتۇرغان نەرسىلىرىمىزنىڭ بەزىرى بولمىدى، بولدى دېگەندىمۇ ناھايىتى تار دائىرىدە بولدى. لېكىن ئۆزىمىزنىڭ رومانلىرىنىڭ بەزىرى ھازىرغىچە ئۆزىنى يوقاتمىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىزنىڭ رومانلىرىمىزنىڭ سانى 60 - 70 كە چىقىپ قالدىغۇ دەيمەن. يېقىندىلا مەن بىلگەن ئۈچۈرغا قارىغاندا يەنە 10 دەك رومان بار. قارىغاندا مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ماڭساق كېلەر يىلنىڭ ئوتتۇرىغىچە رومانلىرىمىزنىڭ سانىمۇ 100 گە يېتىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ بىر ياخشى ھادىسە، مېنىڭ دەسلەپكى مۆلچەرىمگە قارىغاندا بىزدە بىر سان پەيدا بولدى. ئەمدى سۈپەت مەسىلىچۇ دېگەندە، بىزدە رومانلارغا بۇ ئۆلچەمنى قويۇشقا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت قالمىدىمىكىن دەيمەن. كېچىكسەك ئىككى يىلدىن كېيىن ياكى بولمىسا كېلەر يىلنىڭ ئاخىرى بۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، دەپ قارايمەن. بۇنى مەلۇم ۋاقىتتىن بازار بەلگىلەيدۇ. بۇرۇن ھەرقانداق بىر رومان نەشر قىلىنسا 10 مىڭ، 20 مىڭلاپ تارقىلاتتى، ھازىر 5 مىڭ، 6 مىڭدىن ئاشمايدۇ. 10 مىڭغا يەتكەن رومانلىرىمىز بەك ئاز. دېمەك ئوقۇرمەنلەرمۇ رومانلارنى بىرقۇر كۆرگەندىن كېيىن ئەمدى ياخشىسىنى تاللاشقا باشلىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلىپىنىڭ ئارتىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ يازغۇچىلارمۇ ئىجادىيەتتە ئۆزىگە تەلەپنى چىڭراق قويۇشقا باشلايدۇ. دېمەك، بۇ ئەسىردە باشلانغان رومانچىلىق كېلەركى ئەسىردە ئاستا - ئاستا مۇكەممەللىشىدىغان بىر خىل يۈزلىنىش بولارمىكىن دەپ قارايمەن.

ئەمدى نەزەرىيە مەسىلىسىدە، بىزدە 50 - يىللاردىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسىي ئەندىزە قىلىنغان. ھازىرمۇ بۇنىڭدىن ئانچە يىراقلاپ كەتكەندەك ئەمەس. بىزدە كېيىن چىققان نۇرغۇن نەرسىلەرمۇ ئاشۇ تەييار، ئۆگۈنۈلۈشۈپ قالغان نەزەرىيىلەرنى ئېلىپ ئەسەرلەرنى شۇنىڭغا تەدبىقلاش، ياكى تەييار قېلىپقا بىزنىڭ لېيىمىزنى سېلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ يەردە ئېيتماقچى بولغىنىم، بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىز بىلەن تەنقىدات ماس قەدەمدە ماڭالمىدى. بىز تا مۇشۇ كۈنگە قەدەر باشقىلارنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىياتىغا باھا بېرىپ كېلىۋاتىمىز.

كېيىنكى ئەسىردە ھېچبولمىغاندا ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇرۇنقىسى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى ئۆز ئالدىغا مەلۇم مىزان سۈپىتىدە بەلگىلىۋالالايدىغان ئۆزىمىزگە خاس بىر نەزەرىيە سىستېمىسى چوقۇم ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، دېگەن ئىشەنچىم بار.

**ئەسەت سۇلايمان:** مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بەزى كۆزقاراشلىرىمنى دەپ ئۆتەي. دېمىسىمۇ ھازىر يېڭى ئەسىر باشلىنىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بىر پەيتتە بىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ 20 - ئەسىردىكى تەرەققىيات مۇساپىسى ھەققىدە ئويلىنىدىغان، شۇنداقلا كېيىنكى ئەسىرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قىلىدىغان بىر مەزگىلدە تۇرۇۋاتىمىز. مۇشۇنداق شارائىتتا چوقۇم بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىمىزنى ئەسلەپ ئۆتۈش ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتىدەك

بىر ئەھۋال بولۇپ قالدى. مەن ئويلايمەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 20 - ئەسىردىكى تەرەققىيات مۇساپىسى ئەمەلىيەتتە 20 - ئەسىردىكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى بىلەن زىچ بىردەكلىككە ئىگە. بۇ يۈز يىل جەريانىدا نۇرغۇن بوران - چاپقۇنلار بولدى. ئاخىرىدا ئەدەبىياتىمىز ئۆزىگە بىر چىقىش يولى تېپىش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدەندى. بىز مۇشۇ يۈز يىللىق ئەدەبىياتنى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەپ ئاتاۋاتىمىز. ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا تېخى بەزى مەسىلىلەر ھەل بولمىدى، دەپ قارايمەن. ئۆزىمىزنىڭ مىڭ يىللىق ئەدەبىيات تارىخىنى ئەسلىسەك، بۇ ئەدەبىيات ئومۇمەن شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت چوڭ بىر چەمبەر ئىچىدە تۇرۇپ كەلگەن.



ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ دۇنيا ۋەزىيىتىدە كۆرۈلگەن چوڭ ئۆزگىرىش بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىمۇ رەسمىي ھازىرقى زامان مەنىسىگە ئىگە بىر ئەدەبىياتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەقەززا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىزدە ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئەدەبىيات شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ ئەدەبىيات شەكىللىنىش جەريانىدا نۇرغۇن زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلدى. يېڭى ئەدەبىياتنى بۇرۇنقى مىڭ يىللىق ئەدەبىياتنى ئاساس قىلىپ يارىتىش كېرەكمۇ ياكى باشقا تەسىرلەر ئاساسىدا يارىتىش كېرەكمۇ؟ مۇشۇ مەسىلىلەر بويىچە دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ قىستىشى بىلەن بىزنى ئەسلى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىدا يېڭى ئەدەبىيات يارىتىشتىن مەھرۇم قىلدى. مەسىلەن، رۇس ئەدەبىياتى بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ يارىتىلىشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن تاشقى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. 1870 - يىللاردىن كېيىن رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى بىلەن رۇس مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. يېڭى زامان ئەدەبىياتىدا رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولدى. بىز ھازىرقى زامان مەنىسىگە ئىگە ئەدەبىياتىمىزنى ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، مەسىلەن، قازاق، ئۆزبېك، تاتار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا ياراتتۇق.

30 - يىللاردىن كېيىن بىز چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىدىن بارا - بارا يىراقلىشىپ كەتتۇق. شۇڭا 30 - يىللاردىن كېيىنكى ھازىرغىچە بولغان ئۇزۇن جەرياندا ئېلىپ بېرىلغان نۇرغۇن ئۇرۇنۇشلار ئەمەلىيەتتە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزىنى ئىزدەش جەريانى بولدى. 80 - يىللاردىن كېيىن غەرب ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ئەدەبىياتىمىزغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن ياشلىرىمىز ئارىسىدا بىر خىل قىزغىنلىق، چوقۇنۇش ئەۋج ئالدى. 90 - يىللاردىن كېيىن يەنىلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەسلى يىلتىزى بولغان قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىغا قايتىش خاھىشى پەيدا بولدى. شۇڭا 20 - ئەسىر ئەدەبىياتىمىزنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ دەپ قارايمەن. ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈز يىللىق تەرەققىياتىغا نىسبەتەن 80 - يىللاردىن كېيىنكى نەتىجىلەرگە ھېچكىم كۆز يۇممىسا كېرەك. كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە ئەدەبىياتىمىزدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، پروزا ساھەسىدە مۇنداق چوڭ يۈكسىلىشلەر بولدى دەپ قارايمەن:

تەبىئەت ئېكولوگىيىسى بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى چوڭ تېمىلارنىڭ بىرى. بۇ تېما بىزدە ئىپادىلەندىمۇ دېگەندە، باشقا دۇنياۋى يازغۇچىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاش تەلتۆكۈس، پەلسەپىۋى نۇقتىغا كۆتۈرۈلۈپ ئىپادىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ خىلدىكى تېما بىرقىسىم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. مەسىلەن، بۇنىڭ ئىچىدە مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ رومانى ۋە مۇھەممەت باغراشنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە مۇشۇ مەسىلە، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئۇلار ياشاپ كەلگەن تارىم ئويمانلىقى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر ئەدەبىياتقا كىرىپ كەلدى. خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى» دېگەندەك ئەسەرلەر بىۋاستە ھالدا مۇشۇ تېمىنى مەركەز قىلمىسىمۇ، لېكىن مۇشۇ تېما ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى يورۇتۇش تەرەپلەردە ئىزدىنىشلەر بولدى. بۇ ئىزدىنىشلەرنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزدا چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرى بوستانلىق بىلەن قۇملۇقنىڭ گىرەلەشمە مۇھىتىدا پەيدا بولغان. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ مۇھىتىنى چۈشىنىپ ئۇنى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئىپادىلىمىسەك، بىزدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىپادىلەنمىسە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ مۇھىم بىر نۇقتا. يەنە بىر نۇقتا مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ئەدەبىيات ئارقىلىق تونۇش مەسىلىسى. بۇنىڭغا ئوتتۇرا ياش ياكى ياش بىرقىسىم يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بىزدە 80 - يىللاردىن كېيىن پروزىدا جاراھەت ئەدەبىياتى گۈللەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى يېڭى شېئىرىيەت مەيدانغا كەلدى. مۇشۇ شېئىرلار ئارقىلىق بىزدە بىر ئېقىم شەكىللەندى. ئەينى چاغدا بىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنى، جۈملىدىن ئۆرپ - ئادەت، ئۇدۇم - ئىشەنچ قاتارلىقلارنى مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر خىل توسقۇنلۇق دەپ قارايدىغان كەيپىيات بار ئىدى. شۇڭا مۇھەممەت باغراشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» دېگەن ئەسىرىدە، ئەڭ ئاخىرىدا بىر بالا ياۋروپادىن قۇياشقا ئولتۇرۇپ قايتىپ كېلىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى مەدەنىيەتنى يېڭىلاش كېرەك. بىزنىڭ نۇرغۇن ئۇدۇملىرىمىز بىزگە پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ، دېگەندەك بىر خىل قاراش خاھىشى بولغان. لېكىن ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا (باغراشنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ) بۇ خىل قاراش ئۆزگەردى. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدىكى ئۇدۇملار شۇ مىللەتنىكى قالاق تەرەپ بولۇشى ناتايىن، مىللىي ئەدەبىياتنى ئۆزىنىڭ مىللىيلىقى ئارقىلىق دۇنياغا تونۇشتۇرۇش كېرەك، دېگەن بىر خىل ئاڭ شەكىللەندى. باغراشنىڭ كېيىنكى بەزى ئەسەرلىرىدە، مەسىلەن، «تۆت قولاق» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بىزدە ئۇنتۇلۇۋاتقان، تۇرمۇشتىكى ئاددىي ئەنئەنىۋى ئۇدۇم - ئىشەنچ قاتارلىقلارنى ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىپ، مۇشۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ روھىيىتىدىكى بەزى تەرەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەھۋاللار بولدى. توختى ئايۇپنىڭ «بۆشۈك» دېگەن ھېكايىسىدە ناھايىتى ياخشى بىر تېمىنى تۇتقان بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى نەتىجىسى ئادەمنى تازا قانائەتلەندۈرۈپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بىزنىڭ شەھەرلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان مەدەنىيىتىمىزنىڭ تۇرمۇشتىن سىقىپ چىقىرىلىۋاتقان بۆشۈكتىن ئىبارەت نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەتنىڭ سىمۋولىنى ئاساسىي نۇقتا قىلىپ مىللىي مەدەنىيەتكە نىسبەتەن بىر خىل قايتا ئويلىنىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ بەزى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللىي مەدەنىيەتكە نىسبەتەن قايتا ئويلىنىش، قايتا باھا بېرىش، ئۇنى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىللىي سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىدىغان بىر خىل كۆزنەك، مۇشۇ كۆزنەك ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدى، پسىخولوگىيىسى، ھەممە نەرسىنى ئاشكارىلىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىغان ئىدىيە بۇرۇلۇش جەريانى بولدى.

20 ـ ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ چوڭ يۈزلىنىشنىڭ بىرى، ئەپسانىنىڭ تىرىلىشى بولدى. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزمۇ 80 ـ يىللاردىن كېيىن ئەپسانە ئارقىلىق ھازىرقى ئىجتىمائىيلىشىۋاتقان، شەھەرلىشىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى مۇشۇ تېما ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بىر يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى. بۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىلا ئىپادىلىنىۋاتقان مەسىلە ئەمەس. چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ، گارسىيە ماركوسنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ تېمىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. ئەپسانىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا تىرىلىشى ھەرگىز تاسادىپىيلىق ئەمەس. ئەدەبىياتتا يازغۇچىلار ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبلارنى بۇزۇپ، قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ ھازىرقى كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتەك چوڭ يۈزلىنىش ئالدى بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن. مۇشۇ يۈزلىنىشكە ئەگىشىپ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىمۇ بىرقىسىم ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ يېڭى بىر يۈزلىنىش.

بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتىمىزدا يازما ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىز بار. مۇشۇلارنى قۇرۇلما جەھەتتىن تەتقىق قىلىش بىر خىل قىزغىنلىققا ئايلىنىۋاتىدۇ. لېكىن بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئىزچىل ھالدا يازغۇچى بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەنگەچكە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى تاشلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەمما ھازىرقى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى يېڭى بىر يۈزلىنىش ـ ئەسەرنىڭ ئۆزى، يەنى قۇرۇلما، تېكىستولوگىيە نۇقتىسىدىن ئەسەرنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭدىكى ئاپتور مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىنى يورۇتۇشتىن ئىبارەت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

داستان، ئېپوسلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى تەپەككۇر ئەندىزىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاپ چىقىشمۇ چوڭ بىر تېما. كلاسسىك داستان ـ ئېپوسلارنى قۇرۇلما نۇقتىسىدىن بۆلسەك، بۇلاردا نۇرغۇنلىغان ئانا موتىپلار بار. بۇ ئانا موتىپ، يەنى تېمىلاردىن خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى ئەدەبىي تەپەككۇر جەريانى ياكى تەپەككۇر ئەندىزىسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇ خىل نەرسە ھازىر بىزنىڭ پروزىمىزدا ئەكس ئەتتىمۇ، مۇشۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ھازىرقى پروزىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق دېسە، بۇ ئارىلىق بەك يىراقلاپ كەتتى. 80 ـ يىللاردىن كېيىن بەزى يازغۇچىلار بۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئايرىم ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەۋاتىدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى»، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» ناملىق ئەسەرلىرىدە ئەنە شۇنداق موتىپلار ئۇچرايدۇ. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزغا قۇرۇلما نۇقتىسىدىن تەھلىل ئېلىپ بېرىش ئادىتىنى تۇرغۇزمىساق بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، چوقۇم يېڭى ئەسىرنىڭ لايىھەسىمۇ تۈزۈلىشى كېرەك. يازغۇچىلىرىمىز بىلەن كىتابخانلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى ئويلىغاندا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېقىن كېلەچەكتىكى تەسەۋۋۇرى ھەققىدە بەزىبىر شەخسەن قاراشلىرىمۇ شەكىللەندى.

بىرى، يەنە بىر مەزگىلگىچە ئەدەبىياتىمىزدا تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر قىزغىنلىقى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا بىزنىڭ نۇرغۇن تارىخىمىز تېخى قېزىلمىدى. بىز ھازىر مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى قايتا تونۇشنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. مىللىتىمىزدە مىللىي ئاڭ ئويغىنىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قايتا تونۇش ھالىتى شەكىللەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، بىزدە تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر قىزغىنلىقى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل داۋاملىشىشى مۇمكىن.

ئىككىنچىسى، ئەدەبىياتىمىزدا خېلى بىر مەزگىلگىچە مىللىي مەدەنىيەت بىلەن ئەدەبىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىرەلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال داۋاملىشىشى مۇمكىن. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىكى نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەردىن پايدىلىنىپ، ئەدەبىياتنى مىللىي ئەنئەنىگە ئىگە قىلىدىغان بىر جەريان بىزدە چوقۇم شەكىللىنىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىسى، بىزدە يەنىلا ئاممىباب ئەدەبىيات بىلەن ساپ ئەدەبىي ئەسەرلەر بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھالەت يەنە بىر مەزگىل داۋاملىنىشى مۇمكىن. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى چوقۇم ھەممىسىدە سەنئەت قىممىتىگە ئىگە ئەسەر يېزىش كېرەك دېگىلى بولمايدۇ.

تۆتىنچىسى، مۇشۇ يېقىن كەلگۈسىدە بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلار قوشۇنىمىزنىڭ دائىرىسى تارىيىشى مۇمكىن. چۈنكى 80 - يىللاردىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر باشقا ساھەلەرگە ئەدەبىياتنى قالقان قىلىپ كىرىپ كەلدى. شۇڭا بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز ئىچىدە ئەدەبىيات ئارقىلىق نامى ئاتالغانلار خېلىلا سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا كەلگۈسىدە يازغۇچى، شائىرلار قوشۇنى تارىيىپ تۈرلەر خاسلىشىشى مۇمكىن.

بەشىنچىسى، يېقىن كەلگۈسىدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتى بىلەن بىر گەۋدىلىشىشى تېزلىشىشى مۇمكىن. چۈنكى مىڭ نەچچە يىلدىن بېرى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت چەمبەر ئىچىدە بولۇپ كەلگەن. مۇشۇ ئەسىردىمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خېلى قويۇق بولۇپ كەلدى. ھەتتا بەزى نەزەرىيىلەرمۇ مۇشۇ ئومۇمىي چەمبىرەك ئاساسىدا يارىتىلدى. ئەسىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىزنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىمىزمۇ بىرتۇتاش تۈزۈلۈپ، شۇ يەرلەردىن كىرگۈزۈلدى. گەرچە بۇ ئىشلار 60 - يىللاردىن كېيىن ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا قىزىقىش كەيپىياتى يەنىلا داۋاملاشتى. شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا مېنىڭ پەرىزىم چوڭ جەھەتتىن شەرق ئەدەبىياتىغا قايتىش، كىچىك جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتى بىلەن بىر گەۋدىلىشىش چوقۇم يۈز بېرىشى مۇمكىن. بىزدە شەرق ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئۇزۇن مەزگىللىك ئۆتۈشۈش ئەنئەنىسى مەۋجۇت.

ئالتىنچىسى، ھازىر باشقا ئەدەبىياتلاردا قوش تىللىشىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق بىر چۈشەنچە يوق. كەلگۈسىدە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەڭ نادىر ئەسەرلەر يەنىلا مىللىي تىلدا يارىتىلىدۇ.

**ئابدۇبەسىر شۈكرى:** بىز ھازىر ئەدەبىيات قوشۇنىدا، جۈملىدىن ياشلاردا ئۈزۈلۈش بولۇشى مۇمكىن دەۋاتىمىز. مېنىڭچە چوقۇم بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئاجايىپ چوڭ ئۈزۈلۈش بولىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىمىز ئاجىز، بىز بىرنەچچە پارچە شېئىر يېزىش بىلەن شائىر بولۇپ كېتىمىز. بىزدە ئىلمىسىزلىكتىن، ساپاسىزلىقتىن يالغانچىلىق ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بىز تېخى ئەدەبىياتنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتمىدۇق. يېڭى ئەسىردە نېمىنى يېزىش مەسىلىسىنى يازغۇچىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى بەلگىلەيدۇ.

ياپونلاردا شېئىر توپلىمى چىقىرىش تەس ئەمەسكەن. بىر ئايلىق مائاشىنى سەرپ قىلسىلا بىر توپلام چىقىرىش ھېچقانچە ئىش ئەمەسكەن. ئەمما بۇنداق توپلام چىقىرىش بىلەن ئۇلار شائىر بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە شائىر بولۇش ئۈچۈن چوقۇم دۇنياغا تونۇلۇش كېرەك. شۇندىلا ياپونلار ئۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، بىز ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇشىمىز كېرەك، ئۆگىنىشىمىز كېرەك، شۇندىلا ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرمەي تۇرۇپ ئەدەبىياتنىڭ ساپاسىنى

ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ.



**ئەزىزى:** ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بېرى مەيلى ئەدەبىيات بولسۇن ياكى باشقا پەنلەر بولسۇن، كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن خەلق. مەن بىلسەم بىزنىڭ ئۆيدە چوڭ بىر ساندۇقتا كونا مۇقاۋا بىلەن مۇقاۋىلانغان 20 - 30 پارچە كىتاب بولىدىغان. بۇلار مېنىڭ بوۋام ساقلىغان كىتاب بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بوۋام بىر ساۋاتسىز ئادەم ئىدى. كېيىن بىلسەم ھەممىلا ئۆيدە دېگۈدەك ئەنە شۇنداق كىتابلار بولىدىكەن. بۇ كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغانلار ئوقۇيدىكەن، ئوقۇيالمايدىغانلار ئۇنى شۇ ئائىلىنىڭ بىساتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە قەدىرلەپ ساقلايدىكەن.

ھازىرمۇ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ كىتابقا بولغان قىزىقىشى ناھايىتى ياخشى. ئەمما ئۇلارنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشقا بولغان ئەمەلىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى بۇ قىزىقىشنى مەلۇم نۇقتىدىن چەكلەپ تۇرماقتا. يېقىندىن بېرى ھەرقايسى نەشرىياتلاردىن كۆپلىگەن قىممەتلىك كىتابلار نەشر قىلىندى. ئەمما بىرلا يېرى، بۇ كىتابلارنىڭ باھاسى بەك قىممەت، ئەمما نەشرىياتلارمۇ كىتابلارنىڭ باھاسىنى بازار ئىقتىسادى بويىچە ئۆلچىمىسە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن تەقدىر شۇنداق. دېمەك، ساپا بىلەن ئىقتىساد مېنىڭ قارىشىمچە ھەر ۋاقىت بىر - بىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان ئامىللارمىكىن دەيمەن.

بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلىنى قىستۇرۇپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىزدە قەلەم ھەققى باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىكەن. شۇنداقتىمۇ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز شۇنىڭغا شۈكرى قىلىپ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۇنتۇپ قالماي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئەدەبىياتىمىز يەنىلا ئۆزىگە خاس كۆلەمنى ساقلاپ كەلدى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، 80 - يىللاردا ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى بىرقەدەر مەركەزلەشتى. مەيلى ئەدەبىيات - سەنئەت ئورگانلىرى بولسۇن، مەيلى گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى بولسۇن، بۇ ئىشتا بەلگىلىك پائالىيەت كۆرسەتتى. شۇڭا ئەدەبىياتتىمۇ بىرقەدەر جانلىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. يېقىنقى چاغلارغا كەلگەندە ئەدەبىياتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى بارا - بارا سۇسلاشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبىمۇ مەلۇم نۇقتىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بېسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

**ئىمىن ئەخمىدى:** ئەدەبىياتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدە نۇرغۇن ئامىللار بار. بازار ئىگىلىكى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن شەخسىيەتچىلىك، پۇلپەرەسلىك، ئۆزىنىڭ شەخسىي تەقدىرىنىلا كۆزلەپ ئومۇمىي تەقدىرنى نەزەردىن ساقىت قىلىش، يالغانچىلىق، چېقىمچىلىق، ھەتتا ئەدىبلەر ئارىسىدىكى بىر - بىرىنى ياراتماسلىق، تەشكىلىي قوشۇندىكى گۇرۇھۋازلىق مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىيات قوشۇنىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىكى ئەھۋال. راستىنى ئېيتقاندا، ھازىرقى قوشۇن 80 - يىللاردىكىدەك ئۇيۇم ئەمەس. 80 - يىللاردا ئىسلاھات ۋە بازار ئىگىلىكى يېڭى يولغا قويۇلۇۋاتقان، شارائىت ھەر جەھەتتىن تەس بولۇۋاتقان بولسىمۇ ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ ئۇيۇشۇش قىزغىنلىقى كۈچلۈك ئىدى.

ئەدەبىيات قوشۇنىدا بىر - بىرىنى ھىمايە

قىلىدىغان، يۆلەيدىغان، ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرىدىغان مېھىر - مۇھەببەت كەملەپ كەتتى. ئومۇمەن، ئابدۇبەسىرنىڭ گېپىگە چوڭقۇر بىر مەنە يوشۇرۇنغان. پۈتۈن مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى چوقۇم ئەدىبلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ناھايىتى زور بىر تېما بولۇشى كېرەك. ساپا - بىرىنچىسى بىلىم، ئىككىنچىسى قابىلىيەت، ئۈچىنچىسى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان نەرسە. بىلىمنىڭ ئۆزى ساپا ئەمەس. نۇرغۇن بىلىملىك ئالىملىرىمىز بار، ئۇلاردىكى ساپا بىر دېھقاننىڭ ساپاسىغا يەتمەيدۇ. ئەدىبلەر - مىللەتنىڭ كۆركى، گۈلتاجىسى، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ئەگەر بۇلاردا بۇزۇلۇش ۋە ئىللەت بولسا، ئۇ چاغدا يېڭى ئەسىر ئەدەبىياتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۆزىمىز بىلەنلا بولۇپ كېتىپ مىللەت تاشلىنىپ قالسا، بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇرچىنى تونۇمىغان بولىمىز. ئەگەر يەنىلا بىر بىلىم قۇرۇلمىسى، يېڭى بىر روھ، يېڭى بىر ساپا بولۇشى كېرەك دېگەندە، ئۇ چوقۇم ئەدىبلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان چوڭ بىر تېما بولۇشى كېرەك. ئەگەر يېڭى ئەسىردە ئەدەبىياتىمىزدا بىر ئىش قىلىمىز دېسەك، شەخسىي ئاھۇزارلاردىن كېچىپ، تېمىنى ئومۇمىيلىققا يۆتكەپ ئىنساننىڭ ھاياتىغا دادىللىق بىلەن تىك قارىشىمىز لازىم.

بىزدە ئەدەبىي تەنقىد بەك ئاجىزلاپ كەتتى. ھەتتا رەڭۋازلىق بىلەن توشۇپ كەتتى. يازغۇچى، شائىرلار مەخسۇس ماقالە يازىدىغانلارنى ئىزدەپ ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە ماقالە يازدۇرۇۋاتىدۇ. ئەھۋال مانا مۇشۇنچىلىك. بۇ ھەقتە سۆزلىسەك قايناپ كېتىمىز. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىش كېرەك.

**مامبەت تۇردى:** ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاساسلىق ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر نېمە دېسە، بۇنىڭ بىرى، ژۇرناللاردىن تولۇق پايدىلىنىش مەسىلىسى ھەل بولماي كېلىۋاتىدۇ. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتىنى باشلاپ بەردى ھەممە ئۇنى بىر ئىزغا سېلىشقا ھەسسە قوشتى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىمۇ ئۆزۈن يىللىق تىرىشچانلىقتىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئوبرازىنى نامايان قىلماقتا. لېكىن نۇرغۇن ژۇرناللىرىمىز قەغەز ئىسراپ قىلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ئەدەبىياتنى ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن يېتەكلىسەك بولىدۇ. ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىجادىيەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇيۇشتۇرۇشقا سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

بىز ئەدەبىياتتا ئەڭ ئەقەللىي بىر تېخنىكىلىق مەسىلىگە سەل قاراۋاتىمىز. ئەدەبىياتتا تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ياخشى ھەل قىلىنمىسا ئۇنىڭ ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شېئىرىدىمۇ نۇرغۇن شەكىلۋازلىقلار بار. ئىجادىيەت يېڭىلىق دەيمىز، بۇ يېڭىلىق ھەم شەكىلدە، ھەم مەزمۇندا ئىپادىلىنىدۇ. بىز ئەدەبىياتقا غايە بىلەن، تەسەۋۋۇر بىلەن ئەمەس، كونكرېتنى مۇئامىلە قىلساقمىكىن دەيمەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ژۇرنالچىلىقتا مۇنداق بىر تەجرىبىسى بار: ھەر بىر سان ژۇرنالدا نۇقتىلىق ھالدا ئىككى - ئۈچ ئەدىبنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئاشۇ ئەدىبلەرنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى ياكى ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئىجادىيەت نەتىجىسىنى بىراقلا بېرىدۇ. شۇندا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى ساپاسى، ئۇنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقى ياكى بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقى گەۋدىلىنىدىكەن.

ھازىر ئەدەبىياتتا ژانىرلار تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، درامچىلىق تۆگىدى، VCD بازىرىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ كىنو سېنارىيىسى ئازراق تەرەققىي قىلدى. قالغىنى پەقەت شېئىر ۋە پروزا بولدى. ئەگەر بازار ئۆزى شاللايدۇ دەپ يۈرۈۋەرسەك، يامان تەرەپكە شاللىنىۋېتىشىمۇ مۇمكىن.



# ئەدەبىيات «بازىرى»دىكى تىلغا ئېلىنمىغان ئىشلار

(ئەدەبىي ئاخبارات)

قادىر ئەكبەر

ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەزى زىيالىيلار ئارىسىدا يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان «خەلق ئەدەبىياتقا قىزىقمايدىغان، شېئىرلارنى ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالدى...» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالدىم. گەرچە بۇ سۆزنىڭ تېگىدە ئۆپكىلەش، رەنجىش مەنىسى يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، مېنىڭچە ئەدەبىياتقا قىزىقماسلىق، شېئىرلارنى قىزىقىپ ئوقۇماسلىق ئەيىبىنى خەلققە دۆڭگەشكە، خەلقتىن رەنجىپ، ئۇلارنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ!

## تىرىلگەن تىجارەت

ھازىرقى زامان نەشرىياتچىلىق ئۇسۇلى تېخى مەيدانغا كەلمىگەن زامانلاردا شائىرلار، يازغۇچىلار ۋە باشقا ئىجادكار زىيالىيلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلق ئىچىگە ئۆز ۋاقتىدا تارقىلىپ، خەلققە مەنىۋى ئوزۇق، ئاڭ - سەۋىيە بەخش ئېتىپ كەلگەن ھەمدە مىللەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىپ، جاھالەتنى يۇيۇپ، خەلقنىڭ قەلبىنى پاكلاپ، مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقىنى يارانقان. مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، بولۇپمۇ نەشرىياتچىلىق تارىخىدىن تولۇق خەۋىرى يوق كىشىلەر «كونا زاماندا نەشرىيات ئورگانلىرى، گېزىت - ژۇرناللار بولمىسا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى جەمئىيەتكە قانداق تارقىلاتتى؟ كىتابلار قانداق بېسىلاتتى؟» دەپ سوراشلىرى مۇمكىن. گەپ ئەنە شۇ يەردە. ھازىر ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرىدا، مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان ئەدەبىي ئابىدىلەر، سانسىزلىغان قوليازمىلار بىزگە شۇنى سۆزلەپ بېرىدۇكى، زامانىۋى نەشرىياتچىلىق ئۇسۇلى ۋە مەتبۇئاتچىلىق جارى بولمىغان زامانلاردىمۇ ھەر خىل ئىلمىي، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ خەلق ئىچىگە تارقىلىشى ئۆكسۈپ قالمىغان. شۇڭا خەلق ئۇنى سۆيۈپ، قەدىرلەپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرغان.

تارىختىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۆتكەن ئەسىرلەردە بازار تىجارىتى ئىچىدە ئەڭ قىزىق، ئەڭ ئىنتىك تىجارەت كىتابپۇرۇشلۇق – ناشىرلىق (نەشر قىلىپ سېتىش) تىجارىتى بولغان. خەلق ئىچىدە نام چىقارغان بىرەر شائىر، پەيلاسوپ ياكى ئالىم كەبى ئىجادكار زىيالىيلار ناشىرلار تەرىپىدىن بەس - بەستە يوقلىنىپ تۇرغان. بىرەر يېڭى ئەسەر يېزىلىپ پۈتكەنلىكى مەلۇم بولسا، ناشىرلار ئۇنى نەشر قىلىشنى بەس - بەستە تالىشىپ ئەڭ ماھىر چاپچىلار (بېسىپ تۇپلىگۈچىلەر) نى تېپىپ، ۋاقتىدا نەشر قىلىپ بازارغا سالغان. ئەرەب، پارس، ئوردۇ ۋە باشقا

تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭمۇ خېرىدارى ناھايىتى كەڭ بولغان. بازارنىڭ بۇ تىجارىتى يالغۇز پۇل تېپىشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي مەسىلىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خەلق ئىچىدە خەتتات، رەسسام، مۇھەررىر، تەرجىمانلارنىمۇ يېتىشتۈرۈپ، مىللىي مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، خەلقنىڭ مەرىپەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش رولىنى ئوينىغان. تارىخىي يازما ئابىدىلەر ئىچىدە، ئەدەبىي ـ بەدىئىي ئەسەرلەردىن باشقا، ئاسترونومىيە، خىمىيە، جۇغراپىيە، تارىخ، پەلسەپە، مېدىتسىنا، بىناكارلىق، ئانتروپولوگىيە قاتارلىق ئىلىملەرگە ئائىت ئەسەرلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەنە شۇ ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ تارقىلىشىدا قەشقەر، خوتەن، يېڭىسار، غۇلجا، سۈيدۈڭ، يەكەن، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلەردىكى چاپخانىلار (تاش مەتبەئە نەشرىياتلىرى) ۋە شۇ شەھەرلەردىكى ناشىرلار بىۋاسىتە چوڭ رول ئوينىغان. ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئەدەبىي ـ بەدىئىي ئابىدىلەر ئىچىدە 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردە يېڭى ھىسار (يېڭىسار) دا چاپ قىلىنغان «دىۋان ناۋائىي» ، «دىۋان ھېكمەت» ، «دىۋان مەشرەپ» قاتارلىق توپلاملار ھەمدە سۈيدۈڭ ـ كۈرەدە بېسىپ تارقىتىلغان «كىتاب ھەندەسە» (گېئومېترىيە كىتابى) ، «جامىئۇل تاۋارىخ» (ئومۇمىي تارىخ ـ دۇنيا تارىخى) ، تۇرپاندا كۆپەيتىپ بېسىپ تارقىتىلغان «مەلۇماتى ئافاق» (ئالەم ھەققىدە مەلۇمات) ، خوتەندە بېسىپ تارقىتىلغان «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» (ھۆكۈملەر ـ قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر توپلىمى ـ ئاسترونومىيە، ئاسترولوگىيە، ئىقتىسادىي، سىياسىي جۇغراپىيە، ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىغا ئائىت مۇھىم ئىلمىي مەلۇماتلار توپلىمى) قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەر باركى، بۇ ئەسەرلەر ھازىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن تارىخىنىڭ مۇھىم دەلىلى سۈپىتىدە ئالاھىدە تەتقىق قىلىنماقتا. بۇ ئابىدىلەرنىڭ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىشىدە بازار ئىقتىسادىدىكى ناشىرلىق تىجارىتىنىڭ تۆھپىسى بار، ئەلۋەتتە.

ئالىمنىڭ ئىختىراسى، ئىلمىي گىپوتېزىسى (ئىلمىي ـ نەزەرىيىۋى ئىنىقلىمىسى) شائىرنىڭ ئىنسان قەلبىگە تەسىر قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەۋرىتىدىغان ئوبرازلىق شېئىرلىرى، يازغۇچىنىڭ ھايات ئەينىكى بولغان بەدىئىي ئەسەرلىرى ئۆز ۋاقتىدا خەلق ئىچىگە تارقىلىپ، ئىنتىزار بولغان قەلبلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرمىسا ئۇنىڭ نىمە پايدىسى بولىدۇ. ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ (پىكىر قىلىش پائالىيىتىنىڭ) ئەھمىيىتى ئىنسانغا تەسىر ئۆتكۈزۈشتە، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى پائاللاشتۇرۇشتا گەۋدىلىنىدۇ.

ئادەمزات تەبىئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن، قىزىققان نەرسىنى تېز قوبۇل قىلىدۇ، ئۆزى قوبۇل قىلغان نەرسە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇ بىر تەبىئىي قانۇنىيەت.

بازار يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۆزى خالىغان، كۆڭلى ئىنتىلگەن تاۋارلارنى تاللاپ سېتىۋالالايدىغان بولدى. مانا بۇ بازار ئىگىلىكىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىدۇر. ھازىرقى ۋاقىتتا ھەممە ساھە بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندى. شۇ قاتاردا ئەدەبىي مەھسۇلاتلارمۇ بازارغا يۈزلەندى. بۇ ھال تەبىئىي ھالدا نەشرىياتچىلىق ساھەسىنىمۇ بازارغا سۆرەپ كىرمەكتە. نەشرىيات بازىرى ئېچىلغانىكەن، دېمەك، نەشرىيات مەھسۇلاتلىرىنى تاللاش كەيپىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى تەبىئىي. بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

مەملىكىتىمىزدە بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە ئەركىن بازار ئىگىلىكىنىڭ قىسمەن تۈرى يەنىلا ساقلىنىپ، راۋاجلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن نەشرىياتچىلىق بازىرى ـ كىتابپۇرۇشلۇق، ناشىرلىق ـ بېسىپ سېتىش تىجارىتى 40 ـ 50 يىل بازاردىن يوقالغانىدى.

بازار ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋى تەلىپى ھەمدە خەلقنىڭ مەدەنىي ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، بازار ئىگىلىكىدە يىگىرمە ئەسىردىن كۆپرەك ئەمەلدىن قالغان يۇقىرىقى تىجارەت (ناشىرلىق تىجارىتى) قايتا تىرىلىپ، بارغانسېرى جانلانماقتا. بۇ تىجارەت قايتا تىرىلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئومۇمىي ئېھتىياج ھەمدە زامان تەلىپىدىن يىراق بولغان نەشر بۇيۇملىرىنى بازارغا سېلىشتەك ناتوغرا ئۇسۇللاردىنمۇ خالىي بولالمىغانىدى. ئاردىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، بۇ تىجارەت توغرا ئىجابىي ئىزىغا چۈشۈپ، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرماقتا. مېنىڭچە، بۇ ياخشى ئەھۋال. بارا ـ بارا كېڭىيىۋاتقان نەشرىياتچىلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىجارەتچىلەر (ناشىرلار)

ئەمدىلىكتە ئىجادكار زىيالىيلارنىڭ بارغانسېرى دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلار ئىشلەپ چىقارغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى خەلققە ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزىدىغان، ئىلھامبەخش كۆۋرۈككە ئايلانماقتا.

دۆلەت خىراجىتى بىلەن نەشر قىلىنىۋاتقان گېزىت - ژۇرناللىرىمىز خەلق ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ھەربىر ئىجادكار زىيالىينىڭ ئەقلىي مەھسۇلاتى - ماقالە، شېئىر ۋە باشقا يازما نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، خەلققە يەتكۈزۈشكە يېتىشەلەمدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنداق ئىمكانىيەت يوق. چۈنكى گېزىت - ژۇرناللاردا بەت، ۋاقىت چەكلىمىسى ھەمدە ئىقتىسادىي تەڭقىسلىق مەۋجۇت. شۇڭا پەقەت دۆلەتكىلا تايىنىۋېلىش جەمئىيەتنىڭ زامانىۋى مەنىۋىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولماسلىقى مۇمكىن. دۆلەت قانۇنىغا رىئايە قىلغان، نورمال نەشرىياتچىلىق بازىرى - ناشىرلىق تىجارىتى بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، خەلقنىڭ مەنىۋى ئىشتىھاسىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق.

مەن بىر ئاددىي زىيالىي، قەلەم ئىگىسى بولغىنىم ئۈچۈن بازاردا سېتىلىۋاتقان نەشر بۇيۇملىرىغا دىققەت قىلىپ، بەزىلىرىنى سېتىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنى خەلقنىڭ نېمىلەرنى ئوقۇشقا قىزىقىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ كېلىۋاتاتتىم. باشتا بۇ ساھەگە سەل قارىغان بولسامۇ كېيىنچە، بولۇپمۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن بۇ ساھەنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش خاھىشى پەيدا بولدى.

## تىلسەڭ تاپارسەن، تېرىساڭ ئورارسەن

ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ، ھەپتىدە بىر قېتىم «نەنمېن»، «دۆڭكۆۋرۈك» تەرەپلەرگە بارغاندا، شەخسىي كىتابپۇرۇشلار تەرىپىدىن سېتىلىۋاتقان بەزى نەشر بۇيۇملىرىنى ئۇچرىتاتتىم. بۇلار ناماز قائىدىلىرى، چۈش تەبىرى، ئايرىم ھۈنەر رىسالىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بىر كۈنى مەن «بۇلاقبېشى - سەنشىخاڭزا» بازىرىدىن سوپى ئاللايارنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «مەسلەكىن مۇتتەقىن» نىڭ بىر كىچىك بروشيورا شەكلىدە تۈپلەنگەن، لازىغا يېزىپ بېسىلغان تۈپلىمىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدا ناشىرنىڭ دېگەن باھاسىغا (بەش يۈەنگە) سېتىۋالغانىدىم. ئەكېلىپ ئوقۇپ باقسام نۇرغۇن يەرلىرى غەلەت يېزىلغاچقا كۆڭۈلدىكىدەك بەھرە ئالالماي قويۇپ قويغانىدىم. سوپى ئاللايار پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى سۆيگەن مەشھۇر شائىرلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز ۋاقتىدا (19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ 10 - 20 - يىللىرىدا) قازان، ئورېنبۇرگ، تاشكەنت شەھەرلىرىدە زامانىۋى مەتبەئەدە نەشر قىلىنغاندىن باشقا نەشر قىلىنمىغان. 1930 - 1940 - يىللاردا «مەسلەكىن مۇتتەقىن» تۈپلىمىنىڭ ئايرىم پارچىلىرى قەشقەرلىك ناشىرلار تەرىپىدىن قولىيازما ھالىتىدە تاش مەتبەئەدە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ نۇسخا ئاز مىقداردا تارقىتىلغانلىقتىن ھازىرقى كۈندە تاپقىلى بولمايتتى. «مەسلەكىن مۇتتەقىن» نى تېپىش مۇددىئاسى دىلىمغا ئورناشقاندىن بۇيان بۇ ئەسەر ۋە باشقا كلاسسىك مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتى بولغان، لېكىن ھازىرغىچە دۆلەت تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىنمىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ نەشر قىلىنىشى ئەمرى - مەھەل بولغان ئەدەبىي - بەدىئىي ئابىدىلەرنىڭ تىجارەتچى ناشىرلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرى ئۇچراپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىد بىلەن نەشر بۇيۇملىرىغا دىققەت قىلىدىغان بولدۇم.

بۇلتۇرقى جەنۇب سەپىرىدە، دەسلەپتە يەكەن شەھەر بازارلىرىدا تىجارەتچى ناشىرلارنى كۆزەتتىم. ئۇلار بېسىپ سېتىۋاتقان باسما بۇيۇملارنىڭ تولىسى پەندى - نەسىھەتلەر، مەشھۇر كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ماڭا تونۇشلۇق نەرسىلەر بولغاچقا، ئانچە ئېتىبار قىلماي، پەقەت يېزىق سەنئىتى ھەمدە بېسىلىش تېخنىكىسىنىلا كۆزىتىپ، مۇنداقلا قاراپ قويۇپ يۈردۇم. خوتەنگە كەلگىنىمدە بولسا ناشىر تىجارەتچىلەرنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ تىجارەتنىڭ ئېقىشىنى كۆزىتىپ باققۇم كەلدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى، خوتەن شەھىرىنىڭ ئاۋات «چۇقۇر بازار» ىدا ئوتتۇرا ياش بىر كىشىنىڭ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى، ئەتراپىغا نۇرغۇن بازارچىلارنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، توپنىڭ شالاڭ يېرىدىن ئۆتۈپ ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردۇم. قارىسام، ئۇ 16 فورماتلىق كۆپەيتىلگەن ۋاراقلارنى بىر بىلىكىگە ئارتىۋېلىپ، ئۆزى ئاشۇ ۋاراقتىكى شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ سېتىشقا باشلىدى. بۇ

ۋاراقلار ھەر بىرى بىر شېئىر ئىدى. بۇ شېئىرلار ئۆتكۈر ئەپەندى، روزى سايىت، مۇھەممەتجان راشىدىن ۋە ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىق شائىرلارنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ياكى ئاھاڭغا سېلىنىپ ئېيتىلغان مەشھۇر شېئىرلىرى ھەمدە خەلق قوشاقلىرى ئىدى. چىرايلىق ھۆسن خەت بىلەن نەقىشلىنىپ يېزىلغان ۋە كۆپەيتىلگەن بۇ شېئىرلارنىڭ ھەر بىر ۋارىقىنىڭ باھاسى 1.5 يۈەن، نامى ئانچە مەشھۇر بولمىغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەر بىر ۋارىقى 1 يۈەندىن سېتىلدى. ئەتراپقا توپلانغان بازارچىلار بۇ شېئىرلارنى بەس - بەستە سېتىۋېلىشتى. . . بىرمەھەل قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، مەنمۇ قىزىقىپ ئىككى ۋاراقنى سېتىۋالدىم - دە، سودا بىرئاز بېسىققاندىن كېيىن، ناشىردىن:

- بۈگۈن قانچىلىك ساتتىڭىز؟ - دەپ سورىدىم.

- 250 ۋاراقچە ساتتىم، - دېدى ناشىر.

- بۇنىڭدىن سىزگە قالىدىغان ساپ پايدا قانچىلىك؟ - سورىدىم يەنە.

ناشىر بىردەم جىم تۇرۇپ، بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قاراپ چىقتى - دە، قولۇمدىكى ھاسىنى كۆرۈپ، ئاندىن پەس ئاۋاز بىلەن:

- بۈگۈن ماڭا قالغان پايدا ئاران 70 كوي بولۇپتۇ، - دەپ جاۋاب بەردى.

- بۇ پايدىغا رازى بولدىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىسام، ئۇ:

- بىر كۈندە 70 كوي تاپسام، خۇدانىڭ بەرگىنى ئەمەسمۇ؟! ئەمما تولا ۋارقىراۋېرىپ گېلىم ئاغرىپ كەتتى. . . ئەجەب سوراپ كەتتىلىغۇ، بازار باشقۇرۇش ياكى باجخانىنىڭ ئادىمىمىكىن دېسەم ياشلىرى چوڭ ئىكەنلا، ئۇلار بۇنداق سىپىلىق گەپ قىلمايدىغان! . . . - دېدى ناشىر قورسىقىدىكى ئۆيلىغىنىنى ئېچىپ.

شۇ ئارىدا يېنىمدا بىر خېرىدارنىڭ:

- ئوھو. . . زەپ كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلىدىكەن - يا، ما گاداي! - دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇرۇلۇپ قارىسام، ئۇ خېرىدار قولىدىكى «دېھقان بولماق تەس» دېگەن شېئىرنى ئوقۇۋېتىپتۇ، - بۇ شېئىرنى رادىئودىن ئاڭلاپتىم، ئەمدى ئۆيۈمگە چاپلاپ قوياي بۇنى، - دېدى ھېلىقى خېرىدار ۋە شېئىرنى قاتلاپ قوينىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق، دېھقان سىياقىدىكى بىر ئادەم ئىدى. بۇ خېرىدارنىڭ يۇقىرىقى ئىنكاسى ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلدى. بۇ ئىنكاس شائىر روزى سايىتنىڭ «دېھقان بولماق تەس» دېگەن شېئىرىگە پۈتۈن خوتەن خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ھەممە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ بەرگەن ئادىل باھاسىغا، شېئىر ھەققىدىكى تەقرىزىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

ناشىرنىڭ مېنىڭ سالاھىيىتىم توغرىسىدىكى يۇقىرىقى شۈبھىلىرىدىن سەل خىجىللىق ھېس قىلدىم - دە، ئۆزۈم ھەققىدە ئازراق ئىزاھات بېرىشنى زۆرۈر تاپتىم:

- مەن بازار باشقۇرۇشنىڭ ياكى باجخانىنىڭ كادىرى ئەمەس، پېنسىيىگە چىققان بىر قېرى. پېنسىيىگە چىقىشتىن ئاۋۋال ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىشلىگەن، شېئىرغا، جەمئىيەت ئىشلىرىغا قىزىقاتتىم. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ شۇ ھەۋىسىم بويىچە بەزى نەرسىلەرنى يېزىپ يۈرىمەن. سىلى بېسىپ سېتىۋاتقان شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ھەممىسىنى تونۇيمەن. ئۆتكۈر ئەپەندىم بىلەن ھايات ۋاقتىدا بىللە ئىشلىگەن، خوتەنلىك روزى سايىت، غۇلجىلىق مۇھەممەدجان راشىدىن، ئۈرۈمچىلىك ئوسمانجان ساۋۇتلار بىلەنمۇ ئوبدان تونۇشىمەن، - دېدىم ئىشەنچلىك ھالدا. ناشىرنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، لېۋىدە كۈلكە ئىزى پەيدا بولدى.

- شۇ، مۇنداق قارىغاندا كۆڭۈللىرى تۈز ئادەمدەك كۆرۈندىلە، شۇڭا مەنمۇ سورىغانلىرىغا تارتىنماي جاۋاب بەردىم.

- مەنمۇ بۇرۇن خىزمەت قىلغان. . . دادامدىن كىچىك قالغاچقا دارىلئېتامدا (يېتىملەر مەكتىپىدە) ئوقۇغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ئەدەبىياتقا قىزىقاتتىم. ئۆزۈمچە شېئىرلارنىمۇ يېزىپ قوياتتىم. . . ئالىي كوپېراتسىيە قۇرۇلغاندا كوپېراتسىيىگە بوغالتىر بولغاندىم. كوممۇنا ۋاقتىدا بىر ئوبدان مۇئەللىملىك قىلىۋاتسام، «دۆپىگەي»① دەپ بىر ھەرىكەت كەلدى. مېنى «سىنىپىي تەركىبىنى يوشۇرغان ئۇنسۇر» دەپ تارتىپ چىقىرىپ كۈرەش قىلىنىشتى (يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا دادام «باي دېھقان» دەپ ئايرىلغانىكەن). 2 - 3 ئاي كۈرەش قىلىپ، رىجىمدا ئەمگەككە سالغاندىن كېيىن قوشۇن تازىلاشتا «سىنىپىي يات ئۇنسۇر» دەپ مۇئەللىملىك خىزمىتىدىن ھەيدىۋەتتى. . . كوممۇنادا ئىشلىدىم. ئەمگەر ئېغىر، نورما ئاز ئىدى. ھۈنەر بولمىغاندىكىن جان بېقىش تەس

① 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئېلىپ بېرىلغان «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» دەپ ئاتالغان سول ئاممىۋى ھەرىكەت!

ئىدى. خەقلەرنىڭ ئەرزىنى يېزىپ بېرىپ، شودۇپىنىڭ شوئارلىرىنى يېزىپ بېرىپ، دۇيدە ئاز - تولا ئابرۇي تاپتىم. نورمىدا، ئەمگەكتە دۇيجاڭلار ماڭا ئانچە - مۇنچە ئېتىبار بېرەتتى... كېيىن زامان كېڭەيدى، يەرلەر بۆلۈپ بېرىلدى، بازارلار ئېچىلدى، ھۈنىرى بارلار ھۈنەر قىلىپ، ئەمگىكى بارلا يەر تېرىپ باي بولۇش يولىنى تاپتى. «باي دېھقان» دېگەن ئاتاق كۆڭلۈمگە قاتتىق تەگكەنىكەن، «باي» دېگەن سۆزنى ئاڭلىسام يۈرىكىم بىر مۇجۇلغاندەك بولاتتى. خېلى ۋاقىتقىچە بارىنى يەپ، ئۆيدىكىنى سېتىپ خەجلەپ بالىلىرىمنى باقتىم، مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى تىجارەت قىلغان، سودىگەرچىلىك قىلغان ئادەملەر خېلى بېيىپ، ئات - ئۇلاغلىق، ۋېلىسىپىتلىك بولۇپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ مەندىمۇ تىجارەت قىلىش نىيىتى پەيدا بولدى. مەندە يا ھۈنەر ياكى پۇل بولمىسا، نېمە تىجارەت قىلاي؟ دەپ كۆپ ئويلاندىم. بۇرۇن باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئىشلىگەن بىر خىزمەتداش ئاغىنەم بار ئىدى. ئۇنىڭ يېقىندا ئۆرۈمچىگە بېرىپ، كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، بىر ئاخشىمى كۆرۈشكىلى ئۆيىگە باردىم. ئۈرۈمچىدىن بىر رەسىملىك كىتابنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. قارىسام، بۇ قولدا يېزىپ شېپىگراپتا بېسىلغان كىچىك كىتاب ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ ئىچىمگە جىن كىردى - دە، مەنمۇ شۇنداق كىتاب ساتسام بولماسمۇ... دەپ ئويلىدىم. بۇ ئويۇمنى ھېلىقى ئاغىنەمگە ئېيتسام، ئۇ: «توغرا ئويلاپسەن، سەن چىرايلىق يازالىغاندىكىن خەلق تەشنا بولۇپ ئىزدەپ يۈرگەن نەرسىلەرنى يېزىپ، كۆپەيتىپ ساتساڭ بولمامدىكەن؟! ھازىر فۇيىنجى دېگەن نەرسىمۇ بار. بىرنى يازساڭ نەچچە يۈز قىلىپ كۆپەيتكىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ تىجارەتكە كىرىشىشكە بەل باغلىدىم. باشتا مەشھۇر شائىرلارنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان - خەلق ياخشى كۆرگەن شېئىرلىرىنى توپلاشقا كىرىشتىم. ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىلىۋاتقان يېقىملىق ناخشا لېنتىلىرىنىمۇ يىغدىم. بەزىلىرىنى ئۆزۈم ھۆسنخەت بىلەن يازدىم، بەزىلىرىنى ھۆسنخەت يازالايدىغانلارغا ھەربىر ۋارىقى ئۈچۈن يەتتە موچەندىن پۇل بېرىپ يازدۇردۇم. ئاندىن بىر ۋارىقىنى ئۈچ موچەندىن دېيىشىپ كۆپەيتتىم. بار - يوقى 60 كوي دەسمى سېلىپ بۇ تىجارەتنى باشلىۋەتتىم. دەسلەپتە يېزا بازارلىرىدا سېتىشقا كىرىشتىم. قارىسام، خەقلەر بۇ شېئىرلارنى ئوبدان ئالىدىكەن، ھەتتا بەزىلىرى مەندىن «پالانچىنىڭ پالانى دېگەن شېئىرى يوقمۇ؟» دەپ سورايدىغان بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى بىر يېزا بازىرىغا بارىمەن. بۆلتۈردىن بۇيان خوتەن شەھەر ئىچىگە، قارىقاش، لوپ بازارلىرىغا بېرىشقا باشلىدىم. بارغان يېرىمدە كىشىلەر مېنى تونۇپ ماڭا ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدىغان بولدى: «پالانچىدا پالان دېگەن كىتاب بار. پالانچى دېگەن ئادەم شېئىر يازىدۇ...» دەپ مېنى خەۋەرلەندۈرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، مەن بىر تىرىك كىتابخانا، شېئىرپۇرۇچ سودىگەر بولۇپ قالدىم.

ناشىر ئوبدان بىر تىنىۋالدى - دە، جىم بولدى.

- ناھايىتى ياخشى سۆھبەتلەشتۇق، رەھمەت! يۈرسىلە، بىللە غىزالىنايلى، - دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ. ناشىر سەل تارتىنىپ:

- بولىدۇ، مەن مېھمان قىلاي، - دېدى. ئارتۇقچە تارتىشىپ تۇرماي بىللە غىزالىنىشقا ماڭدۇق. ئۇ مېنى يۆلەپ ماڭدى. ھاسامنى توكۇلدىتىپ داڭلىق بىر «گۆشگىردەخانا» غا كىرىپ «چۇقۇ بازار» نىڭ گۆشگىردىسىدىن يېدۇق (گۆشگىردە خوتەننىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەئىشىتى).

يۇقىرىقى سۆھبەت مەندە چوڭقۇر ھاياجان قوزغىغانىدى. ئۆيگە كېلىپ، بۇ ۋەقەنى خاتىرەمگە تەپسىلىي يېزىپ قويدۇم...

ناشىرنىڭ ئۆز ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسى گەرچە بىر ئاددىي زىيالىينىڭ سەرگۈزەشتىسى بولسىمۇ، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق قاتلىمىنىڭ مەنىۋى ئىشتىھاسى، ئەدەبىي مەھسۇلاتلارغا بولغان ھەۋىسى ھەمدە ئەدەبىي، شېئىري مەھسۇلاتلارنى تاللاش روھى، شۇنىڭدەك نەشرىياتچىلىق تەرەققىياتىغا نىسبەتەن بولغان تەلىپى - ئىنتىلىشىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ ھال ھازىرقى زامان نەشرىياتچىلىق ساھەسىنىڭ بازار ئىقتىسادىغا ئۇيغۇنلىشىپ، سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئۆتۈشىنىڭ ئەدەبىي مەھسۇلاتلار، نەشر مەھسۇلاتلىرىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە يۈزلىنىپ، ھەقىقىي ئىجتىمائىي ئېھتىياج ھەمدە ئاكتۇئال مەنىۋى تەلەپنى

www.uyghurkitap.com

قاندۇرۇشقا يۈزلىنىشىنى تەقەززا قىلغۇاتقانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر. خەلقىمىزدە «سەممىيەت ــ ئاشكارىلىقتا كۆرۈلىدۇ» دېگەن سۆز بار. ئاڭ ــ ئىدېئولوگىيە ــ بىر ئۇستقۇرۇلما، ئۇ ھامان بازىس ــ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئامىل بولالىغاندىلا ئىلغار بولغان بولىدۇ. ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىيالايدىغان ئاڭ ــ ئىدېئولوگىيىلا ــ ئىلغار ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيىدۇر. نەشرىياتچىلىق، جۈملىدىن ئەدەبىي، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مەقسىتى پۈتۈن جەمئىيەتنى، دەۋر كىشىلىرىنى ئىلغار ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەتكى، بۇ مەقسەت كىشىلەر روھىغا تەسىر ئۆتكۈزۈش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنە تەكرارلاشقا توغرا كېلىدۇكى، ئادەمزات تەبىئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن، قىزىققان، قەلبىنى ھاياجانغا سالغان نەرسىنى تېز قوبۇل قىلىدۇ. ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبىگە مەلھەم ـ تەسەللى بولىدىغان، ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيىنى جانلاندۇرۇشقا تەسىر قىلىدىغان ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا چوقۇم بىلىش زۆرۈرىيىتى بولغان ئىلمىي لەۋھەلەر ۋە ئەدەبىي پارچىلارنى دادىل ئېلان قىلغۇاتقان «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»، «تەڭرىتاغ» كەبى ژۇرناللار ھەمدە «ئاسىيا كىندىكى»، «ئۆرۈمچى كەچلىك گېزىتى» كەبى گېزىتلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە تىراژىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئېشىشى بىر ئەمەلىي پاكىت ئەمەسمۇ؟

مۇبادا خەلق ھىمايە قىلىدىغان، جەمئىيەت ئەمەلىيىتى تەقەززا قىلغۇاتقان ئاكتۇئال تېمىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى، تارىخىي قىممىتى بار ئەدەبىي ـ تارىخىي ئابىدىلەرنى رەسمىي نەشرىياتلاردا نەشر قىلىش ئىمكانىيىتى بولماي قالسا، بۇ ئىمكانىيەتسىزلىككە بويسۇنۇپ تاشلاپ قويۇش كېرەكمۇ ياكى بازارغا يۈزلىنىپ خەلقنىڭ، دەۋرنىڭ توغرا مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، خەلق ئىچىدىكى نەشر ئىمكانىيەتلىرىگە يول ئېچىپ، «يېشىل چىراغ» يېقىپ بېرىش كېرەكمۇ؟ بۇنى ئويلاپ كۆرۈشنىڭ زىيىنى بولماس.

### ناشىرنىڭ تەنبىھى

ھەيرانمەنكى، ئادەم نېمە كويدا يۈرسە، شۇنىڭغا دۇچ كېلىدىكەن. بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن، مەن بىر شەخسىي ھاجەتنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە دۆڭكۆۋرۈكتىكى «يېڭى ھايات» ئۈچۈر مۇلازىمەت مەركىزىگە بارغانىدىم. مەن تېگىشلىك خادىم بىلەن پاراڭنى تۈگىتىپ چەتكە قويۇلغان سافادا دەم ئېلىپ ئولتۇراتتىم. سىرتتىن كەكە ساقال بىر ئادەم كىرىپ، يېنىمدىكى كرېسلودا ئولتۇردى. ئاندىن بىر خادىمنى چاقىرىپ، ئوغلىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشى توغرىسىدا پاراڭلاشتى. ھېلىقى خادىم گەپ ئارىسىدا ئۇ كىشىدىن:

ــ ئۆزىڭىز نېمە ئىش قىلغۇاتىسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ نېمە ئىش قىلاتتىم، ماۋۇ نەرسىلەرنى بېسىپ سېتىپ يۈرىمەن، ئۇكام، ــ دېدى ـ دە، قولىدىكى يۆگەلگەن بىر ئورام قەغەزنى ئېچىپ كۆرسەتتى. قارىسام شېئىرلار ئىكەن.

شېئىرلارنى قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇپ كۆردۈم. ئاپتورنىڭ نامى يېزىلمىغان شېئىرلار كومپيۇتېردا ھۆسنخەت بىلەن بېسىلغان ۋە كۆپەيتىلگەنىكەن. شېئىر ئاپتورلىرىنى سورىدىم. بىر ئاپتورنىڭ نامىنى ئىبراھىم ئەمەت دەپ تونۇشتۇردى. شائىرلار ئىچىدە بۇ ئىسىمنى ئاڭلىمىغانىدىم. شېئىرىغا قارىغاندا، ئىجادىيەتكە ئەمدىلا كىرىشكەن ھەۋەسكار شائىرغا ئوخشايدۇ. شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى ياخشى ــ خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى گەۋدىلەندۈرگەنىدى. مەسىلەن:

ئەي، سۆيۈملۈك ئۇيغۇرۇم ساڭا شۇدۇر خىتابىم،
ئاق تاماكا ئورنىغا قورال بولسۇن كىتابىڭ.
قانۇن ـ تۈزۈم ئىچىدە ئادەم كەبى ياشىغىن،
بىلىم ئېلىپ بىر ئۆمۈر يامان يولنى تاشلىغىن.

دېگەندەك.

«ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەسرەتلىك سۆزى» ماۋزۇلۇق يەنە بىر شېئىردا:

بۇ دۇنيادا بار ئىكەن نەچچە خىل بالا،
تەقى - تۇرقى ئادەمدەك نىيىتى قارا.
ئاتا - ئانا يۈرىكىنى قىلىدۇ يارا،
ئۇلار قىلغاننى قىلمايدۇ ھەتتا ئات - كالا.
نېمىشقىمۇ تۇغۇلغاندۇ ئاشۇنداق بالا...

دەپ يېزىپ، ئەدەپسىز، ئەخلاقسىز بالىلارنى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئاھۇزارىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، جەمئىيەتنىڭ بالىلار تەربىيىسى جەھەتتىكى رولىنىڭ ئۈنۈملۈك بولمىغانلىقىنىمۇ تەنقىدلەيدۇ. شېئىرلار 6 ـ 7 خىل بولۇپ، ھەممىسى دىداكتىك تەربىيە مەزمۇنىدا ئىدى. بۇ شېئىرلارنىڭ بازىرى خېلىلا ئىتتىك بولۇپ، ناشىر بۇ شېئىرلارنىڭ ھەربىر ۋارىقىنى بىر يۈەندىن ساتقان. شۇڭا ھەر كۈنى كۆپەيتىپ تۇرغان. مەن شېئىرلارنى كۆرۈۋاتقىنىمدا، مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ خادىملىرىدىن بىرى ناشىرغا مېنى ئاددىيلا تونۇشتۇرۇپ قويدى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ئارتۇق سۆزلەشكە يول قويمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ناشىر ماڭا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلەپ شۇنداق دېدى:

— تەتقىقاتچى دېگەن ھەممە ئىشقا قىزىقىدۇ، شۇڭا مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي: ئىسمىم ئابدۇللا ھەبىبۇللا، تىجارەت ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چىققانىدىم. ناۋايلىق ھۈنىرىم بار. بۇ ھۈنەرگە دەسمايە تېپىپ ئىش باشلىغىچە باشقا تىجارەت قىلاي دەپ ئويلاپ، مۇشۇ شېئىرنى بېسىپ ساتىدىغان تىجارەتنى قىلىۋاتىمەن.

— كىشىلەر ئېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— پەندى - نەسىھەت، مىللەتنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى، ناچار ئادەملەرگە قارشى مەزمۇندا يېزىلغان شېئىر، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى خەلق ئوبدان ئالىدىكەن. بازىرىم يامان ئەمەس، كۈندە دېگۈدەك كۆپەيتىپ يۈرۈۋاتىمەن، — دېدى ئابدۇللا ئاكا ۋە يانچۇقىدىن بىر ۋاراق شېئىرنى ئېلىپ ماڭا ئوقۇپ بەردى.

— شېئىر سېتىپ يۈرۈپ شائىر بوپسىز - دە، — دەپ چاقچاق قىلدىم.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن بۇرۇنمۇ ئانچە - مۇنچە شېئىر يېزىپ قوياتتىم. بۇ ۋەقە ھەققىدىكى تەسىراتىمدىن بۇ شېئىرنىڭ ئىلھامى قوزغالدى، — دېدى ئابدۇللا ئاكا.

## بۇ راست گەپمۇ

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ئابدۇللا ئاكىنى «خانتەڭرى» جامەسى ئالدىدا يەنە ئۇچراتتىم. ئۇ يەنىلا شېئىر سېتىپ يۈرەتتى. ئۇ شېئىرلارنىڭ ئىچىدە «قىزلارغا نەسىھەت»، «كېلىن - قېيىنانا ھەققىدە» دېگەن شېئىرلار بار ئىدى. جامە ئالدىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە ئىشلەۋاتقان بىر خانىم:

— قىز - ئاياللارنى ئەيىبلەيدىغان شېئىردىن باشقا شېئىر يوقمۇ، سىزدە؟ — دەپ سورىدى.

— مانا بار، — دەپ «ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەسرەتلىك سۆزى» دېگەن شېئىرنى ئوقۇۋېدى، ھېلىقى خانىم ئىككى يۈەنگە ئىككىنى سېتىۋالدى.

— بۇ شېئىرنى تېخى سېتىپ بولالماپسىز - دە؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— سېتىپ بولغان، يەنە يېڭىدىن 100 نۇسخا كۆپەيتىپ باستۇردۇم، — دېدى ئابدۇللا ئاكا ۋە:

— سىزگە يەنە بىر گەپنى ئېيتىپ بېرەي، ئالدىنقى كۈنى دۆڭكۆۋرۈكتە شېئىر سېتىپ يۈرسەم، بىر خەنزۇ (ساقچى كىيىم كىيگەن كادىر) بىر ئۇيغۇر بىلەن ئالدىمغا كېلىپ، بىر ۋاراق شېئىرنى ئېلىپ، ھېلىقى ئۇيغۇرغا بەردى. ئۇيغۇر (تەرجىمان ئىكەن) شېئىرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. بۇ خەنزۇ كادىر كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، بىرنېمىلەرنى دېدى. تەرجىمان ماڭا قاراپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ روھلاندىم. قەددىم رۇسلاندى. ئۇ خەنزۇ كادىر: «ياخشى، بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى بولىدىكەن، سىز بىز قىلىۋاتقان، باش قاتۇرۇۋاتقان ئىشلارنى يەڭگىللىتىدىغان پايدىلىق ئىش قىپسىز. ياخشى، ياخشى، ۋاقتىڭىزنى ئالمايلى، سېتىۋېرىڭ!» دەپتۇ.

— دېگەنلىرىڭىز راست گەپمۇ؟! — دەپ سورىدىم مەن ئابدۇللا ئاكىدىن.

— بۇ ۋەقە راست ئاشۇنداق، ئەزبىرايى خۇدا يالغان گەپ قىلمىدىم، — دېدى ئابدۇللا ئاكا قەسەم قىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

ئادىل تۇنىياز

## ياقا يۇرت

كۈندۈزنىڭ
كۆرۈنمەس تىغى ئاستىدا،
ۋىژىلدىغان يىغى ئاستىدا،
كۆيۈۋاتقان يات يەرلەر ۋە مەن.
تىكەنلەشكەن ھەر قەدىمىمدىن
كۆزلىرىمگە كۆرۈنەر ۋەتەن.

ئانا تىلىم
چۈشتى يەرگە
ئاغزىمدىن نۇردەك،
قالدى زۇلمەت ئىچىدە دىلىم.
ئوقۇش ـ ئىبىل شىراز مۇشۇكى
ئۆينىڭ مەرمەر بۇلۇڭىدا ئۇ
تۇرار ھەيۋەت پاخپىيىپ تۈكى.
ئىمارەتتە ـ ئېگىز بىر چۆلدە
ھەسەنشىرىكلەر ئارىسىدا مەن،
ئانا يەرنىڭ يارىسىدا مەن،
تۇفى. . . ! بەركەت ياغقان شەھەرلەر
كۆزلىرىمگە كۆرۈنەر ۋەتەن.

نىمىدېگەن كۆڭۈلسىز دېڭىز
قاشالانغان، بۇلغانغان، چۆككەن.
دولقۇنلار چۈش گۈگۈم ئىچىدە
كۆزلىرىمگە كۆرۈنەر ۋەتەن.

كۆيۈپ ئۆچكەن
خورما دەرىخى.
قاراڭغۇدا بەك تونۇش ماڭا
ھارارەتلىك ھايات دەرىخى.

ئىشىكىنى ئاچتىم دېڭىزنىڭ
قۇرۇمىدى تەرلىرىم تىخى.

2000ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 23ـ كۈنى
ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، شارجا

## ئەرەب دېڭىزى

شۇنچە ئۇسسۇز
ئەرەب دېڭىزى
ئاللىكىملەر ئايلانغان تاشقا.
بەلكىم سۇدۇر ئايالىنىڭ ئىزى. . .
باشلىدىم قاغجىراشقا
چىققاندا قاشقا
لەيلەپ قالدى روھىم يىلتىزى.

دېڭىز ئۇندەر ئويغاق ياشاشقا
ئادەملەردىن ئىشتىكىنىم باشقا،
دولقۇنلاردىن تىڭشايمەن قۇرئان.

ئۇلۇغ سەن،
يېگانىسەن،
(يوق مەندە گۇمان.)
قىرغىقىمنى بۇزۇپ بىر كۈنى
قۇيۇلىمەن ساڭا ئەي سۇبھان!

كۆك دېڭىزنىڭ گۈمبىزىدە ئاي،
شامال خەلقى ئىبادەتتە
مەن ئۆزۈمگە چۆككەن ھالەتتە.

2000 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، فۇجەيرە

## ئەنە شۇنداق جايلاردا

ئادەم پاناھسىز،
خورما دەرەخلىرىنىڭ قاقشال چۈش پەيتىدە.
پەشتاقلاردا، دۇكانلاردا، دېڭىزنىڭ ئىچ كىيىمى يىنىدا
قولىدا دۇربۇن ـ مۇبالىغە قىلغۇچى ئەينەك،
رېئاللىقنى زەڭگەر خىيالدەك.

چىقىرىدۇ بېلىقلار پۇۋلەپ سۇ ئۈستىگە يالقۇن ۋە شامال
سۆزلەيدۇ دېڭىز كۆك رەڭدە دولقۇنلاپ تۇرغان مۇھەببەتنى
شەھەرنىڭ ئۇچەي - باغرى چۇۋۇلغان، ئەينەكلەرگە سىلىنغان
ھەم يوپيورۇق قىلىنغان،
قاچاندىن بېرى بېلىقداندا بىز ۋە internet توردا دېڭىز
كۈندۈز دېگەن مۇشۇنداقمىدۇ
تېرىسى سويۇلغان ئادەم مىخلاپ قويۇلغان ئىش ئۈستىلىگە.
جەننەت دېگەن مۇشۇنداقمىدۇ
تىقما - تىقماق كىشىلەر ئارا يەنە يالغۇز ئادەم ۋە ھاۋا.
ھويلا تېمىدا قىزىل چېچەكلەر، چاقنار يولدا روپاش - لېچەكلەر
پاتمىچۇق چىقىرىپ نەم تىلىنى يالار ئۆتنەك چۈشتىن كېيىننى.

ھەيكەللەرگە ئاق كەپتەر قونغان، ئېغىر تۈيغۇ بىزگە ھۆكۈمران
چىملىقلاردا كۈيلەيدۇ فونتان، قانداق ئۇنتۇش مۇمكىن دەردلەرنى؟
ئەنە شۇنداق جايلاردا
قۇمدەك قىزىق ئايلاردا
كۈتمەكتىمەن تېلېفون ياردىن
يامغۇردىن
تەقدىردىن.

2000 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى. فۇجەيرە.

## ئىككى بېلىقنىڭ ئارىسىدا

ئەينەكتەك سەھەر،
سۇنماقتا سۇدا
دېڭىز بىر شەھەر

گەپ قىلىدۇ بېلىق بېلىققا
تېلېفوندا، سۇكۇتتە، دولقۇندا.

سېغىنىشنى سېزەرمۇ دېڭىز
قانقاندا شامال
كۆپكۆك خىيال ئۈستىدە.

ئىككى بېلىق ئارىسىدا
سۇسىز كۈنلەر. . .

بېلىق سۆيدى بېلىقنى
شەھەر بىلەن چۆل ئارىسىدا.

ئۆلۈم بىزنىڭ سۇيىمىز،
ئۆلۈم بىزنىڭ مەرۋايىتىمىز،
ئۆلۈم بىزنىڭ باشقا ئېتىمىز.

ئىككى بېلىقنىڭ ئارىسىدا
ئىككى ئىسىم كۆيمەكتە
قىزىلگۈلدەك.

2000 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئەل ئەين

## تالا

سېلىۋەتكەن كىيىملىرىنى
ئۇنىڭ تېنى
ئېڭىمىزدىن ئۇپۇقىچە،
تولدۇق مەستلىك بىلەن.
شۇنچە شوخ، لەۋەن
چىرمىشىدۇ مەجنۇنتېلى ئۆلۈمنىڭ.
ئۆلۈم، ئۆلۈم سېنى سۆيىمىز،
ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ - قۇۋۋىتىمىز،
يىمىرىلگەن نەزىر سۇپىمىز
گويا ئۇندا ئېسىپ قويۇلغان
ئەركەكلەرنىڭ تېرىسى بىز.

كۈز كەلدى كىتابتا
شۇ تاپتا مەن روجەك ئالدىدا
تۆكۈلمەكتە ئالتۇن غازاڭلار.
قارىغۇم كېلىدۇ بەڭۋاش شامالدەك
چاپقۇم كېلىدۇ قارا ئايغىردەك.

– سۆز بار ئىدى، ئالەم يوق ئىدى
يارال! – دېدى. . .

2000 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تاپ

(ھېكايە)

ئارسلان تالىپ



ئۇنىڭ تېنى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداشقا باشلىدى. ئۇ پۇت - قوللىرىنى كەڭرى يېيىپ يەرنى چىڭ باغاشلاپ ياتاتتى. تېخى يېڭىلا تېرىلىپ سۇلياۋ يوپۇق يېپىتىلغان كېۋەزلىك ئۇنىڭ قارىيىشقا باشلىغان تېنى بىلەن سېلىشتۇرما بولغاندەك كەڭرى دالاغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

«ئاھ يەر، ئالتۇن قوزۇقۇم، سېنى نېمە ئۈچۈن تارتقۇزۇپ قويدۇم، ئەجەبا مەن ساڭا ياخشىلىق قىلمىدىمما، سەندىن ماڭا كەلگەن ساخاۋەت شۇ بولدىمۇ ئەمدى» ئۇ قۇم ئارىلاش چىلانتۇپراقنى كۈچسىز ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ كۈچ بىلەن مۇجۇيتتى، ئانا تۇپراق ئۇنى يىغلىۋالسۇن، قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئەسلىۋالسۇن، پۇشايمان ياشلىرى بىلەن ئۆز تېنىنى يۇيىۋالسۇن دېگەندەك سۆكۈتكە چۆمگەنىدى. بىخلىنىشقا باشلىغان كېۋەز مايسىلىرى يېنىك تىترەپ تۇراتتى.

ئەسلىدە ئۇنىڭمۇ ئاشۇ دېھقانلاردەك كۆلگەن - يايرىغان، ھەتتا ئارىدەك قوللىرىنى شىلتىپ كېچىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان مەھەللە مەشرەپلىرىدە ئۇسسۇل ئوينىغان چاغلىرىمۇ بولغان. شۇ چاغلاردا ئۇ بەكمۇ غەمسىز، قورسىقى تويمىسىمۇ ئۇچ ۋاخ تامىقى ھەرھالدا تەييار چاغلىرى ئىدى. داشقازان ئەتراپىدا ئۆزىگە تېگىدىغان ئۇماچنى ساقلاپ ئولتۇرۇشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن راھەتلىك چاغلار ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ راھەتلىك چاغلىرىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. يەرلەر تەقسىم قىلىنىپ ھۆددىگە بېرىلگەندە ئۇنىڭغا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئېتىزدىن 20 مو يەر تەقسىم قىلىنىپ قالدى. 20 مو چىلانتۇپراقلىق يەر، ئەينى يىللىرى بەلگە كېلىدىغان، ساپسېرىق باشاقلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالىدىغان بوغدايزارلىق ئەمدى ئۇنىڭغا تەۋە ئىدى. بۇ يەرنى تېرىش كېرەك، ئەترەت باشلىقىنىڭ دېيىشىچە، تېزرەك بېيىش ئۈچۈن 15 مو يەرگە كېۋەز تېرىشى كېرەكمىش، «كۆتۈر قاسقىنىڭنى، بېيىمىسامۇ

ئۆز جىنىمنى جان ئەتسەملا بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان سىلىق ئاشلىقنى ساتىدىغان گەپ، ئۇرۇق، سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، زىيانداش ھاشاراتنى يوقىتىدىغان دورا، سۇ، توك پۇللىرى پالان گەپ بولۇپ كەتتى، يەرلەرنى بىرىۋەتتۇق دېگەن بىلەن، مۇنچىۋالا دەپنە - دەرەمنى شىللەڭگە ئارتىپ قويسا قانداق قىلىدىغان گەپ، ياخشىسى، ماڭا ھېچكىم ئۆگەتمىسۇن، بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا بەرمە دېگەندەك، ئۆز يولۇمغا مېڭىپ باقاي» .

ئۇ تېخىچە ئۆزىنىڭ شۇنداق خىياللىرى بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگىنىدە، باشقىلار ئاللىقاچان ئۆز يەرلىرىگە ئىشلەشنى باشلىۋەتكەنىدى. ئېتىزدا تراكتورنىڭ تاتىلداشلىرى، شوخ چوكانلارنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرى قاينىغانىدى. قارىغاندا، ھەممىلا كىشى يەرلەرنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغىنىغا خۇشال بولغاندەك تۇراتتى. ھەتتا: «مەن ئەمدى قېرىپ قالدىم، ئېتىز ئىشىغا يارىمايمەن» دەپ ئاللىقاچان ئەترەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ئۆز ئىبادىتى بىلەن بالىلارنىڭ ئىنساپىنى تىلەپ ئولتۇرغان شەمشىدىن قارىيمۇ ئېتىزغا چىقىۋالغانىدى.

ئۇ ئېتىز بېشىدىكى خىياللارنى تۈگىتىپ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ماڭسا ئۆپكىسى پۇدەيدىغان، قورايدەك ئورۇق خوتۇنى قازان بېشىدا ئۇماچ يۇقى قاچىلارنى يۇيۇۋاتاتتى.

ئۇنىڭ بىر چاغلاردا ئەزالار يىغىلىپ كېلىپ بىر كۈندىلا تاملىرىنى قوپۇرۇپ، ئۈستىنى يېپىپ، لاي سۇۋىقىنى بىرىپ ئىنچىكە سۇۋىقىنى بىرىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالغان ئۆيى شۇ پېتىچە ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلالماي قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەترەتنىڭ تۈگىمەس ئەمگەكلىرىدىن كۆرەتتى. ئەگەر ئەزالار دەم ئېلىش كۈنىنى قۇربان قىلىپ مۇشۇ ئۆينى سېلىپ بەرمىگىنىدە، ئۆزىنىڭ دادىسىدىن مىراس قالغان ئاشۇ بىر ئېغىز كەپىسىدە مەڭگۈ ئولتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەتتا مۇنۇ كېسەلمەن خوتۇنىنىمۇ ئالالماي مەڭگۈ بويتاق ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. «نېمىدېگەن ياخشى ئادەملەر - ھە، ھېچقانداق ھەق، ھەتتا بىر چىنە سۇ چاغلىق نەرسە تەلەپ قىلماي بىر كۈندە ئۆيلەرنى پۈتتۈرۈپ قويدى. تېخى كەم - كۈتا نەرسىلەرنى ئۆيىدىن ئەكىلىپ ئۆيلەپمۇ قويدى. لېكىنزە ماۋۇ كېسەلچان خوتۇننى ئېلىپ بەرگىنى يامان بولدى - دە» .

— ھارمىسىلا دادىسى، قايتىپ كەپلا، — ئايالى خىرىلداپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىدىكى كەتمەننى ئالدى.

— يېرىمىزگە نېمە تېرىشنى ئويلاۋاتىدىلا دادىسى.

ئۇ سۇپىدىكى سۇپۇرۇلمىگەچكە بىر قەۋەت توپىنىڭ ئاستىدا قېلىپ يوقاپ كېتەيلا دەپ قالغان پالازنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى.

— بۇغداي تېرىيلى خوتۇن. بۇ يەردە بۇغداي بەك ئوخشايتتى.

— ئوبدان ئويلاپلا، يەنە ئازراق يەرگە چامغۇر، سەۋزە تېرىپ قويساق قىشچە يېمەككە دال بولىدۇ، — ئۇ كۆپرەك سۆزلەپ قويغاچقىمۇ يەنە خىرىلداشقا باشلىدى.

— خوتۇنۇڭنى دوختۇرغا ئاپار، ئۆپكىسىدە چاتاق بار بۇ قوناق شېخىنىڭ، — دەيتتى قاپىقى يامان ئەترەت باشلىقى.

— ماقۇل ئاپىراي، — ئۇ خوتۇنىغا ئىچ ئاغرىتىپ يېنىدا ئولتۇراتتى. گۆكشىنىڭ يالاڭ ئاياغ دوختۇرى بەرگەن نەچچە موچەنلىك ئاق، قىزىل دورىلار ئايالىغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. چوڭراق دوختۇرخانىلارغا بېرىش ئۈچۈن پۇل كېرەك بولاتتى. ئۇنىڭدا چوڭراق دوختۇرخانىغا بارغۇدەك پۇل نېمىش قىلسۇن. ئەمما ئاغرىقچان بولغىنى بىلەن بەش يىلدا ئۈچ ئوغۇلنى قاتارىسىغا تۇغۇۋەتكەن خوتۇن ئۇنىڭغا پاتىڭدىكى قەرزگە قوشۇپ يەنە بىرمۇنچە يۈكنى قوشلاپ ئارتىپ قويدى. كىشىلەر «تەلەيلىك ئىكەنسەن سەلەي، بۇ ئۈچ ئوغۇل چوڭ بولسا سىلەرنى باقىدۇ» دېيىشەتتى. بىراق ئۇ: بۇلار چوڭ بولۇپ ئۆزىنى باققۇچە كىم بار، كىم يوق، ھەرنېمە بولسا ئەترەتتىن كىشى بېشىغا بېرىلىدىغان ئاشلىق، ماي باركەن، بولمىسا بۇ بەش جاننى قانداق بېقىشنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ ئويلايتتى. باللار 5 - ئايغا ئۇلاشقىچە ئىلىكلىرى قۇرۇپ خۇددى ئانىسىدەك ئورۇقلاپ كەتكەن بىلەن، ئۇجمە پىشىشى بىلەن

www.uyghurkitap.com

يايراپ ئېچىلىپ كېتەتتى. سەھرا دېگەننىڭ ئۆزىگە يارىشا نېمەتلىرى تولا بولىدۇ. ئەتىگەندە ئويدانلا بىر قورساق ئۇجمە يەۋالساڭ چۈشكىچە قورساق ئاچقاننى تۇيمايسەن. يازنىڭ شالتاقلىرىمۇ جىق گەپ، ئۆرۈك، شاپتۇل، جىنەستە، ئالگىرات، قارائۆرۈك، ئەينۇلا، قوغۇن، تاۋۇز، چىلان، ياڭاق... بالىلار يېرتىق چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى ساڭگىلىتىپ باغمۇ باغ، ئېتىزمۇ ئېتىز چېپىپ يۈرۈپ قورساق تودىلايتتى. چامغۇر، سەۋزە، لوبو، كۆكتاش ھەتتا كاللەكسەيىنىڭ شىرىسىنىمۇ يەۋېرەتتى. ھەر خىل نەرسىلەرنى يەۋېرىپ يوغىناپ كەتكەن قورساق تىنماي غولدۇرلايتتى. لېكىن بالىلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن پەرۋايى پەلەك. ئەترەت باشلىقىنىڭ ۋارقىراشلىرى، باغ ئىگىسىنىڭ تىللاشلىرى، قوغۇنچىنىڭ تاياق كۆتۈرۈپ قوغلاشلىرى بۇلار ئۈچۈن ئويۇن ئىدى. ئۇلار پەقەت قورسىقى تويسىلا ھەرقانداق تىل - تاياقتىن قورقۇپ قالمايتتى.

بالىلار ئالدى 12 ياش كەينى سەككىز ياشقا كىرگۈچە شۇنداق ياشىدى. ئۇلارنى ھېچكىممۇ مەكتەپكە بارسۇن دېمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ نامراتلىق تۈكۈلۈپ تۇرغان ئۆيى بالىلارنى ئوقۇتۇشقا كۆچىيەلمەيتتى. ئاتىنىڭ خىيالىچە بولغاندا بالىلار يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ئېتىز ئىشىغا يارىغۇدەك بولاتتى. لېكىن مائارىپقا مەسئۇل كەتمەن شەپكىلىك بىر كادىرنىڭ ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇشقا يىغىپ كېلىشى ئۇنىڭ خىياللىرىنى تۇزۇتۇۋەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سەلەيئاخۇن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئۇ ئالدىراپ پەسكە چۈشۈپ كەتمەن شەپكىلىك بىلەن كۆرۈشتى، — قېنى سۆيپىغىلا كەلسىلە. يا ئۆيگە كىرىپ كېتەمدۇق.

— بولدى، مەن ئالدىرايمەن، ئىككى ئېغىز گېپىم بار، دەۋېلىپلا ماڭىمەن.

كېسەلچان ئايال داستىكى ھەلەپنى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا ئورۇق، قېرى ھاڭگىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، قولىنى كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىگە ئېرتىپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ گېلى يەنە تەمبۇر چېلىشنى باشلىۋەتكەنىدى.

— ھارمىسىلا، — دېدى ئايال خىرىلداپ تۇرۇپ.

— ھە، ياخشى، — كەتمەن شەپكىلىك ئەمتىرەپ قالدى.

— سۆيپىغىلا كەلسىلە، — سەلەي تىرىكتاپ كەتمەن شەپكىلىكنى يەنە زورلاشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ ئادەم سۆيپىنى مەينەت كۆردىمۇ ياكى ئولتۇرۇۋالسا بەك ئۇزۇن سۆزلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ، ئەتىمالىم ئولتۇرۇشقا ئۇنىماي كەينىگە داجىدى.

— بولدى. ئاۋارە بولماڭلار، مەن يېزىلىق مائارىپ ئىدارىسىدىن كەلدىم، بالىلار مەكتەپ يېشىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇلار تېخىچە مەكتەپ يۈزى كۆرمەي جاڭگالدا توڭگۇز توپاق ئويناپ يۈرۈپتۇ، بۇ زادى قاملاشمىغان ئىش. نېمىشقا مەكتەپكە ئەۋەتمىدىڭلار؟

— ھە، مۇشۇ ئىشمىدى، مەنمۇ شۇنداقراق ئويدا بولغان. ھازىرچە ئىشقا كىرەككە كەلمىگەندىكىن، بىرەر - ئىككى يىل ئوقۇپ تۇرسا ئاندىن ياندۇرۇۋېلىپ كەتمەنگە سالسامىمۇ دەپ...

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، توققۇز يىل مەجبۇري ئوقۇيدۇ. بۇ دېگەن قانۇن. ئەتىلا مەكتەپكە ئەۋەتىڭلار، — بىرەر - ئىككى يىل ئوقۇتۇپ ئاندىن ئايرىۋالاي دەيدىغان پادا ئەمەس بۇ بالىلار.

— ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە كادىر ئەپەندىم، — دېدى سەلەي تىرىكتاپ كەينىگە شوخشۇپ كېلىپ سۆيپىغا ئولتۇرۇۋېلىپ، — بىز دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىدە بار كەمبەغەل خەق. ئايالىم مانا كۆرۈپ تۇرۇۋېلا، كېسەلچان خوتۇن، ئۆيىمىز بەشتە كاپالەت. ھازىرغىچە پۇلنىڭ يوقلۇقىدىن مۇنۇ خوتۇننى دوختۇرغا ئاپىرىپ گېلىدىكى خەپرۇكنى ئالدۇرالمايۋاتىمەن. كاناپغا يوق ماي سۇنايغا نەدە دېگەندەك، بۇنىڭغا پۇل غەملىيەلمەي بېشىم تاش بولۇۋاتسا، بالىلارنىڭ بوغچا، دەپتەر - قەلەملىرىگە نەدىن پۇل تاپىمەن. ئەپەندىم، بىزگە ئىچلىرى ئاغرىسۇن، خۇدايىم تەنلىرىنى ساق، پېشانىلىرىنى ئوڭ، مەرتىۋىلىرىنى زىيادە قىلار، بىزنى ئارامىمىزدا قويسىلا.

— بوپتۇ، — دېدى كەتمەن شەپكىلىك ئاخىر بىر قارارغا كەلگەندەك يەرگە چىرتتىدە

تۇكۇرۇپ،ـ مەن يېزىغا بېرىپ سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى بىرتەرەپ قىلاي، دەپتەر، قەلەمنى مەكتەپ كۆتۈرۈۋەتسۇن، بوغچىنى سىلەر بىرتەرەپ قىلىڭلار.

– بوغچىغىمۇ پۇل كېرەك بولار ئەپەندىم،ـ دېدى سەلەي تىرىكتاپ سۇپىدىن سەكرەپ چۈشۈپ،ـ ھامىنى ھەل قىلغاندىكىن بىراقلا بوپكەتكىنى ياخشى.

– ۋاھ، ۋاھ، ۋاھ،ـ كەتمەن شەپىلىك تىللىرىنى چېكىلدىتىپ ئاچچىقى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى،ـ لەقىمىڭلا راستتىنلا خىزىر قويغان لەقەمكەن. شۇڭا چاپىنىڭلا تىزىڭلىدىن ئاشماپتۇ، خوتۇنۇڭلا كېسەل بولغان بىلەن ئۆزۈڭلا بىجىرىم ئادەمكەنسىلە، ئۇبدانراق ئىشلەپ پۇل تېپىشنىڭ يولىنى قىلمايزە، ھەممىگە ئىششىپ تۇرۇۋالساڭلا قانداق بولىدۇ. ئەل - مەھەللە، يۇرت ئالدىدا مۇشۇ قىلىقىڭلاردىن نومۇس قىلمامسىلەر.

– لەقەمنى چىشلەپ تارتمىسىلا ئەپەندىم، كەتمەن تۇنقۇدەك بولغىنىمدىن تارتىپ ئەترەتكە ئىشلەۋاتىمەن. لېكىن ئەترەتكە بىرمۇنچە ئۇماچ قەرزىم بار. قەرزدىن قۇتۇلالماي يۈرسەم مۇشۇ لەقەمنى قويۇشتى، مەيلى دېدىم.

– قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ بوغچىنى ئۆزۈڭلار تەييارلاڭلار، بازاردىن ئېلىشقا كۈچۈڭلار يەتمىسە ئەسكى چاپان - چاپانلار باردۇ، شۇلاردىن بولسىمۇ قوراپ - تىكىپ بەرسەڭلار بولىۋېرىدۇ. مەن قايتاي، باللار ئەتە مەكتەپكە چوقۇم بارسۇن. ئەگەر بارماي قالىدىغان بولسا مۇشۇ ئىشىڭلار ئۈچۈن يېزىغا ئاپىرىپ بىر ئاي كېسەك تۆكتۈرىمەن. تىرىكتاپلىقىڭلىنى ئۇكشاپ راۋۇرۇس ئادەم قىلىپ يولغا سالىمەن ئۇقتۇڭلىمۇ؟!

– ئۇقتۇم ئەپەندىم، باللار ئەتە مەكتەپكە بارىدۇ،ـ ئۇ راستتىنلا قورقۇپ قالغانىدى. ئۆمرىدە ئېغىر ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەمگە بىر ئاي كېسەك تۆكتۈرۈش دېگەن ھەقىقەي ئېغىر جازا ئەمەسمۇ، ئەدناسى مۇشۇ ئۆينىڭ كېسەكلىرىنى تۆككەندىمۇ ئاخشىمى لاي ئېتىپ قويۇپ، ئەتىگەندە ئىككى قېلىپ لاي تۆكۈپلا بولالماي قېلىپ ئۈجمە سايىسىدە خورۇلداپ ئۇخلاپ لاينى قاتۇرۇپ قويۇپ، ئىشنى

بىر باشقا ئاچىقالماي يازنى چىقىرىۋەتكەنىدى. ئاتا كەسپى بالىغا دېگەندەك، باللارمۇ شۇنچە بىغەم ۋە بوشاڭ چوڭ بولغانىدى. ئۇلار خۇددى دادىسى ئۆگىتىپ قويغاندەك تەييارغا ھەييار ئىدى. كېسەلچان ئانىنىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرى جايىدا قالاتتى. نېمىشقىكىن، ئاچ - توق، ئىسسىق - يېلىڭ يۈرگەن باللار بارغانسېرى ئەت قونۇپ كېسەلدىن خالىي ھالدا يېتىلمەكتە ئىدى. ئۇلار قەھرىتان قىشتىمۇ پوتلىسىنى ئېقىتىپ، يېلىڭ كىيىملىرىنى چىگە شوينىلار بىلەن باغلاپ، قوڭالتاق كىيىۋالغان باجىڭگىر ئاياغلىرىنى سۆرەپ يۈرۈپ، قىسماق قويۇپ قۇشقاچ تۇتۇپ يۈرۈۋېرەتتى. قار ياغقان كۈنلىرى ئەترەتنىڭ خامىنىغا بېرىپ چېچىلىپ كەتكەن سامان ئارىسىدىن دان تېپىپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن ياۋا كەپتەر تۇتۇشىمۇ ئۇلار ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. شۇنداق كۈنلىرى ئۇلار ئاغزى توشقۇدەك گۆش چايناپ قالاتتى. «خۇدا بەندەڭنى پاقلان گۆشىدە باققايسەن، بۇگۈن بەرگەن نېمىتىڭگە تۈمەنمىڭ شۈكۈر» سەلەي تىرىكتاپ دائىم تەكرارلايدىغان مۇشۇ سۆزى بىلەن دۇئا قىلىپ بولۇپ، سېرىق چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ئەتراپقا قارايتتى - دە، بورىنىڭ ياغىچى بولامدۇ ياكى سۇپۇرگىنىڭ چۈشۈپ قالغان بىرەرتال شېخى بولامدۇ، ئەيتاۋۇر كۆزىگە كۆرۈنگەن بىرەر تال ياغاچنى تېرىپ ئالاتتى ۋە شۇ ياغاچنى شالاڭ چىشلىرى ئارىسىغا تىقىپ چىشى ئارىسىغا كىرىۋالغان گۆش پارچىسىنى كولاپ چىقىرىپ ئۇنى مەززە قىلىپ شۈمۈپ ئەڭ ئاخىرقى گۆش تەمىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرەتتى. ئاندىن سامان پۈرىقى چىقىدىغان تاماكىسىنى توم قىلىپ ئوراپ پاس - پاس قىلىپ ئۈچقۇن چاچرىتىپ كۆيۈۋاتقان تاماكىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

كېسەلچان ئايال كېچىچە خىرىلداپ ئولتۇرۇپ ئۈچ دانە بوغچا تىكتى. ئەسلىدىمۇ بۇ ئۆيدە تۈزۈكرەك كىيىم - كېچەكنىڭ تايىنى بولمىغاندىكىن رەخت ئىزدەشتە خېلىلا قىينالدى. ئاخىر چىداپ تۇرۇپ قايسىبىر يىلى بەشتە كاپالەت ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەن قىزىل ئەدىيالنى كېسىپ پارچىلىدى. ئەدىيال ئەسلى قىزىل بولسىمۇ بەزىدە يېپىنچا، بەزىدە سېلىنچا قىلىپ سۆرەپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر تەرىپى

www.uyghurkitap.com

تىتىلىپ كەتكەن كونا كىگىزنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان بولغاچقا قارىداپ، تىۋىتلىرى يوقاپ پالازغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بەزى يەرلىرى خۇرۇمدەك قېتىپ كەتكەن بولسا، بەزى يەرلىرى تىتىلىپ تۆشۈك بولۇپ پىلىكتەك يۇمشاپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇ قانداقلا بولسۇن، ئۈچ دانە بوغچا چىقىپ يەنە ئازراق ئېشىپ قالدى. بۇ ئەدىيال پارچىسى ھەرھالدا ئاشۇ بۇلۇڭدىكى كىگىز تۆشۈكىنى يېپىپ تۇرالايتتى.

باللار ئەتىسى چىگە ئارغامچىدىن باغ چىقىرىلغان بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە كەتتى. ھېلىقى كەتمەن شەپكىلىك يالغان ئېيتماپتۇ. باللار كەچتە بوغچىلىرىنى لىق تولدۇرۇپ كىتاب، دەپتەر ـ قەلەم ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

ـ مەن ئوقۇمايمەن، ـ دېدى چوڭ ئوغۇل بوغچىسىنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ، ـ بىزنىڭ سىنىپتىكى باللارنىڭ ھەممىسى كىچىك شۇملاركەن، شۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداقمۇ ئوقۇيمەن؟ !

ـ مەنمۇ شۇنداق، ـ دېدى ئوتتۇرانچىسى سومكىنى يەرگە تاشلاپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋېلىپ، ـ مەنچىلىك باللار 3 ـ سىنىپتا ئوقۇيدىكەن.

ـ ناھايىتى ياخشى، ـ دېدى سەلەي تىرىكتاپ قولىدىكى تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كىچىكىنىڭ يېنىغا كەلدى، ـ سەن گەپ قىلمايسەنغۇ، سەن قانداق قىلماقچى.

ـ مەن . . . مەنمۇ ئوقۇمايمىكىن، ئاكاملار ئوقۇمىسا باللار مېنى ئۇرۇۋالىدۇ. ئۇلار تېخى بۈگۈنلا مېنى سەلەي تىرىكتاپنىڭ بالىسى دەپ تىللىدى.

ـ ھەي، ئۇلار سېنى شۇنداق تىللىدىما، سەن تىرىكتاپنىڭ بالىسى بولساڭ ئۇلار كىمنىڭ بالىسىكەن ـ ھە؟ ! خەپ، ئاشۇ كۆك ماڭقىلارنى ماڭا كۆرسىتىپ قوي، پاچىقىنى چېقىۋەتمەيدىغان بولسام سەلەي تىرىكتاپ بولماي كېتەي، ـ ئۇ ئاچچىقىدا يەرنى تېپىپ سۆزلەۋاتقىنىدا باللار پىخىلداپ كۈلۈشكىلى تۇردى.

ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا كەتمەن شەپكىلىك كادىر يەنە كېلىپ مال بېقىشقا چۈشكەن ئىككى بالىنىمۇ مەكتەپكە ئېلىپ كەتتى، لېكىن شۇ ياشقىچە ئاسمىنى كەڭ سەھرادا تايچاقتەك سەكرەپ كۆڭلى خالىغان يەردە ئويناپ چوڭ بولغان بۇ ئۈچ بالا مەكتەپ تۇرمۇشىغا كۆنەلمىدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. يەرلەر ھۆددىگە بېرىلىپ كىشىلەرنىڭ چىرايى گوياكى يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەندە، ئۇ تاتىرىپ كەتتى. تاتارماي بولامدۇ، باشقىلار ئۆز ئەمگىكى بىلەن راھەت كۆرىدىغان كۈنلەرنىڭ يېتىپ كەلگىنىگە خۇش بولسا، ئۇ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان 20 مو يەرنىڭ جاپاسىنى قانداق تۈگىتىشنى بىلەلمەي يۈرەتتى.

سەلەي تىرىكتاپ كۈنسېرى ئورۇقلاپ ھالىدىن كېتىپ بارغان كېسەلچان خوتۇنىغا قاراپ خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. «بۇ خوتۇن ئەمدى ئېتىز ئىشلىرىغا يارىمىغۇدەك، چوڭ ئوغۇل 15 كە كىردى. شۇ ئىشلىسۇن، ئۈچ يىل ئوقۇغىنىمۇ يېتەر ئەمدى. بولسا ئوتتۇرانچىسىنىمۇ توختىتاي، ھارۋا ھەيدەپ ئېتىزغا بىرنەرسىلەر توشۇسىمۇ ھېساب. كىچىكى قانداق قىلار، ئۇمۇ ئوندىن ئېشىپ قالدى. مۇنداقلا قويۇۋەتسەك بولماس، ئەمدى ئەترەت دېگەن يوق گەپ. 20 مو يەرنى ئۆزىمىز بىر ئامالىنى قىلىپ تېرىمىساق، پەرۋىش قىلمىساق، ھېچكىم بىزگە قارىشىپ بەرمەيدۇ، ھەي، مۇشۇ ھۆددىگە بېرىش دېگەنلەرنى قانداق ئادەم چىقارغاندۇ، كۆپچىلىك بىللە ئىشلىسەك نېمىدېگەن ياخشى ئىدى ـ ھە.» ئۇ ئۆز خىياللىرىنى جەملەپ باللار توغرىسىدىكى ئويلىرىنى ئايالىغا مەسلىھەت سالدى.

ـ مەنمۇ ئېتىزغا چىقاي دادىسى. 20 مو يەرنىڭ تېرىلغۇسىنى باللار بىلەن قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ـ سەن ئېتىز ئىشىغا يارىمايسەن خوتۇن. تاماق ئېتىپ ئېتىزغا يەتكۈزۈپ بەرسەڭلا بولدى. قالغان ئىشنى باللار بىلەن قىلىپ تۈگىتىۋېتىمىز، ـ دېدى سەلەي خۇددى شۇ چىقىپ كەتكىنىچە ئېتىزدىن كەلمەي ئىشلەپ كېتىدىغاندەك تامبىلىنىڭ بېغىنى چىڭىتىپ قويۇپ.

سەلەي ئايالىنىڭ باللارنىڭ بوشاڭلىقى، ئېتىز ئىشىغا يارىمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ۋايساپ خىرىلداشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي

پېشىنى قېقىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى قېرى ئۇجمە دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپ سوزۇلۇپ يېتىپ تاماكا چېكىدۇ. ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ تاتلىق - قاڭسىق گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ، توغرىراقى كىشىلەرنىڭ يەرلەرنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن نېمىلەر قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالىدۇ.

بۇ قېتىم سىنىپ مەسئۇلىنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرى، ھېلىقى كەتمەن شەپكىلىكنىڭ دوق - پوپوزىلىرى كېرەككە كەلمىدى. سەلەي تىرىكتاپ ئۈچ ئوغلىنى ئوقۇشتىن بىراقلا توختىتىپ ئىشقا سېلىۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئەترەت باشلىقى تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇق، سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيۋى ئوغۇت قاتارلىقلىرىنى تەييار قىلغۇزۇپ تراكتور بىلەن 15 مو يەرگە كېۋەز، بەش مو يەرگە بۇغداي تېرىپ بەردى. ئەمدى سەلەي تىرىكتاپنىڭ ئىشى مايسىلارنى تاقلاش، ئوتاش، سۇغىرىش ئىشلىرى بىلەنلا ئۆتسە بولۇۋېرەتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا بۇرۇنقى تۇزۇمدىن ھازىرقى تۇزۇمنىڭ ياخشىلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇنى ئېتىزغا ھەيدەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇ ئەمدى سۇپىغا يېرتىلىپ مازلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆرپىنى سالدى - دە يانپاشلاپ ياتتى. ئېتىزغا باللارنى ھەيدەش ئۇنىڭ كۆنلۈك ئادىتى ئىدى. باللار ئەتىگەن چىقىپ كەتسە كەچتە قايتىپ كېلەتتى. ئۇلار كېۋەز مايسىلىرىنىڭ ياخشى ئۆسكەنلىكىنى، بوغدايلىرىنىڭ قىر ياپقۇدەك بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئەترەت باشلىقى سۇ نۆۋىتى كەلگىنىنى ئۇقتۇرغاندا، ئۇ چوڭ ئوغلىنى سۇ تۇتۇشقا، ئوتتۇرانچىسىنى تۇغان ساقلاشقا، كىچىكىنى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا گەپ توشۇشقا سېلىپ قويۇپ خام تاماكىسىنى تارتقىنىچە يېتىۋېرەتتى.

- كېۋەزلىرىڭىز ئوت ئارىسىدا كۆرۈنمەي قاپتۇ، چىقىپ ئوتاپ قويسىڭىز بولمامدۇ،- دېدى بىر كۈنى شەمشىدىن قارىي ئىشىك ئالدىدا چۆمۈلىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوزۇق توشۇۋاتقىنىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغان سەلەيگە قاراپ،- باللىرىڭىز چوڭ ئۆستەڭنىڭ دامبىسىدا سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتىدۇ.

- خەپ، ھارامدىن بولغان شۇملار، ئۆيگىمۇ كېلەرسەن، پاچاقلىرىڭنى چىقىپ يانقۇزۇپ قويمىسام ئادەم بولماي كېتەي، بۇ ھارىمىلار ئوتاپ بولدۇق دەپ بۇرۇتۇمغا چالما تىزغىنىنى كۆرمەمدىغان.

- سىز نېمە قىلىدىغان ئادەم، ئېتىزغا باللارنى سېلىپ قويۇپ ئۆزىڭىز يېتىۋالسىڭىز قاملىشامدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باللىرىڭىز ئوت بىلەن كېۋەزنى پەرقلەندۈرەلەمدۇ، سەلەيئاخۇن، ھۇرۇنلۇقنى تاشلايدىغان زامان كەلدى ئەمدى.

ئادەمنىڭ ئاچچىقى كەلسە گاچىغىمۇ تىل چىقىپتۇ دېگەندەك، مۆجىزە ئاخىر يۈز بەردى. بۇرنىنىڭ ئۇچىغا قونغان چىۋىننى ھەيدەشكىمۇ ئېرىنىپ پۇۋدەپ ئۇچۇرىدىغان سەلەي تىرىكتاپنىڭ قولىغا بىر يۇلغۇن تايىقى چىقىپ قالدى، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز كىرىپ كەلگەن ئوغۇللىرىنى ھويلا ئىچىدە قوغلاپ شۇنداق ساۋاشقا باشلىدىكى، ئۆمرىدە چىڭراق كەتمەن چېپىپ باقمىغان سەلەي بىردەمدىلا ھاسىراپ قالدى. باللار تۇتۇق بەرمەي مايمۇندەك تولغىنىپ تاياقتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى.



- ھۇ ھارىمىلار، ئىشقا بۇيرۇسام ماڭا يالغان سۆزلىگۇدەك بولۇشتۇڭما، كېۋەزنى چۆپ بېسىپ كەتسە ئويناپ يۇرۇشتۇڭما، سەن ھارىمىلارنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇۋېتىمەن، ئۆلتۇرۇۋېتىمەن،- ئۇ قوغلايتتى، باللار قاچاتتى، ئاخىر تاياققا چىدىمىغان باللار ھويلىنىڭ پاكار تاملىرىدىن جەرەندەك سەكرەپ ئۆتۈپ كۆزدىن يوقالدى. بايا باللارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ياۋا تاياقتىن بىرنى يەۋالغان كېسەلچان

www.uyghurkitap.com

ئايال سۇپىنىڭ قېشىدا ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىرىپ خىرىلداپ ياتاتتى.

سەلەي قولىدىكى تاياقنى تاشلاپ ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن ئاغزىدىكى كۆپۈكنى ئېرتتى ۋە لىككىدە كۆتۈرۈپ سۇپىغا ئالدى. ئايالىنىڭ هالى خېلىلا پەس ئىدى. ئۇ سامان تەكىيىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ خىرىلداپ تۇرۇپ يۆتىلىشكە باشلىدى. لېكىن چىڭ يۇمۇلغان كۆزى ئېچىلاي دېمەيتتى. سەلەي پىيالىگە ئازراق سۇ ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى. ئايال سۇدىن قىينىلىپ تۇرۇپ بىر يۇتۇم ئىچتى - دە قالغىنىنى چىقىرىۋەتتى، يېنىپ چىققان سۇ ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن ساقىپ چۈشۈپ بويۇنلىرى ئارقىلىق يىرتىق كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

- مەن بىلەن كارىڭلا بولمىسۇن دادىسى، هېلى ياخشى بولۇپ قالىمەن، باللارنى تېپىپ كېلىڭلا، - ئايال كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ قىينىلىپ تۇرۇپ شۇ سۆزنىلا تەكرارلايتتى؛ ئۇنىڭ خىرىلداشلىرىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى.

- بىرەر كېچە تالادا يېتىپ باقسۇن ئۇ هارام تاماقلار، بولمىسا ئۆيىنىڭ قەدرىنى بىلىشمەيدۇ، - سەلەي كەينىگە داجىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماكا يۆگەشكە باشلىدى. ئۇ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ ئايالىنىڭ قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا، قورۇلۇپ كىچىك باللىدەكلا بولۇپ قالغان تۇرقىغا، گىژ - گىژ ئاۋاز چىقىرىپ تۇرغان ئىنچىكە بويىنىغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى.

ئۇ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ ئايالىنىڭ خىرىلداشلىرىنى ئۇنتۇپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى ئەسلىيەلمىدى. لېكىن ئۇ ئويغانغىنىدا، بىر ئۆمۈر كېسەلچان تېنىنى سۆرەپ، بوشاڭ ئەر ۋە بىغەم باللارنىڭ جاپاسىنى تارتقان بۇ جاپاكەش مەزلۇم ئۆزىنىڭ خىرىلداشلىرىنى مەڭگۈلۈك ئاياغلاشتۇرغانىدى.

ئۇنىڭ مېيىتى داغدۇغىسىزلا ئۇزىتىلدى. ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ئۈچ بالا قاتنىشالمىدى، ئۇلار يولغۇن تايىقىدىن قورقۇپمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەتىمالىم دېرەكسىزلا يوقالغانىدى.

سەلەي تىرىكتاپ بوران ئۇچۇپ تۇرغان هويلىدا تىكەندەك يالغۇز قالدى. ئېتىزدىن كىرگەندە هېچبولمىغاندا بىر پىيالە ئىسسىق چاينى بولسىمۇ ئالدىغا قويىدىغان ئايالى ئۇ دۇنياغا كېتىۋالغاچقا، قازان بېشىمۇ ئۇنىڭغا قاراشلىق قالغانىدى. هېلىمۇ بىرەر پارچە نان بولسىلا شۇنىڭغا شۈكۈر دەپ يۈرۈۋېرىدىغان سەلەينىڭ تەلىيىگە يارىشا «ئەلنىڭ كۆڭلى دەريا» دېگەندەك، نان ياققاندا بىرەر - ئىككى نان كىرگۈزىدىغانلار، تاماق ئەتسە بىرەر تاۋاق ئاش يەۋېلىشقا چاقىرىدىغانلار چىقىپ تۇراتتى.

شۇ يىلى ئۇنىڭ تۆتىنچى دەرىجىگە ئايرىلىپ سېتىۋېلىنغان پاختىسىنىڭ پۇلى چىقىمغا ئاران بويلىدى. ئۇنىڭ قولىغا قالغىنى ئارانلا بىر تاغار بۇغداي بولدى. ئۇ مۇشۇ بىر تاغار بۇغدىيى بىلەن كېلەر يىلى بۇغداي پىشقىچە تىرىكچىلىك قىلىشى كېرەك ئىدى.

- سەلەيئاخۇن، - دېدى ئۇنى يوقلاپ كىرگەن ئەترەت باشلىقى مازلىرى تىتىلىپ كەتكەن چاپانغا يۆگىلىپ ئوتى ئۆچكەن ئوچاق ئالدىدا تىترەپ ئولتۇرغان سەلەينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، - قىشلىق ئوتۇن - چاۋا يىغىۋالمىدىڭلا، باللىرىڭلا كاۋاپچىلارغا ئەگىشىپ ئىچكىرىگە كېتىپتۇ، يالغۇز جان بولۇپ قالدىڭلا، شۇڭا بىز كەنت كادىرلىرى مەسلىهەتلىشىپ ئازراقتىن پۇل يىغىش قىلىپ ئوتۇن - كۆمۈر ئەكېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز. ئەمدى هۇرۇنلۇقنى تاشلاپ پۇل تېپىشنىڭ يولىنى قىلىڭلا، قىرىق ياشقا كەلگۈچە پېشانەڭلا تەرلىگۈدەك ئىش قىلماي ئۆتۈپ كەتتىڭلا، بۇ بىر ئەر كىشى ئۈچۈن تولىمۇ ئۇياتلىق ئىش، بىز رەسمىيەت بويىچە ئىش قابىلىيىتىڭلا ۋە جان سانىڭلىغا قاراپ 10 مو يېرىڭلىنى باشقىلارغا بەرمەكچى، قالغان 10 مو يەرگە تىرىقچىلىق قىلىسىلە. ئادەم دېگەن ئىشلەش بەدىلىگە نان يېسە ئۇنىڭ رىزقى كەڭ بولىدۇ. ئەمدى هۇرۇنلۇق قىلساڭلا ئاشۇ 10 مو يەرنىمۇ تارتىۋالىمىز. ئۇ چاغدا قەلەندەرچىلىك قىلماقتىن باشقا ئامالىڭلا قالمايدۇ.

ئۇ دېهقانلار يىغىش قىلىپ ئېلىپ بەرگەن ئوتۇن - كۆمۈردە قىشنى ئوبدانلا چىقىرىۋالدى. لېكىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كەلگەندە خىيال بېسىپ ئولتۇرۇپ قالدى. گەرچە ئەترەت باشلىقى

ئۇنىڭ يېرىنى ئاغدۇرۇپ، تېرىپ، سۇلياۋ يوپۇقنى تارتىپ بەرگەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى پەرۋىشلەرگە ئۇنىڭ بېشى قېتىپ تۇراتتى. ئۇ خىياللىرىنى ئوغۇللىرىغا يۆتكىدى. ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنى بىر كاۋاپچى ئىچكىرىگە ئەكېتىپ كاۋاپ سانقۇزۇۋاتقانمىش. ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ ئېگىز بىنالار ئالدىدا پىژ - پىژ قىلىپ پىشۇۋاتقان كاۋاپلارنى يەلپۈپ ئولتۇرغان سىياقىنى ئەسلىگىنىدە، ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ كەتتى، چۈنكى سەلەي تىرىكتاپ ئۆمرىدە كاۋاپ يەپ باقمىغانىدى. ئۇ ئوغۇللىرى قىشتا تۇتۇپ كەلگەن قۇشقاچ، كەپتەرلەرنى يۇلغۇن زىخچىلارغا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىمىز دېسە «ئۇنى ئوتقا قاقلاپ مېيىنى ئېقىتىۋېتىپ يېگەنىنىڭ نېمە پايدىسى، قازانغا تاشلاڭلار، شورپىسىغا نان چىلاپ يەۋالايلى» دەپ كاۋاپ قىلىنىشقا يول قويمىغانىدى. «هازىر بولسىمۇ بىرەر ياۋا كەپتەر تۇتۇۋالسام شۇنى كاۋاپ قىلىپ يەۋالسام قانداق ياخشى بولاتتى - هە.» قورسىقىنىڭ غولدۇرلاپ ئېچىشى ئۇنىڭ كاۋاپ توغرىسىدىكى شېرىن خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى.

ئۇ تاشتەك قېتىپ كەتكەن ناننى داستىخانغا ئوراپ پالتىنىڭ جۈلدىسى بىلەن سوقۇپ ئۇششاقلاپ چىنىغا سالدى - دە، سەل ئىسسىق ئۆتۈشكە باشلىغان سۇنى قۇيدى. لېكىن نان ئېلمان سۇدا يۇمشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ چىداپ تۇرالمىدى. ناننى ئاغزىغا سېلىپ خۇددى تاش چايناۋاتقاندەك چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى.

سەلەي تىرىكتاپ ئۆز ئېتىزىغا ئاخىر يېتىپ كەلدى. يول - يول تارتىلغان سۇلياۋ يوپۇق يىراقلارغا سوزۇلغانىدى. دوقمۇشتىكى بىر مو يەرگە تېرىلغان بۇغداي يەر يېرىپ بىخلىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئېتىزغا نېمە ئۈچۈن، نېمە قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى. توغرىراقى، ئۇ هازىر ئېتىزدا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيتتى.

- هە، سەلەي چوڭ، كېۋەزلىرىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپسەن - دە، - سەلەي كەينىگە ئۆرۈلدى. تېرىچىلىك قىلىپ خېلىلا بېيىپ قالغان جاپپار توڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە بىر نەچچە تېرىنى قىستۇرغان هالدا قاراپ تۇراتتى.

- هە، جاپپار بايۋەچچە، نەگە ماڭغانتىڭ، - دېدى سەلەي ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن هىجىيىپ، - سېنى باي بولغاننىڭغىياقى بەك ئېسىل تاماكا چېكىدىغان بولۇپ كەتتى دەيدۇ، ماڭىمۇ بىرەرنى چەكتۈرمەمسەن.

جاپپار ئۇنىڭغا بۇلۇتلۇق تاماكىدىن بىرنى بېرىپ چاقماق چېقىپ بەردى. سەلەي تاماكىنى ئاچ كۆزلەرچە شورىشقا باشلىدى.

- سەلەي چوڭ، - دېدى جاپپار سەلەينىڭ ئېتىزلىقىغا قاراپ، - سەن ئېتىز ئىشىنى قىلالمىغاندىكىن هۆددىگە بەرسەڭ بولمامدۇ. ئۇ چاغدا سەن جاپامۇ تارتماي خوجايىن بولۇپ سامان تاماكاڭنى چېكىپ ئولتۇرۇۋېرسەن ئەمەسمۇ.

- نېمە؟ كىمگە هۆددىگە بېرىمەن. ئېنىقراق گەپ قىلساڭچۇ، - سەلەي جاپپارنىڭ مۇغەمبەرلەرچە هىجىيىپ تۇرغان غەلىتە چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

- مەن نېمە ئۈچۈن سودا قىلىۋاتىمەن، ئېتىزىمدا كىم ئىشلەۋاتىدۇ، بىلەمسەن. هازىر كاللا ئىشلەتمىسەڭ بىكار، بىز دېگەن يەر ئىگىسى، خوجايىن دېگەن گەپ. ئىزدىسەڭ ئىشلەمچى دېگەن ساماندەك، يەرنى تېرىپلا ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭ، يازچە ئېتىزىڭنىڭ ئىشىنى ئاشۇ ئىشلەمچىلەر ئىشلەپ كۈزدە پۇل بولغۇدەك بولغىنىدا ساڭا ئۆتكۈزىدۇ.

- ئۇ ئىشلەمچىلەر نەدىن كەلگەن؟

- نەدىن كېلەتتى، ئەلۋەتتە سىرتتىن كەلگەن. ئۇلارغا ياتىدىغان جاي، ئىشلەيدىغان ئىش بولسىلا بولىۋېرىدۇ. بىزنىڭ ئۆيدە هازىر ئىشلەمچىدىن ئىككىسى بار. خالىساڭ شۇلارنىڭ بىرسىنى ساڭا بېرەي.

شۇنداق قىلىپ سەلەي، جاپپار توڭنىڭ گېپى بويىچە، ئۆزىنىڭ 10 مو يېرىنىڭ پەرۋىشىنى 1500 يۈەنگە سېتىۋېتىپ «راهەت» كە چىقىۋالدى. سەلەي ياللىۋالغان ئىشلەمچى، ئۆزىنىڭ ئورۇق، ئەبگا تۇرقىنىڭ ئەكسىچە، بىر خىل ياۋايى كۈچىنىڭ تەسىرىدە هەرىكەتلىنىۋاتقان ماشىنىغا ئوخشاش تىنىم تاپماس ئادەم چىقىپ قالدى. كۈنگە يېگەن تامىقىنىڭ تايىنى بولمىغان بىلەن، قورتتەك مىدىرلاپ ئېتىزدىن كىرمەيتتى. سەلەي كۆتۈرۈشكە جۈرئەت

www.uyghurkitap.com

قىلالمايدىغان ئوغۇت خالتىسىدىن ئىككىنى مورىسىغا ئىلىۋېلىپ كېتىۋېرەتتى. پېشانىسىدىن تەر تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ بىردەم ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇۋېلىشنى ئويلاپمۇ قويمايتتى.

سەلەي ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىپ ھاردى، ئاخىر ئېتىزغىمۇ چىقماس بولدى. چىققان بىلەنمۇ ئۇنىڭغا قىلىدىغان ئىش يوق ئىدى. بۇ ئىشلەمچىنىڭ تىنىمسىز ئەمگەكلىرى بەدىلىگە كۆزدە كېۋەزلەر تولۇق ۋە توق ئېچىلىشقا باشلىدى. پاختا تېرىش مەزگىلىدە ھېلىقى ئىشلەمچى سەلەينىڭ رازىلىقى بىلەن يەنە بىر بۆلۈك پاختا تەرگۈچىلەرنى باشلاپ كەلدى.

ئۇ ھەر كۈنى پاختا ساتقىلى ئىشلەمچىسى بىلەن بىللە باراتتى. لېكىن ھەر كۈنى ساتقان پاختىسى ئۇدۇللۇق سۇ ھەققى، خىمىيىۋى ئوغۇت، ئۇرۇق، سۇلياۋ يوپۇق دېگەندەك ئەتىيازدا نېسى بېرىلگەن نەرسىلەرگە تۇتۇپ قېلىناتتى. ئەڭ ئاخىرقى تېرىمنى سېتىلغاندا، ئۇ تۇنجى قېتىم 1800 يۈەن نەق پۇلنى قولىغا ئالدى. ئۇ بۇ پۇللاردىن ئىشلەمچىسىگە 1500 يۈەننى ئاران ئاجرىتىپ بەردى. ئۇ ئاز بولسىمۇ 300 يۈەن پۇللۇق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ پاختا - كەندىر شىركىتى دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ چىققىنىدا، ھېلىقى پاختا تەرگەن ئىشلەمچىلەر ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

- بۇ؟ !- دېدى سەلەي يېنىدىكى ئىشلەمچىسىگە قاراپ.

- ئۇلارنىڭ پاختا تەرگەن پۇلىنى سىز بېرىسىز،- دېدى ئاۋاق ئىشلەمچى ئۇنىڭ مورىسىگە شاپىلاقلاپ،- چۈنكى مەن پەرۋىش ھەققى ئۈچۈنلا پۇل ئالدىم.

ئاخىرقى 300 يۈەن پۇلمۇ ئۇنىڭ قولىدىن ئاسانلا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆز يېرىدىن باشقىلارنىڭ پۇل تېپىپ خەجلەپ كەتكىنىنى ئويلاپ يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي يول ياقىسىدىكى سېمونت تاختىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇ يەنىلا قۇرۇق قول ھالدا ھېلىقى غېرىبانە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى - دە، ئۆزىنىڭ ئازاب ۋە خورلۇق ئارىلاشقان تۈگىمەس خىياللىرىغا چۆكۈپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ خىياللىرىغا ھالاقەت بېرىپ ئىشىك ئېچىلدى. ئۇ بېشىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا - تاپىسىدا جاپپار بىلەن ھېلىقى ئىشلەمچى چىرايلىرىدا كۈلكە ئوينىتىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. «ھەرقاچان مېنى كېلىشتۈرۈپ ئوڭدا قويغىنىڭلار ئۈچۈن كۈلۈۋاتقانسىلەر، ھەرقاچان يەنە بىرەر پىلان بىلەن كىرىشكەنسەن، ھۇ قويمىچىلار» ئۇ باشقىلارنى ئالداپ پۇل، مال - مۈلكىنى ئېلىۋالغانلارنى قويمىچى دېگەن نام بىلەن ئاتايدىغانلىقىنى مۇشۇ جاپپاردىن ئاڭلىغانىدى. لېكىن ئۇ مۇشۇ سۆزلەرنى دېگەن بىلەن ئۆزىنىڭ قويمىچى ئىكەنلىكىنى ئەپلەپ يوشۇرغانىكەن - دە. ئۇ چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، مۇشتۇمىنى تۈگدىيۇ، لېكىن جاپپارغا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى.

- ئۆيۈڭگە مېھمان كىرسە ئولتۇرمۇ دېمەيسەنغۇ، بۇنداق قىزغانچۇقلۇق قىلما سەلەي چوڭ. ھەرقاچان خۇمارىڭ تۇتۇپ جۇدۇن بولۇپ قالغانسەن، تۇتە ماۋۇ تاماكىنى،- جاپپار ئۇنىڭغا ئاغزى ئېچىلغان بىلەن لېكىن تۇزۇك چېكىلمىگەن بىر قاپ تاماكىنى تاشلاپ بەردى،- ئۇنداق چۈشكۈنلىشىپ كەتمە. ئاۋۋال تاماكا چەك، ئاندىن ساڭا ئوبدان بىر مەسلىھەتىم بار.

سەلەي ئاچچىقىنى سەل بېسىۋېلىپ تاماكىدىن بىرنى چىقىرىپ تۇتاشتۇرۇپ ئاچ كۆزلەرچە شوراشقا باشلىدى.

- نېمە مەسلىھەت ئۇ، يەنە بىر ئوڭدا قويايلى دەپ كىرگەنسىلەر، ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى،- سەلەي ئۇلارنىڭ تېخىچە ئۆرە تۇرغانلىقىنى ئەمدى كۆرگەندەك پەسكە چۈشتى.

- ھە مانا ئەمدى ئادەمدەك گەپ قىلدىڭ،- دېدى جاپپار كاڭنىڭ قىرىغا ئولتۇرۇپ،- سېنىڭ قەرزىڭ جىق بولغاچ كىرىمىڭ چىقىمىڭنى بويلىيالمىدى. شۇڭا قۇرۇق قول قالدىڭ. بۇنى بىزدىن كۆرسەڭ بولمايدۇ، ساڭا دەيدىغان مەسلىھەتىم ماۋۇ ئىشلەمچى سېنىڭ يېرىڭنى بەش يىللىق توختام بىلەن بىراقلا كۆتۈرۈۋالسام دەيدۇ. سەن ھېچنېمىسىگە ئىگە بولمايسەن. ئۇرۇق، سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇ، توك پۇللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئۈستىگە ئالىدۇ. ساڭا ئۇ ھەر يىلى يەر ھەققىڭ ئۈچۈن بىر مو يەرگە 70 يۈەندىن پۇل بەرمەكچى، ئەگەر

ماقۇل كۆرسەڭ توختامغا قول قويساڭلا پۇلنى هازىرلا تۆلەيدۇ. پەقەت سەن يەر خوجايىنى بولغىنىڭ ئۈچۈنلا يىلىغا 700 يۈەن پۇلنى چۈنتىكىڭگە سېلىۋېرىسەن.

سەلەي ئويلىنىپ قالدى. تاماكىدىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇردى. دېمىسىمۇ بۇ ناهايىتى ياخشى سودىدەك قىلاتتى. بىكاردىن بىكار 700 يۈەن پۇلغا ئىگە بولىدىغان گەپكەن. ئەمدى يېرىم بار ئىدى، پاختا ساتاتتىم دەپ يۈرۈشىڭمۇ هاجىتى يوق. پاختا ساتقان بىلەن پۇلنىڭ هەممىسى نېسى ئالغان نەرسىلەرگە كېتىدىكەن. يىل ئاخىرىدا مانا مۇشۇنداق قۇرۇق قول قالىدىغان گەپكەن. ئۇ تاماكىنى چەككەنسېرى مېڭىسىنىڭ ئېچىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنداق نەق پايدىنى قولدىن چىقىرىش ئەخمەقلىق بولىدىغانلىقىنى هېس قىلدى.

– بوپتۇ، لېكىن بىر موغا 100 يۈەندىن بەرسۇن،– دېدى سەلەي تاماكا كۆتىكىنى يەرگە تاشلاپ ئۇنى ئېزىۋەتكەندىن كېيىن يۈرەكلىك ئېغىز ئېچىپ.

– ئىنساپ قىل سەلەي چوڭ،– دېدى جاپپار سەلەينىڭ ئوڭايلا ئىندەككە كەلگىنىدىن خۇش بولۇپ،– بىكارغا كېلىدىغان پۇلغىمۇ شۇنچە ئۆرە باها قويامسەن؟!

– كۆتۈرە ئالسا شۇنچىلىك بولمىسا بولمايدۇ، يەر مېنىڭ بولغاندىكىن ئەلۋەتتە شۇنچىلىك پۇل ئېلىشىم كېرەك.

ئۇلار خېلى سودىلىشىپ ئاخىر بىر موسىغا 90 يۈەندىن بېرىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

– پۇل پۇلنى تاپىدۇ دېگەن گەپ بار. ئەمدى تېرىيمەن دەيدىغان يېرىڭ بولمىغاندىكىن، مەن بىلەن تىرىچىلىك قىل. بىكار يېتىپ يېسەڭ ئۇ پۇلۇڭنىمۇ كۆلىنى كۆككە سورۇپ بولىسەن. ئەگەر قىلىمەن دېسەڭ مەن ياردەم قىلاي،– دېدى جاپپار ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

– مەن قاملاشتۇرالارمەنمۇ جاپپار ئاخۇن،– دېدى سەلەي تىرىكتاپ خۇشلۇقىنى ئىچىگە پاتۇرالماي.

– مەن ئۆگىتىمەن دېدىمغۇ،– دېدى جاپپار سەلەينىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ.

سەلەي تىرىكتاپ بەش يىللىق توختامغا قول قويغان كۈنى تۈنجى يىللىق 900 يۈەن پۇلنى ئالدى - دە، جاپپارغا ئەگىشىپ شەهەرگە چىقتى.

شەهەردىكى ئېگىز بىنالار، غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلار، بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر، بازاردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ گۈرەن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ ۋارقىراشلىرى ئۇنى مەڭدىتىپ قويدى. جاپپار ئۇنى باشلاپ بېرىپ بىر قۇر كىيىم سېتىۋالدى. مۇنچىغا چۈشۈرۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئالدۇرۇپ يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈۋەدى، خېلىلا ئىسكەت كىرىپ قالغان سەلەي ئۆزىنى ناهايىتى روهلۇق هېس قىلدى. ئۇ گەرچە تېتىكلىشىپ قالغان بولسىمۇ، بىر قۇر كىيىنىش ئۈچۈنلا 200 يۈەن پۇلنىڭ ئېڭىكىنى قوشتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. لېكىن ئامال قانچە «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەندەك، شەهەردە تۇرۇش ئۈچۈن شەهەرگە لايىقراق ياسانمىسىمۇ بولمايدۇ - دە.

تۈنجى قېتىملىق سودىدا جاپپار ئۇستىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا خېلىلا پايدا كەلتۈردى. ئۇ شۇ سودىدىلا كىيىملىرى ئۈچۈن تۆلىگەن پۇلنى قايتۇرۇۋالغانىدى. كېيىنكى سودىلاردا جاپپار ئانچە ئارىلىشىپ كەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن نەس باسقىلى تۇردى. هېلىگەر سودىگەرلەر ئۇنىڭغا ئۆتمەس تېرىلەرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ بىر ئاي ئىچىدىلا دەسمايىسىنى غالتەككە چىقىرىپ قويدى. ئۇ ئەمدى هېلىقى ئون يۈەنلىك ياتاقتا يېتىشتىن، كۈنىگە بىرەر ۋاخ لەڭمەن يەۋېلىش پۇرسىتىدىن مەهرۇم بولغانىدى. ئۇ جاپپارنى ئىزدەپ تېپىپ دەردىنى تۆكتى. ئەمدى يېزىغا قايتىپ كەتمەكتىن باشقا يول قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى.

– كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، سودا دېگەن قىمارغا ئوخشاش نەرسە. بەزىدە ئۇتتۇرىسەن، بەزىدە ئۇتىسەن. مەن ساڭا يەنە بىر قېتىم ياردەم قىلىپ مىڭ كوي پۇل ئۆتنە بېرىپ تۇراي، قايتۇرۇش ۋاقتى بىر ئاي بولسۇن. ئەگەر مۇشۇ پۇلنىمۇ يوقاتساڭ مەندىن خاپا بولما، ئاشۇ ئەسكى ئۆيۈڭنى قەرزگە هېسابلاپ ئېلىۋالىمەن.

– ماقۇل، چوقۇم شۇنداق قىلاي،– بازارنىڭ تەمىنى، شەهەرنىڭ راهىتىنى ئوبدانلا تېتىپ قالغان سەلەي تىرىكتاپ يەنە بىر قېتىم تەلەي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىناپ باقماقچى بولۇپ پۇلنى ئالدى. چۈنكى يېزىغا قايتقاندا ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدىغىنى موھتاجلىق ۋە ئاچلىق ئىدى. بۇ جايدا ھەر ھالدا ئۈچ ۋاخلىق تامىقى جايىدا بولۇپ، بىرەر قېتىم ياخشىراق تاماق يەۋېلىشقا بولاتتى. لېكىن مۇشۇ سودا دېگەننىڭ ئۆزىگە خاس ھۈنەرلىرى، باشقىلار بىلمەيدىغان ئەلمى - تەلمى بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئەنە، جاپپار پۇلنى سۇدەك خەجلەپ يېگىدىن سېتىۋالغان موتسىكلىتىنى چاپتۇرۇپ يۈرمەمدۇ. مەنمۇ ئەقىل بىلەن سودا قىلسام بېيىپ قالامدىمەن تېخى.

لېكىن سەلەينى نەس باسقىنى باسقانىدى. ئاخىر جاپپار سېلىپ بەرگەن دەسمايىمۇ سورۇلۇپ كەتتى.

- پۇلنى خەجلەپ بولدىڭىزما سەلەي بايۋەچچە،- دېدى جاپپار بىر كۈنى ئۇنى تۆت كوچا دوقمۇشىدا تۇتۇۋېلىپ،- يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇمايدۇ، ئەمدى قەرزنى قانداق ھېسابلىشىمىز.

- مەن سودىغا يارىمايدىكەنمەن جاپپار بايۋەچچە،- دېدى سەلەي تىرىكتاپ يىغلامسىرىغان ھالدا،- ئاشۇ سەھرادا كۆيۈمچان قوشنىلار بەرگەن بىر چىنە ئاشتا قورسىقىم توياتتى، پۇل خەجلىمەي ياتىدىغان ئۆيۈم بار ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ نېمىدەپ چىققاندىمەن بۇ بۇلاڭچىنىڭ شەھىرىگە، مېنى ئەسلى - ۋەسلىمدىن ئايرىپ قويدىغۇ.

- سەن سودىغىلا ئەمەس، ھېچنېمىگە يارىمايسەن تىرىكتاپ،- دېدى جاپپار ئالدىدا شۈمشىيىپ تۇرغان سەلەيگە ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ،- سېنىڭ تومۇرۇڭدا ئىشلەمچىنىڭ قېنى يوق. سەن مەڭگۈ باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ ياشايدىغان قۇرتسەن. شۇنداقلىقىڭدىن يەر ھەتتا ئۆيۈڭدىنمۇ ئايرىلدىڭ.

- ئۆيۈڭدىن؟! مەن قانداق قىلىپ ئۆيۈمدىن ئايرىلىدىكەنمەن.

- ئۆتكەندە ساڭا مىڭ يۈەننى بەرگەندە نېمە دېدىم، مۇشۇ پۇلنى قايتۇرالمىساڭ ئۆيۈڭ قەرز ھېسابىدا ماڭا ھېساب بولىدۇ دېمىگەنمىدىم. ماڭ، كۆزۈمدىن يوقال، ساڭا ئوخشاش لايغەزەللەر ئۆيات - نومۇسنى قايرىپ قويۇپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ. سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ شۇ قالدى ئەمدى.

ئۇ راست دېگەندەكلا تىلەمچىلىك قىلدى. بىراق ئاخىر بۇ ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە، ئۆزىنىڭ تاپتىن پەرقسىز تېنىنى سۆرەپ يېزىسىغا قايتىپ كەتتى.

جانجان سەھرا ئەتىيازلىق تىرىلگۈگە جىددىي كىرىشكەن دېھقانلارنىڭ شاد ناخشىلىرى بىلەن جانلىنىپ كەتكەنىدى. تراكتورنىڭ تاتىلداشلىرى، كىشىلەرنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، قوي - كالىلارنىڭ مەرەش - مۆرەشلىرى بىلەن تويۇنغان يېزا يولدا توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقان سەلەي تىرىكتاپقا نەپرەت نەزىرىدە قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

سەلەي ئېتىزلىقنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە يېڭى خوجايىن قوللىرىنى شىلتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. بىرنەچچە ئىشلەمچى ئېتىزنىڭ قىر - تىرگەنلىرىنى رەتلەپ جىددىي ئىشلەۋاتاتتى.

«ئاھ، مېنىڭ يېرىم» ئۇ ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى - دە، بوغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئىشلەمچىلەر بۇ ساراڭنىڭ قىلىقلىرىغا ئاچچىقلىنىپ يېتىپ كەلگىنىدە، سەلەي تىرىكتاپنى تونۇۋالغان خوجايىن ئۇلارنى توختىتىپ قويدى...

سەلەي تىرىكتاپ شۇ ياتقىنىچە ئىككى كۈن ياتتى. ئاچلىق، خورلۇق ئۇنى ئازابلايتتى. ئەتىيازنىڭ ئاپتىپى ئۇنىڭ روھسىز، كۈچسىز، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بەدىنىنى رەھىمسىزلەرچە كۆيدۈرەتتى. ئەترەت باشلىقىنىڭ غەزەپ بىلەن كايىشلىرى، ئاق كۆڭۈل دېھقانلارنىڭ نەسىھەتلىرى كارغا كەلمىدى. ئۇ ئۆزى چىڭراق كەتمەن چاپالمىغان، بىرەر تامچە تەر تۆكۈپ تۇپرىقىنى نەمدىيەلمىگەن مۇنبەت يەرگە سىڭىشىپ كېتىشنى مەقسەت قىلغاندەك جىمىدە ياتاتتى.

# مەۋجۇدىيەت ۋە 21 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئابلىكىم خېۋىر

خېلى يىللاردىن بۇيان گۈڭگا شېئىرلارنى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتۇق، ئەپسۇس، بۇنداق شېئىرلار ھازىر ئازىيىپ كەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان گۈڭگا ماقالىلەرنىمۇ كۆرىدىغان بولۇپ قالدۇق. گۈڭگا ماقالىلەر گۈڭگا شېئىرلارنى چۈشەندۈرۈش، تراگېدىيە ئېڭىنى تەشۋىق قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پەلسەپە مەنبەسىنى غەرب مودېرنىزملىق پەلسەپە ئېقىملىرىدىن ئىزدەش ياكى سوپىزمدىن ئىزدەش مەزمۇنلىرىدا يېزىلىۋاتىدۇ. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 3 - سانىغا ئاشۇنداق ماقالىلەردىن يەنە بىرى بېسىلىپ چىقتى. «ئەدەبىيات ۋە مەۋجۇدىيەت» ناملىق بۇ ماقالىنى باشتا بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدىم. كۆڭلۈم گۈڭگا شېئىرلارنى ئوقۇپ سالغاندەك ئەسكى بولدى. ئۆزۈمنىڭ ئاڭقىرىش سەۋىيەمدىن گۇمانلىنىپ، قولۇمدىكى ژۇرنالنى تاشلاپ قويدۇم. بىراق ماقالىنىڭ قايسىبىر جايلىرىدىكى مەۋجۇدىيەت ئاتالغۇسىنى چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ مەن بىلىدىغان «مەۋجۇدىيەت» بىلەن ئىككى دۇنيا بولۇپ چىقىشى، 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭىلىك بىلەن ئىنكار قىلىشلار، زۇنۇن قادىرى ھەققىدىكى نامۇۋاپىق باھالار، ئەدەبىيات ئۈچۈن ھەممە نېمىسىنى بېغىشلىغان ئەدىبلەرنىڭ ماقالە ئاپتورى نەزىرىدە «بىر توپ گۇمراھلار»غا ئايلىنىپ قېلىشى، شېئىرىيەتنىڭ ھەپتىيىكىدىن چىقالمايۋاتقان ئىككى ھەۋەسكارنى «ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىڭ يىللىق تىندىنسىيىسىنى ئىزچىللاشتۇردى» دېيىشلەر، 21 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى سوپىزمچە دالالەت مېڭەمنى تۇتۇپلىۋالدى. ژۇرنالنى قايتىدىن قولۇمغا ئېلىپ، ماقالىنى يەنە ئوقۇشقا باشلىدىم. ئاپتورنىڭ ماقالىسىدە كۆتۈرۈپ چىققانلىرى ھەممىسى چوڭ مەسىلىلەر ئىدى. بۇ ماقالىدىن مەن بۇرۇن ئاڭلىغان «500 يىللىق تراگېدىيە» دېگەندەك ئىنكارچىلىق پۇراپ تۇراتتى. شۇڭا يۇقىرىقى مەسىلىلەر توغرىسىدا مېنىڭمۇ ئۆز قاراشلىرىمنى قويغۇم كەلدى، مەن قاراشلىرىمنى بىر ئەسىرلىك ئەدەبىياتىمىزغا مەسئۇل بولۇشتەك بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن 21 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەگە بارىدۇ؟ دېگەنگە جاۋاب بېرىش نۇقتىلىرىدىن يورۇتماقچىمەن.

**1. مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى**

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ناھايىتى چوڭ بىر تەتقىقات تېمىسى. ئۇ ھەم ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، پەلسەپە، ئەدەبىيات تارىخى، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ تەتقىقات تېمىسى، شۇنداقلا تارىخ، تىلشۇناسلىق پەنلىرىنىڭمۇ تەتقىقات تېمىسى. 20 - ئەسىردىن بۇرۇنقى مىڭ يىللىق ئەدەبىياتىمىز ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتىنى، تەقدىرىنى، قىممىتىنى خۇداغا باغلاپ چۈشەندۈرۈپ كەلگەنىدى. 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بولسا ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە تەقدىرىنى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى، ئورنى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈردى. «ئەدەبىيات ۋە مەۋجۇدىيەت»نىڭ ئاپتورى 21 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى چوقۇم 20 - ئەسىردىن بۇرۇنقى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىڭ يىللىق سۇلالىسىدە

www.uyghurkitap.com

باشتىن ـ ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ، دەۋرلەرنىڭ پۈتۈن خەلقنىڭ تەبىئەت، ئالەم، جەمئىيەت قاراشلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن» ۋە «20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە سۇسلاشقان، ئىستىخىيىلەشكەن ۋە ئۆزۈلگەن» تىندىنسىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك، دەپ ئېيتىدۇ. ئۇنداقتا 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئىنكار قىلىش كېرەكمۇ؟ ئاپتور بىزگە مەسىلىنى شۇ تەرىزدە كەسكىن قىلىپ قويىدى.

ئاپتور ماقالىسىدە ئۆز قاراشلىرىنى قويۇق پەلسەپىۋى بايانلار بىلەن شەرھلىگەچكە ھەمدە «مەۋجۇدىيەت»، «رېئاللىق»، «ئېھتىماللىق» دېگەن ئۇقۇملارغا غەلىتە تەبىرلەرنى بەرگەچكە، ماقالە گۇڭگا تۈسنى ئالغان. ئاپتور نۇرغۇن سەھىپە بىلەن بايان قىلغان يۇقىرىقى ئۇقۇملارنى ئۆزىنىڭ سوپىزمچە قاراشلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغاچقا، ماقالىنى چۈشەنمەكمۇ تەس ئىكەن.

ئاپتور زۇنۇن قادىرىنىڭ باقى ئۈچۈن ئاھ ئۇرغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلاردىكى ئىلاھىي نەپەس بىر»، «ئىنسانىنىڭ ئۆپكىسى ۋە يۈرىكىدىن ئىبارەت بۇ ‹ماشىنا› بىر قانۇنىيەتنىڭ ئىدارىسىدە ئۇت ئالغان».

ئاپتور يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پۈتكۈل رېئاللىق ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى «1» رەقىمىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆزلەشكەن». ئاپتور ئۆز ماقالىسىدىكى مەركىزىي ئىدىيىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «زۇنۇن قادىرى ئىنسان قىممىتىنى جەمئىيەت ۋە سىنىپ نۇقتىسىدىن ئىزاھلايدۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ (ئىنسان قىممىتىنى) ئىنسانىنىڭ مەۋجۇدىيىتى، يەنى پېئىل ـ ئېتىبارى، خۇلق ـ مىجەزى، روھىي مەنبەسى نۇقتىسىدىن ئىزاھلايدۇ. بۇنىڭدىن بىز 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئەدەبىياتىمىزدىكى پەلسەپىۋى ئىزچىللىقنى قايسى دەرىجىدە ئۈزۈپ قويغانلىقىمىزنى قىياس قىلالايمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پەلسەپە ئەنئەنىسى تاكى 19 ـ ئەسىرگە كەلگىچە ئۈزۈلمەس ئېقىن سۈپىتىدە شاۋقۇن سېلىپ كەلگەنىدى. بىراق 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ شاۋقۇن پەسىيىپ كەتكەن ياكى يوق بولۇپ كەتكەن. بۇ دەل مىللىي ئىمانىنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر ئەسىرلىك گاڭگىراش دەل ئاشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي، سىياسىي مەنىدىكى گاڭگىراشلارنىڭ ياتتۇ كۆرۈنۈشىدۇر». ئاپتور يەنە «مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمىغا ئايلاندۇرۇلغان روھىيەت شەرق شائىرلىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر ـ تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەتىنى بولۇپ كەلدى» دەيدۇ. ئاپتور ئۆزى دەۋاتقان مەۋجۇدىيەتنى تامامەن سوپىزم پەلسەپىسىدىكى مەۋجۇدىيەت بىلەن بىر دەپ قارايدۇ. يۇقىرىقى ھۆكۈملەردىن بىز ئاپتور دەۋاتقان «مەۋجۇدىيەت» بىز بىلىدىغان «مەۋجۇدىيەت» بىلەن ئىككى دۇنيا ئىكەنلىكىنى، ئاپتور دەۋاتقان مەۋجۇدىيەت ـ روھىيەت، يەنى خۇدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. شۇڭا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاپتورنىڭ ماقالىسىنى چۈشەنمەك خېلى ئاسانلىشىپ قالىدۇ.

**2. مەۋجۇدىيەت ۋە ئەدەبىياتىمىزدىكى «ئۈزۈلگەن تىندىنسىيە» توغرىسىدا**

ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى بىلىشى، ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ قىممىتى پەقەت 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتىمىزدا بولسا «خۇدا»، «سىرلىق ‹1› رەقىمى»، «ياراتقۇچىنىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەن دىنىي پەلسەپە، يەنى ئالەم بىلەن ئادەمنى سوپىزمچە چۈشەندۈرۈش مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلگەنىدى. 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىنسان مەۋجۇدىيىتى ۋە تەقدىرىنى جەمئىيەتكە باغلاپ چۈشەندۈرۈشى ۋە بۇ جەھەتتىكى مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيىتى، شۈبھىسىزكى ئۆزى ئۈچۈن چەكسىز تەرەققىيات بوشلۇقىنى ئېچىۋالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، زۇنۇن قادىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈردەك ئۇلۇغ ئەدىبلەر دەل 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى ئەدەبىياتنىڭ ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنى ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىن ئىزدەش دولقۇنلىرىدا مەيدانغا كەلدى. 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەدىب، ئالىم، سۆز سەنئەتكارى دەپ تونۇپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائىي، شامەشرەپلەرنى ئىنتايىن قەدىرلىسىمۇ ۋە ئۇلارغا ئەينى دەۋر

چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈش تەلىپىنى قويمىسىمۇ، بىراق مۇتەپەككۇر ھېسابىدا ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان جايلارنىڭ ئۇنچە كۆپ ئەمەسلىكىنى جاكارلاپ، ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشلىرىدە ئاستا - ئاستا قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

دۇنيادىكى پەلسەپىۋى ئېقىملار مەۋجۇدىيەتنى خىلمۇخىل چۈشەندۈرۈپ كەلدى. ئادەم پىكىر قىلغۇچى سۇبيېكت ھېسابلانغاندا، ئۇنىڭ پىكرىنىڭ تېشىدا تۇرغان ھەممە نەرسە، ھەتتا ئۇنىڭ جىسمانىيىتىمۇ شۇ ئادەم ئۈچۈن مەۋجۇدىيەتتۇر، ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، ياشىشى، ئۆلۈشى، تۇپراققا ئايلىنىشى مەۋجۇدىيەتتۇر. ئېھتىماللىقنى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى دېگىنىمىزدە، ئۇمۇ مەۋجۇدىيەت. بىراق روي بەرمەيدىغان ئېھتىماللىق بولسا بىر خىل قىياستىن ئىبارەت. دىن دەل ئېھتىماللىقنىڭ روي بەرمەس تەرىپىنى مەۋجۇدىيەت دەپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا دىن بىر خىل خاتا قىياسلارنىڭ توپلىمى. ئالەمدە ماددىلا بار، مەۋجۇدىيەت ماددىي دۇنيانىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى. روھ، ئاڭ، تەپەككۇر بولسا ماددا ۋە مەۋجۇدىيەتنىڭ كىشى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدىنلا ئىبارەت. ئالەمدىن ماددا ۋە ماددىنىڭ كىشى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدىن باشقا ئۈچىنچى بىر نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ماددا بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بارلىق پەلسەپىلەر ھەر خىل جاۋاب بېرىپ كەلگەن تۈپ مەسىلە. 20 - ئەسىردىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتىمىز ئاشۇ ئۈچىنچى نەرسىنى مەۋجۇت ۋە بەلكى ھەممە مەۋجۇدىيەتنىڭ جەۋھىرى دەپ چۈشەندۈرۈپ كەلدى. بۇ خىل چۈشەندۈرۈشلەر 20 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەنىۋى تىرىكى، ماھىيىتى ۋە ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ئىدى. ئۇنىڭدا نە ئىنساننىڭ قىممىتى، نە ئىنساننىڭ ئورنى بولسۇن، ئىنسانلارغا ئالەمنى، ئۆزىنى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزىنىڭ ياشاشلىرىغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھېچقانداق بىر بوشلۇق قالدۇرۇلمىغانىدى. بىراق ھەزرىتى قىسورىدەك شائىرلارنىڭ ئۆتكىنىگە كۆز يۇمساقمۇ بولماس.

«ئەيسادەك كىشىگە بېرىپ بىر ئېشەك،

ئېشەكتەك كىشىگە بەردىڭ مىڭ بوراق.»

قىسورى: «مەۋجۇدىيەتنىڭ جەۋھىرى» نى سۆكۈپ، ئەيسادەك ئادەمنى يۇقىرا ياراتتىڭ، ئېشەكتەك ئادەمنى ئەلگە خان ئەتتىڭ، دەيدۇ. بىراق قىسورى ھادىسىسى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتىمىزدا ئىنتايىن ئايرىم ھادىسە. بۇ گويا ئورۇندىلىۋاتقان مەرغۇل ئاخىرقى ئۇدارنى تۈگىتىشكە ئۇلگۇرۇپ ئۈزۈلگەن تارنىڭ «تاراڭ» دىن ئىبارەت، خالاس. ئاپتور «مەۋجۇدىيەتنىڭ جەۋھىرى» نى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىڭ يىللىق تىندىنسىيىسى ئىدى، بۇ تىندىنسىيە 20 - ئەسىرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالدى دەپ قاراپ، 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭىلىك بىلەن ئىنكار قىلدى. نەۋائىينىڭ «كۆزنىڭ مەۋجۇتلۇقى سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭدۇر» دېگەن مىسراسى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئۇ خالاپ ياراتتى، ياراتتى (توغرىسى «ياراتتى» بولۇشى كېرەك) پۈتۈن / ئۇ بىرلا «بول» دېدى، بار بولدى پۈتۈن. /ئەي، بىرسەن، بىرىكمەس ساڭا باشقا بىر /بۇرۇن سەن جىمىدىن، جىمىدىن ئاخىر» دېگەن مىسرالىرى ئاپتور تىلغا ئالغان مەۋجۇدىيەت ياكى تىندىنسىيىنىڭ يەشمىسى بولدى.

ھايات مەلۇم بىر ئادەم ئۈچۈن بىرىنچى نۇقتا ۋە ئاخىرقى نۇقتا، ئەمما ئىنسانلار ئۈچۈن بىرىنچى نۇقتا بولۇشى مۇمكىن، ھەرگىزمۇ ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس. ئىنسان ھاياتلا بولىدىكەن، ھەرىكەت قىلىشتىن ۋە پىكىر قىلىشتىن توختاپ قالمايدۇ. يۈرەكنىڭ ھارارەت چېچىپ دۈپۈلدىشى، ئۆپكىنىڭ ياخشىراق ھاۋانى سۈمۈرۈپ، بۇزۇلغان ھاۋانى سىرتقا ھەيدىشى ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن نان ۋە سۇدەكلا زۆرۈر. مۇشۇلار تەل بولغاندىلا مېڭىنىڭ پىكىر ئىزچىللىقى بولىدۇ. ئاڭلىق ھەرىكەت، پىكىر قىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىنسانلار ھايۋانلاردىن ئايرىلىپ چىققان. بۇلار ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ مەۋجۇدىيىتى، ھەرىكەت قىلىش ۋە پىكىر قىلىشنىڭ نىسبىي تىنچ ھالىتى ئۇيقۇ بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئۇيقۇ جەريانىمۇ مۇتلەق تىنچ ھالەت ئەمەس. پىكىر قىلىش بولسا ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ، ھەرىكەت قىلىش رېئال دۇنيانى ئىنساننىڭ ھايات قىلىشلىرىغا

لايىقلاشتۇرۇش ئۇچۇن بولىدۇ. پىكىرلەر ئىچىدىكى قىياس، تەسەۋۋۇر، فانتازىيە، ئىزگۇ تىلەكلەر، غايە، ھەۋەس، ئىنتىلىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان ھەرىكىتى ئۈچۈن تۈزۈلۈۋاتقان يېڭى پىلان، سىزىلىۋاتقان يېڭى يوللار بولۇشى مۇمكىن. قورسىقىڭ ئاچسا قورساقنى تويدۇرۇشنىڭ، چاڭقىساڭ سۇسىزلىقنى قاندۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىسەن. ئارقىدىن كېلەر قېتىملىقنىڭ، ئەتىنىڭ روزىغارى ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىسەن. ئىنسان شۇ يوسۇن، كېلەر قېتىملىقنىڭ ۋە ياكى ئەتىنىڭ غېمى بىلەنلا ياشايدىغان مەخلۇق. كېلەر قېتىم ۋە ئەتە ئىنسان ئۈچۈن تۈگىمەيدىغان، ئايىغى چىقمايدىغان ئوقەت ئۇقۇمى، مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان ۋاقىت ۋە ھەرىكەت ئۇقۇمى. ئىش شۇقەدەر ئاددىي، شۇنداق بىر ئەبەدىيەت، مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان يول. ئىنسانغا ماددىي دۇنيادىن بەش ئامىل زۆرۈر: سۇ، ھاۋا، نان، ماكان، كىيىم - كېچەك. مۇشۇلار تەل بولغاندا ياكى تەل بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغاندا، ئادەملەر ئاندىن ئەۋلاد قالدۇرۇش، ئېتىقاد، دىن، ئىلىم - پەن، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلارنى ئويلاشقا ۋاقىت چىقىرالايدۇ. ئىنساننىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ئۈچۈن ئاشۇ بەش ماددىي ئامىل زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىغىمۇ ئاشۇ بەش نەرسە زۆرۈر. ئىنسانلار ئالدى بىلەن ئاشۇ بەش نەرسە ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، پىكىر قىلىدۇ ۋە ئىزدىنىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتى.

«مەۋجۇدىيەت» نى ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە باقماي مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ماددىي ئالەم دەپ چۈشەندۈرگەندىلا، توغرا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. ماددىي ئالەم زامان ۋە ماكاننىڭ قۇتۇپلۇق كوردىنات سىستېمىسىدا ئالتە تامانغا سوزۇلۇپ كەتكەن چەكسىزلىك ھەم ئەبەدىيەت دەپ چۈشەندۈرۈش كەڭ مەنىدىكى مەۋجۇدىيەتتۇر؛ مەۋجۇدىيەتنى ئوبيېكتىپ رېئاللىق دەپ چۈشەندۈرگەندە، مەۋجۇدىيەت ھەققىدىكى ئۇقۇم تېخىمۇ كرىستاللىشىدۇ ۋە سوزۇلىدۇ. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدىن ئىبارەت، ئادەمنىڭ جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئېڭى بولسا ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت توغرىسىدىكى ئىنكاسى، دەپ چۈشەندۈرگەندە، مەۋجۇدىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچە جەۋھەرلىشىدۇ.

توغرا پەلسەپە ياكى دۇنيا قاراشنىڭ ئىنسانغا بېرىدىغان پايدىسى بىلىش ۋە قىلىش، قىلىش جەريانىدا بىلىش، بىلىش جەريانىدا تېخىمۇ ياخشى قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدە. ئۇ ئىنسانلارغا ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئىنساننىڭ ياشاشلىرىغا مۇۋاپىق قىلىپ ئۆزگەرتىش ئىشەنچىسىنى بېرىدۇ.

پەلسەپىدىكى ئېقىملارغا كەلسەك، ئۇلار دۇنيانى چۈشەندۈرۈشنىڭ خىلمۇخىل ۋەز - نەسىھەتلىرىنىڭ توپلىمى. ئالەمدىكى دىنلارمۇ ئالەمنى ھەر خىل چۈشەندۈرۈپ باقىدۇ. بىراق ئالەمنى ئىگىسى بار، دەپ چۈشەندۈرۈشتە ھەر خىل دىنلار بىرلىككە كېلەلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىنساننىڭ ئازاد پىكىرلىرىنى بوغۇپ، پۇت - قولىنى چۈشەيدۇ. سارترېنىڭ مەۋجۇدىيەت ھەققىدىكى تەلىماتى، ئەگەر ئاپتور ئېيتقاندەك نەۋائىينىڭ «كۆزنىڭ مەۋجۇتلۇقى سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭدۇر» دېگەن مىسراسىغا ئوخشاش بولسا، ئۇنداقتا ئەما ئۈچۈن ئەمانىڭ مەۋجۇتلۇقى يوق بولامدۇ؟ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىككى بېيىتى بولسا كەلىمە تەييىبەنىڭ ئۆزى. يۇقىرىقىلارنى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىڭ يىللىق تىندىنسىيىسى ئىدى» دېسەك، قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئەخمەتجان ئوسمان، ئەركىن ئىبراھىملار مۇشۇ «تىندىنسىيە» نى ئىزچىللاشتۇرۇۋاتىدۇ دېسەك، ئۇلارغا ئۇۋال بولماسمۇ؟ شامەشرەپنى تەنقىد قىلغانلار ياكى ئوقۇغانلارغا مەلۇمكى، بۇنداق «تىندىنسىيە» نى شامەشرەپ بۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇنلا تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ بولغانىدى. ئۇنىڭدىن ئەخمەتجان ئوسمان، ئەركىن ئىبراھىملارغا يازغىدەك ھېچنېمە قالمىدى. 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى چۆرۈپ تاشلىغان «تىندىنسىيە» نى 21 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

«21 - ئەسىردىكى مۇستەقىل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇستەقىل ئۆز ئىدىيىسىنى يوقاتمىغاندىلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ» دەيدۇ ئاپتور ئۆز ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا. مېنىڭچە، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىيات ئەمدى سوپىزمغا يانسا

تۈگەشكىنى شۇ، سارترىنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە ياكى ئاپتور تىلغا ئېلىۋاتقان مەۋجۇدىيەتكە يانسا، ئەدەبىيات تېخىمۇ تۈگەشكەن بولىدۇ. بۇنداق چېكىنىش توغرىسىدىكى دولقۇن ناھايىتى تېزلا پەسىيىپ كېتىدۇ. ئالەم ھازىر نەگە كەتتى؟ بىز سوپىزمنى ئوقۇپ، 21 - ئەسىرگە يۈزلىنەمدۇق؟ 21 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سوپىزمنى قىبلىنامە قىلالمايدۇ. جاۋاب شۇ دەرىجىدە ئاددىي.

گېزى كەلگەندە شۇنى دېمەكچىمەنكى، سوپىزم «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىسلەر»دە ھېچقانداق ئاساسىي بولمىغان، دۇنيادىن بىزار بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىنسانلارنى ياشاشتىن ۋاز كەچتۈرىدىغان بىر خىل زاھىدلارچە دۇنيا قاراشلارنىڭ ئەبجەش توپلىمىدۇر.

### 3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە زۇنۇن قادىرى

مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن زۇنۇن قادىرنى سېلىشتۇرىدىغان ماقالىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن. بۇ ئىككى ئەربابنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان ئىش خىيالىمغىمۇ كىرىپ باقمايتتىكەن. ئۇلارنىڭ بىرسى ئاسماندا ياشايدۇ، ئىلىم دۇنياسىغا چولپاندەك نۇر چاچىدۇ، ئۇنىڭ يەر يۈزىگە چاچقان نۇرى بولسا پىكىرلەر دۇنياسىغا چاچقان نۇرىنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ نۇرى كائىناتتەك مەڭگۈلۈك، قۇياشتەك ئەبەدىيەت؛ يەنە بىرسى ئاددىي ئادەم، يەتمىشكە كىرگەندىمۇ يىغىنلارغا پىيادە ماڭىدىغان، ئىچىپمۇ قويىدىغان، چېكىپمۇ قويىدىغان، ئىسسىق - سوغۇقنىڭ تەمىنى يەتكىچە تېتىغان ئادەم، ئۆمرىدە كېلىشتۈرۈپ بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان يازغۇچى. ئۇ كۈلۈشنى، يىغلاشنى بىلىدۇ. ئادەملەرگە چاقچاق قىلىشنى، دەردمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشنى، غەمسىز ئادەملەرگە غەم قىلىشنى ئۆگىتىشنى ئۇنتۇمايدىغان، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا قانداق ياشاشنى بىلىدىغان ئادەم. ھازىر ئۇ بىزگە «قەبرىسىگە مۇڭگۈز قويۇلمىدى، تېخى ئەتىيازنىڭ يۇمشاق كوكاتلىرى بىلەن قاپلانمىغان ياڭاچ، مۇڭلۇق قەبرە بولۇپ قالدى» دېگەنلەرنى ئەسلىتىپ، بىر دۆۋە قارا توپىنىڭ ئاستىدا يېتىۋاتقان ئادەم. بۇ ئىككى ئەربابنى باشقىلار سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن يەردە، سېلىشتۇرمىغا ئېلىنغان نۇقتىلار ئۈستىدە مەنمۇ توختىلىپ باقسام بولغۇدەك.

بىز پىلانېتىمىزدىن ئاچلىقتىن ئۆلگەن بىرەر پەيلاسوپنى تاپالمايمىز، ئۇلار ئۆلسە كۆپرەك توقلۇقتىن كېلىدىغان كېسەللەر بىلەن ئۆلىدۇ. بىراق باقىدەك ئاچلىقتىن ئۆلىدىغانلارنى تېپىش تەس ئەمەس، بىر مەھەل ئۆلۈپ كەتمەيدىغانلىرى بولسا ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ پاسىلىدا جان تالىشىۋاتقان بەختسىز ئادەملەر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يۇقىرى قان بېسىمى، دىئابىت كېسىلى بىلەن ئۆلىدىغانلىرىنى تاپالمايمىز. بوينىغا ئارغامچا باغلايدىغانلارمۇ ياكى بوينىغا ئارغامچا باغلىنىدىغانلارمۇ ھاياتتىن تويغانلار ئەمەس. نېمىشقا دېسەڭلار، ئۇلارنىڭ كۆزى ھامان ئوچۇق پېتى قېتىپ قالىدۇ.

باقى ۋە سان - ساناقسىز باقىلار شۇنىڭ ئۈچۈن تراگېدىيىلىك شەخسلەرگە ئايلانغانكى، زامان ئۇلاردىن يېيىش، ئىچىش، تۇرۇش، كىيىش قاتارلىقلارغا ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى - يەرنى تارتىۋالدى. يەر دېگەن ئالەم پەيدا بولغاندىن بېرى بار نەرسە ئىدى. ئادەملەر پەيدا بولغاندىن كېيىن يەرلەر ئاستا - ئاستا ئادەملەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈشكە باشلىدى. قورۇق، پاسىل تام، قىر دېگەنلەر پەيدا بولدى. بىر تەرەپكە يەر ئىگىلىرى توپلانسا، يەنە بىر تەرەپكە يەرسىز باقىلار توپلاندى. بۇ ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدىيىتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا تەقدىرنىڭ ھالرەڭ ئەركىلىتىشلىرىگە بىرەبىر نائىل بولىدىغان تەلەيلىك ئادەملەردىن بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتىنى، قىممىتىنى «ئىنساننىڭ يارالمىشى»دىن، خۇي - پەيلىدىن، مەنىۋى مەنبەسىدىن چۈشەندۈرۈپ، كىشىگە لەۋھۇلمەھپۇزدىكى پۈتۈكلەرنى ئەسلىتىدۇ، ئىنسان مەۋجۇدىيىتى ھەققىدىكى ئاددىي قائىدىلەرنى بولسا تۇتەككە ئورايدۇ. شۇڭا «ئەدەبىيات ۋە مەۋجۇدىيەت» ناملىق ماقالىنىڭ ئاپتورى «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسان مەۋجۇدىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى سارترىنىڭ ‹ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ لايىھىسى قانداق بولسا، ئىنسان ھەم شۇنداق، دېگەن مۇھاكىمىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ» دەيدۇ. ئەگەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسان مەۋجۇدىيىتى ھەققىدىكى

www.uyghurkitap.com

قاراشلىرى راستىنلا شۇنداق بولسا، ئۇ چاغدا بىز لەۋھولمەھپۇزنىڭ بىرىنچى قۇرىدىكى «ئەي ئىنسان! يارىتىش مەندىن، يارىلىش ئۆزۈڭدىن» دېگەن ھۆكۈمنى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىنمۇ ئاڭلىغان بولىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن ئون ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن زۇنۇن قادىرى ياشىغان زامان توپتوغرا مىڭ يىل پەرقلىنىدۇ. مەن زۇنۇن قادىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن ئۇلۇغ دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايمەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىنسان مەۋجۇدىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى يەر بىلەن ئاسماندەك پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرمەك تەس ئەمەس. زۇنۇن قادىرى ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنى ئاسماندىن، يەنى خۇدانىڭ دەرگاھىدىن يەرگە تارتىپ چۈشۈردى.

ئۇ يەر ئۈچۈن خورلىنىۋاتقان، ياش تۆكۈۋاتقان، زېمىن ئۈچۈن قان تۆكۈۋاتقان سانسىز باقىلارنى - ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بەختسىز توپىنى ئۇيغۇر پروزىسىدا بىرىنچى قېتىم كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئاشۇلار ئۈچۈن يىغلىدى، «ئەي ئىنسان، سەندە يەرگە ئىگە بولۇش ھوقۇقى بار، يوقاتقان نەرسەڭنى تارتىۋالمىساڭ، ئۆلىسەن!» دېگەن چۇقاننى سالدى. بۇ غەۋغا ئىسياننىڭ شەپىسى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرگەن باندىت ئاق ئورۇسلار توقسۇنغا كېلىپ، جۈمە نامىزىدا سەجدىگە ئېگىلگەن 370 نەچچە مۇسۇلماننىڭ بېشىنى ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمايلا ئېلىۋەتتى. بېشى كېسىلگەنلەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى بولسا بىر قوتان ئۆچكە ھېسابىدا ئاياغ ئاستى قىلدى. ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتىنى سوپىزمچە چۈشەندۈرۈشتىن «تارتتۇرۇپ قويغان نەرسەڭنى تارتىپ ئال!» دەپ چۈشەندۈرۈشكە يەتكىچە ئارىدىن ئون ئەسىر ئۆتتى. بۇنىڭ مەۋجۇدىيەتكە بولغان چۈشەنچىدىكى ئىلگىرىلەش ئىكەنلىكىگە ھېچكىم كۆز يۇمالمايدۇ. ئەدەبىياتىمىزدىكى پەلسەپە «ماغدۇر كەتكەندە»گە كەلگەندە تۈپتىن بۇرۇلۇش ياسىدى. دىنىي دالالەتلەر سان - ساناقسىز باقىلارنىڭ، ھېلىقى بېشى كېسىلگەن 370 مۇسۇلماننىڭ ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ روھىغا تىنچ باقالامدۇ؟ تەسەللى بېرەلەمدۇ؟ بىز پەرەز قىلالايلىكى، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بىر ئادەم، بىر تۇغما پارالىچ ياكى ئۆسۈملۈككە ئايلانغان ئادەم يەرگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈنلا، باقىدىن ياخشىراق ياشىشى مۇمكىن. باقى يەتتە ئەزاسى ساق، ئىشچان، نەسىل قالدۇرۇش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك ئادەم. پەقەت يەر ئۆز ئىلكىدە بولمىغىنى ئۈچۈنلا، يىللار ئىككى ئۇنىڭ جېنىنى ئۈپرىتىپ، خورىتىۋەردى. ئۇ ئاخىر ئۆلدى.

پەرەز قىلالايلىكى، زۇنۇن قادىرى سوپىزمغا ئىشەنمىدى، باقىنىڭ تەقدىرىنى ئەينى جەمئىيەتكە باغلاپ چۈشەندۈردى، يەر ئىگىلىرىنىڭ قارشىسىغا يەرسىز باقىلارنى تىزدى. ئاخىر «يەر ۋە زېمىن ئۈچۈن كۈرەش قىلمىساڭ، ئۆلىسەن!» دېگەن يەكۈننى چىقاردى. ئىشىنىمەنكى، بۇ يەكۈن ئەدەبىياتىمىزدا يەنە ئون ئەسىر ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىردىنبىر يەكۈن بولۇپ قالغۇسى. «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون ئەسىرگە بېرىلگەن جاۋاب بولۇپ قېلىشى، ئۇ ئەدەبىياتىمىزنى بىز ھازىر ھېس قىلىپ يېتەلمەيدىغان پەللىگە كۆتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ زادى قايسى پەللە؟ بۇنىڭغا كېيىنكى ئەۋلادلار - گۈڭگالىقتىن قۇتۇلغان ئازاد ۋە ئويچۇق پىكىر ئىگىلىرى جاۋاب بېرىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

بىز «500 يىللىق تراگېدىيە» دېگەندەك چوڭ شېئىرىيىتىمىزگە توقۇلغانلىقىنى كۆرگەندۇق. بۇ چوڭنىڭ شېئىرىيىتىمىز دۈمبىسىدە ئۇزۇن تۇرالمىغانلىقىغا ھېچكىم ھەيران قالمىدى. ئۇلۇغ شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «ياخشى» ناملىق غەزەللىرى، مېنىڭچە، نەۋائىي يەتكەن پەللىدىن كۆپ يۈكسەكلىكتە تۇرىدۇ. «ئىز» ناملىق غەزەل «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسى بىلەن بىرگە 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ شانلىق نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. بىراق قىسمەت بۇ ئىككىلا مەرھۇمنى ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلغانىدى.

«مالامەت يەتسىمۇ بەزەن، دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا،
بوسۇغىدىن داجىماس ئىتتەك، ماڭا ئەھدۇ

ۋاپا ياخشى.»

دەپ يازىدۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر. بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ نادىر ئىپوسى، كۈللىيەتكە يەتكەن مەدھىيىسى، ئىككى مىسراغا زادىلا سىغمايدىغان، قاتتىق پىرىسلانغان پىكىر، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق كۆز يېشى، قان-تەرى، ئارزۇ-ئۇمىدلىرى جەملەنگەن سامانيولى، يۈرەككە كۆمۈلگەن يۈرەكچىلىك رادىي. «ئۆزۈڭ تۇغۇلغان يەردە ساڭا مالامەت يېتىپ تۇرىدۇ، بىركىملەر تۇمشۇقۇڭغا ئۇرۇپ تۇرىدۇ، سەنمۇ كاڭشىپ-كاڭشىپ قويىسەنۇ، ئۆز بوسۇغاڭدىن كېچىپ باشقا بىر بوسۇغىنى پاناھگاھ ئەتمەيسەن، تاياقنى يېسەڭمۇ تۇغۇلغان يېرىڭدە يېدىڭ-دە، يەنىلا دىيارىڭغا بەرگەن ۋەدە ھەممىدىن ئەلا». بۇ ئەۋجىگە ئىنساننىڭ ئەقلىمۇ، ئاۋازىمۇ يەتمەيدىغان خور. شۇنداق قىلىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇكەممەل يېزىلىپ بولغاندەك تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئۆگزىسىنى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ياپتى.

بىز يەنە «خائىن تاغلار / قېنى / مېنىڭ / ئەكس/ سادا/يىم» دەپ ئالتە مىسراغا تىزىلغان بىر شېئىرنىمۇ كۆرگەنىدۇق. ئۇ شېئىرنىڭ ھەيۋىسى، داغدۇغىسى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تىنىقتىن توختىتىپ قويغىلى تاس قالدى. شېئىرىيىتىمىزنىڭ سەركەردە تاجىسىنى كىيىشكە ھەقلىق بىراۋلار ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا «ئەكس سادا سورايدۇ شائىر» دېگەندەك نەقراتلارنى قوشۇپمۇ باقتى. ئەمدى قارىساق، ئۇنىڭدا باقىنىڭ ئەۋلادلىرىنى سۆكۈشتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ «خۇدا ئۇرغاننى پەيغەمبەرچە قوشلاپ سال» دېگەندىن باشقا چاقىرىق ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز. بۇ شېئىردا سىياسىي مەسىلەك ئۈچۈن توپلانغان گۇرۇھ ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىنى تازىلاشتا قوللىنىدىغان «خائىن» دېگەن ئىبرىسىدىن باشقا يەنە نېمە بار؟ «مەن» مۇئەللەقتە تۇرۇپ، ئىسرايىل نەرە تارتقاندەك بىر ئاۋازدا تۇۋلايدۇ، تاغلار سادا بەرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تاغلار خائىن تاغلار. بىز مۇنداق ئاۋازلارنى تولا ئاڭلىدۇق، ئۇنداق «مەن»لەرنىمۇ تولا كۆردۇق. ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئىجادكار» ھېسابلايدۇ، ئىشى سەللا ئەپلەشمىسە، باشقا بوسۇغىغا داجىپ تىكنۇۋېتىدۇ. ئەگەر «مەن»لەر بىرەر كۈن ئاچلىق ئازابىغا قالسا، ئۇ چاغدا ھەممە بىساتىنى، ۋەدە ۋە شوئارلىرىنى، مەۋجۇدىيىتىنى ئەرزانلا باھا بىلەن بىر نانغا تېگىشىپ قويىدۇ، قورسىقى تويغاندا بولسا «ساتقىن قۇملۇقلار» دېگەندەك بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ يۈرۈشىدۇ.

ئەمدى بۈگۈن «مەۋجۇدىيەت» ئۇقۇمىنى غەلىتە چۈشەندۈرۈش بىلەن «ئۈزۈلگەن ئىنىدىنسىيە» دەيدىغان چومىنىڭ 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا توقۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرىمىز. بۇ چوم ھەر ھالدا «500 يىللىق تىراگېدىيە» دېگەن چومدىن كىچىكرەك قىلىپ پىچىلىپتۇ. بىراق بىز بۇ چومنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ كۆرسەك، «20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىڭ يىللىق ئىنىدىنسىيىنى ئۈزۈپ قويغانلىقى» دەل 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۆھپىسى بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

**4. ئارتۇقچە گەپلەر**

ئەدەبىياتقا ياندىشقان ئادەملەر ناھايىتى پىداكار ئادەملەردۇر. ئۇلارنى «بىر توپ گۇمراھلار» دېيىش سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدىمۇ قانداق؟ ئاشۇ بىر توپ يازغۇچى-شائىرلار دەل 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى 21-ئەسىرگە ئۇلاپ، بىرمۇنچە ئىجادىيەت ۋە ئىزدىنىشلارنى ئېلىپ بارغۇچى ئاساسلىق قوشۇندۇر.

بىر بالا ئۆز ئانا تىلىنى پىششىق بىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ ئەينى چاغدا يەتكەن پەللىسىنى ھېس قىلىپ، ئۆزى قەلەم تۇتقىچە ئاساسەن يىگىرمە ياشقا كىرگەن بولىدۇ. دۇنيادا نەدىمۇ «بالا پۇشكىن»، «پالانچى مۇنۇ داڭلىق ئەسىرىنى ئالتە يېشىدا يازغان» دېگەندەك ئىشلار بولسۇن؟ ئەگەر ئەدەبىياتقا ياندىشقان ئاشۇ كىشىلەر باشقا ھۈنەر ئۆگەنسە ئىدى، يىگىرمە ياشتا بىرقانچە ھۈنەرنىڭ پىرى بولۇپ قالاتتى؛ ئەگەر ئۇلار سودا ئىشىنى ئۆگەنسە، ئۇلار ئارىسىدىن بىرمۇنچە مىليونېرلارنىڭ چىقىشى تۇرغان گەپ ئىدى؛ ئەگەر ئۇلار كومپيۇتېر ئۆگەنگەن بولسا... ئۇلار يىللار بويى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانسا، كۆپىنچىلىرىنىڭ ئېرىشىدىغىنى رېستورانلارنىڭ بىر ۋاخلىق تامىقىغىمۇ دال

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار بىچارە ئادەملەردۇر. ئۇلار ئارىسىدىن ئاندا - ساندا ئامەتلىك ئادەملەرمۇ چىقىپ قالىدۇ. ھازىر ئىجادكاردىن تەرجىمان ھاللىقراق، تەرجىماندىن گېزىت - ژۇرنالنى پارچە ساتىدىغانلار ياكى كونا كىتاب دۇكانلىرىنى ئاچقانلار باي. بىز ئەدىبلىرىمىزنى ئەيىبلىمەسلىكىمىز لازىم. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كىتابخانىنىڭ ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى ئەدەبىياتقا قويۇلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن تەرلەپ پىشىدۇ. گۇڭگا شېئىر ۋە گۇڭگا ماقالىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى كىتابخانلارنىڭ چۈشەنمەسلىكى ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۇخلاپ قالغان ئەدەبىياتنىڭ جۆيلۈشلىرىگە ئوخشايدۇ. ئەدەبىياتقا تەمەسىز ياندىشقان، ئاپتور تەرىپىدىن «بىر توپ گۇمراھلار» دەپ قارىلانغانلار، يەنىلا ئەدەبىياتنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقىۋېرىدۇ. 21 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بازار ۋە سودا ئېڭىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلار، بىراق ئىنساننى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت فۇنكسىيىدىن داجىمايدۇ، ئەدەبىيات ھېچقاچان بازار ۋە سودىنى ئۆزىگە فۇنكسىيە قىلالمايدۇ، ئۇ ئۆزىگە بىر ئەسىر تەييارلىغان مەنىۋى رىزىقتىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

ئىنكارچىلىق تولىمۇ زىيانلىق پەلسەپە. بۇنداق پەلسەپە ئالدى بىلەن ئىشەنچنى ئۆلتۈرىدۇ، ئادەملەرنى گاڭگىرىتىدۇ، پۇت - قولنى چۈشەيدۇ، ئادەمنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان كۈچنى ۋەيران قىلىشنى ئىستەيدۇ. ئىنكارچىلىق گۇڭگاچىلاردىن كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار خەلققە ئوقۇپ چۈشەنگۈدەك بىرنەرسە بېرەلمىگەندىكىن، ئەدەبىياتنىڭ بىر ئەسىرلىك سەلتەنىتىگە ئوت يېقىش ئويىدا بولۇۋاتىدۇ. ئىنكارچىلىق ھەقىقىي ئەدەبىياتقا قىزىل چىراغ ياققىنى بىلەن، سوپىزملىق دالالەتكە يېشىل چىراغ يېقىپ تۇرۇپتۇ. ئەدەبىياتقا بولغان سوپىزمچە دالالەتلەر ھېچقاچان ئىلگىرى كەلمەيدۇ. بۇ بىر كېچىكتىن ئىككى قېتىم ئۆتكىلى بولمىغاندەك ئىش.

مېنىڭ يەھۇدىيلارغا ھەۋىسىم كېلىدۇ. ئۇلار ھېچقاچان ئۆزلىرىنى ئىنكار قىلغان ئەمەس. ئىلىم - پەن بىلەن سودىنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككىنچى دىنى ھېسابلىشىدىكەن. ئۇلار ئەرەب دۇنياسىنىڭ مىڭ يىللىق قارغىشى، خارلىشى، گېتلېر فاشىزمىنىڭ قىر - چاپلىرى تۇپەيلىدىن يوقىلىپ كەتمىدى. ئەرەبلەر ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ ئىدى. گېتلېر گېرمانىيىسى قورال - ياراقنى ئۆزىنىڭ دىنى قىلىۋالدى، يەھۇدىيلار مىللىي گەۋدە ئېتىبارى بىلەن سودا ۋە ئىلىم - پەننى ئۆزلىرىنىڭ يەنە بىر دىنى قىلىپ كەلدى.

21 - ئەسىردىكى ئەدەبىياتىمىز 20 - ئەسىردىكى ئەدەبىياتىمىزدىن يۈكسىلىدۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تۈگەپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ يىلتىزى ناھايىتى كەڭ بىر زېمىننى قارماپ ياتىدۇ، ئۇنىڭ يىلتىزلىرى ئوقچىلاپ مېڭىپ يەرنىڭ قورنقا قەۋىتىدىنمۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

ئەدەبىياتنى دۆلەتنى بىر گەۋدە قىلىپ كۆزىتىپ باقساق، سوۋېت دەۋرىدىكى ئەدەبىيات يەنىلا ئەڭ شانلىق ئەدەبىياتتۇر. بىزنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغان يەرلىرىمىز تېخى ئىنتايىن كۆپ، ئىنتايىن كۆپ. دانكونىڭ يۈرىكى ئالەمگە تېخى جىق يېڭى قان بېرىدۇ.

**5. مىڭ يىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا توغرا مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسى**

20 - ئەسىردىن بۇرۇنقى مىڭ يىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىزنىڭ قېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بايلىقىمىز. مەھمۇت قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، نەۋائىي، شامەشرەپ قاتارلىق بۈيۈك ئەدىبلەر، مۇتەپەككۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق ئەجرى ئۈنى يارانقان. بىز ئۇلارنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىنى، سۆز سەنئىتىدىكى مىسلى
ماھارەتلىرىنى ئىنتايىن قەدىرلەيمىز ۋە ئۇلاردىن
ئۆگىنىمىز. بىز ھېچقاچان ئۇلار ياشىغان
تارىخىي دەۋر ۋە ئاڭ فورمىسى جەھەتتىكى
چەكلىمىلەر تۇپەيلىدىن ئۇلارنى ئەيىبلە
ئولتۇرمايمىز. بىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى
دۇنيا قاراش پەردىسىنى، يەنى سوپىزمچە تۈتەك
قايرىپ تاشلىساق، بىزگە كېرەكلىك نۇرغۇ
نەرسىلەرنىڭ پەردە كەينىدە بارلىقىنى كۆرىمىز
بىز قاچانمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بىر پۈتۈ
گەۋدە، بىر پۈتۈن ھەشەمەتلىك بىنا، دە
قارايدىغان بولارمىز؟ مىڭ يىللىق ئەدەبىياتى
20 - ئەسىر ئەدەبىياتىمۇ شۇ بىنانىڭ قەۋەتلىر
21 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئاشۇ بىنان
ئۈستۈنكى قەۋىتى بولغۇسى، دېگەن تونۇ
كېلەرمىز؟ قەۋەتلەر ئۈستۈنكىسى ھا
ئاستىنقىسىنى ئۇل قىلىپ مەۋجۇت بول
تۇرىدىغۇ؟!



# شېئىر ۋە نەسر

بوغدا ئابدۇللا

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچىلىك بولغان دەۋر ئىچىدە، شېئىر مۇستەقىل بىر ژانىر سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بوران - چاپقۇنلارغا بوي بەرمەي بۇ چاغقىچە ياشاپ كەلدى.

قەدىمكى دەۋرلەردىن قارىغاندا، شېئىرنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئەتتىكى ئاۋازلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. تاشقى سادالار بىر خىل ئاۋازلىق قۇرۇلما دېيىلگەندە، ئۇ تەشكىل قىلىۋاتقان رىتىم، كېيىنچە ئىبارە تىلىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەمدە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تىل رىتىمىنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىپتىدائىي ۋەزنىنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

تاشقى ۋە ئىچكى رىتىمنىڭ بىرلىشىشى مۇقەررەر ھالدا شېئىرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىخ ھالىتى ئىدى. ئىپتىدائىي مىسرالار گەرچە بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قاپىيىسىز ياكى ھېچبولمىغاندا تاق قاپىيىلىك بولغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

بىر مىللەت تىلىنىڭ مۇكەممەللىشىش جەريانى، ۋەزىن ھەمدە قاپىيىنىڭمۇ مۇكەممەللىشىش جەريانى بولىدۇ. تىل مۇشۇ خىل يوللار بىلەن بارغانسېرى ئوبرازلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئوبراز شېئىرنىڭ ئاساسلىق، شۇنداقلا كەچكىلى بولمايدىغان مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئەڭ دەسلەپكى ئوخشىتىشلار ئەلۋەتتە مەقسەتلىك دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ ئىنساننىڭ مەلۇم پىكرىنى كۈچلەندۈردى ياكى ئىپادىلىدى.

ئۇيغۇر قەدىمكى شېئىرلىرى شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىدى. بۇلار مەيلى ئىككى مىسرالىق ياكى تۆت مىسرالىق بولسۇن، مەيلى باش قاپىيىلىك، مەيلى ئاياغ قاپىيىلىك بولسۇن، بىۋاستە ھالدا تەبىئەتكە باغلانغانىدى. شائىرلار ھەممە نەرسىنى تەبىئەتتىن ئېلىپ يەنە ئىلاھ ۋە تەبىئەتكە تەقدىم قىلاتتى. ئىنسانلارنىڭ كائىنات ۋە زېمىندىن ئىلاھ ئىزدىشى داۋاملاشتى، ئۇلار ئىلاھلارنى يۆتكىدى ياكى ئالماشتۇردى. بۇ ئەلۋەتتە تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل شېئىرىي مەنزىرە ۋە جەريان بولۇپ، بۇ يەنە شېئىرىيەتتە ئىپادىلەندى. بۇ مۇكەممەلسىزلىك ئىچىدىكى مۇكەممەللىك، ئېنىقسىزلىق ئىچىدىكى ئېنىقلىق ئىدى. ئۇلار ساداقەت، ھېسسىياتلىرىنى رەڭ - بوياقلار ئارقىلىق ئىپادىلەپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ مىللىي تۈس بەردى. بۇ مۇھىمى رىتىم، تىل ۋە ئىپادىلەشتىكى تارىخىي خاسلىق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

مىللەت ئۆز شېئىرىيىتىنى ياراتتى، ئۇنى ئۇلۇغلىدى ۋە قالدۇردى. نۇرغۇن تارىخىي جەريان، تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۇنىڭ زور بىر قىسمىنى كۆمۈۋەتتى ياكى يوقاتتى.

بۇ جەرياندا، شېئىرىيەت تىلىمۇ دەۋر تۇسىنى ئالغان، ئۆزگىرىپ تۇرغان، يېڭىلىنىپ تۇرغان تىل بىلەن ئىپادىلەندى.

ئۇزۇن بىر تارىخىي ئېقىم ياكى ئېتنىك مەدەنىيەتنىڭ داۋامى سۈپىتىدىكى شېئىرلارنىڭ يەنە بىر قىسمى، ۋولقان لاۋالىرى ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان ئالماستەك بىر چوققىدا، بىر جەزىرىدە، ئۆزىنىڭ قەدىمكى رەڭ بەلگىسىنى يوقاتمىغان ھالدا، كېيىنكى ئەۋلادقا بىر تارىخىي يالدامىدەك تاسادىپىي ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى كۆرۈنۈشىنى نامايان قىلدى.

مەيلى قايسى زاماندا بولسۇن، شېئىرنىڭ مەركىزىي مەزمۇنىدا ھەققانىيەت ۋە بېشارەت تۇراتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى ھادىسىنى تەكرارلاشلا ئەمەس ئىدى.

شېئىر قەدىمدىن تارتىپ، ھېچقانداق تايانچىسىز ھالدا تاللىنىشنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شېئىرىيەت شۇ ھالدا داۋاملىشىپ كەلگەن.

تۇرمۇشنىڭ رەڭدارلىقى خۇددى ئوخشاش بولمىغان بارماققا ئوخشايدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ يۈكسەك دەرىجىدىكى نەپىسلىك ئەمەس، پەقەت تەبىئەت ۋە ئۇ تەشكىل قىلغان پۈتۈن شەيئىلەر ھەقىقىي رەڭگى ئارقىلىقلا گۈزەللىك ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭ ھۇزۇرىنى بىلگەن ئادەم بىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئادەم ئۇنىڭ مەركىزىدە.

شېئىر بىلەن نەسرنى بىر تۇغقان دېيىشمۇ مۇمكىن. نەسر ئەينى ۋاقىتتا ھېكايە ئەمەس. نەسر يازغۇچى گەرچە شائىر بولمىسىمۇ ياكى ئۇ ئۆز قەلىمى بىلەن شېئىرىي رىتىمغا مۇراجىئەت قىلمىسىمۇ، چىنلىق، ھېسسىيات ۋە شېئىرىي مەنزىلگە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

نەسردە قىسقا ۋەقە ياكى تەپسىلات بولىدۇ. ئۇنىڭدا ۋەقەنىڭ دەبدەبىلىك بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ. نەسردىكى زامان گەرچە ئەينى زامانى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆلمەس زامانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا ئاددىي كىشىلەردىن تارتىپ تارىخىي شەخسلەرگىچە يېزىلىدۇ. تۈز بايان نەسرنىڭ كۈچىنى تولىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

نەسر بىلەن رۇبائىينى گىرەلەشتۈرۈش، بىر خىل شەرقچە، جۈملىدىن ئۇيغۇرچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى. بۇنداق بولغاندا، نەسر شەكىل جەھەتتە قاتماللىقتىن قۇتۇلىدۇ. ئورخۇن - يېنسەي بويلىرىغا تىكلەنگەن مەڭگۈ تاشلاردىكى يازمىلارنى ئۇيغۇر نەسرلىرىنىڭ گۈلتاجى دېيىش مۇمكىن.

تارىختىن قارىغاندا، نەسر ئۇستازلىرىدىن شەيخ سەئدى، تۇرگېنېف، جىبران قاتارلىقلار-نىڭ ھەممىسى پەيلاسوپ، تارىخچى، ئىلاھشۇناس بولغان. ئۇلار نەسرلىرىنى تەختىراۋان ئۈستىدە يازغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ قولىدا ئاددىي ۋەقەلىكلەرمۇ سىرلىق ئىپادىلىنىپ، رىۋايەتلىشىپ كېتىدۇ. بۇ نەسرنى ئاددىيلىقتىن، يالىڭاچلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

نەسر مىللەت ئۇنتۇپ كەتسە بولمايدىغان كەچمىشلەرگە، قەھرىمانلارغا ئورۇن بېرىشى كېرەك. ئىجابىي ۋە سەلبىي تەقدىرلەر ئوخشاشلا مۇھىم. شۇنداق بولغاندا، رېئاللىقنى ئىپادىلىگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمىيلىككە يەتكىلى ۋە ئۇ ئارقىلىقمۇ گەپ قىلغىلى بولىدۇ. يېڭىل پىكىرلەر ئارقىلىق ياخشى نەسر يارىتىش مۇمكىن ئەمەس.

مېنىڭچە، نەسردىكى قىزىق نۇقتا دەل تەجرىبە. ئىنسانلارنىڭ روناق تېپىشى، گۈللىنىشى، ئارقىدا قېلىشى ياكى ۋەيران بولۇشى كۆپلىگەن تەجرىبىلەرنى بالدۇر يا كېيىن خۇلاسىلىشى، ئەھمىيەت بېرىشى ياكى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە رېئال باھا بېرىشى، ئۆزىنى چۈشىنىشى، يول ئېچىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم بولغان تېماتىك مەزمۇن. ئومۇمەن، تەجرىبىنى يېزىش ئۈچۈن تەجرىبىلىك بولۇش كېرەك. بۇنداق دېگەنلىك، بۈگۈنكى بىر پارچە نەسر يەنە بىر - ئىككى ئەسىردىن كېيىن بىر ئەۋلادقا بىر كۈنى بىر ئەمەلىي مەسىلىدە ھېسسىياتتىلا ئەمەس، بىر پىلىسىراتتا ئەقىل بېرەلىسە، ئۇ ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئالتۇن ئاچقۇچ بولۇپ قالالايدۇ.

# تەنھالىق دالاسى

مۇتەللىپ ماڭسۇر (ئۇۋچى)

چۈش چېچەكلەپ كەتكەن
قۇياش سايىسىدە جىسمىم
شەھەر، يول، قىشلاق، ئايال
رېئاللىق. . . ئېقىپ چىقار غېرىبلىقىمدىن
چاقماقلار تاۋۇشى يىراقلاپ كەتكەن
ئاسمانغا ئوخشايدۇ سۈكۈتلىرىم
ھاياتلىق جەزىرىسى بوز ئەينەك
ئەينەكتىكى بوشلۇق
تاراملاپ تۆكۈلەر قاقاس دىللارغا
شەبنەم سايىسىدە يالىڭاچلانغان
بىھوش ئىستەكلەردىن تەپچىپ چىقار تەر
قۇياش - ۋۇجۇدۇمنىڭ مەجرۇھ پارچىسى
يانچىلغان تۇيغۇمدا ئەنجۇر كۆكلىتەر. . .

**(1)**

مەن چىدىمايمەن
ئۆلۈپ كەتسە غالجىر تەنلىرىڭ.
مەن چىدىمايمەن
يالىڭاچلانسا خىياللىرىڭ.
دۇنيا
لەيلەپ كېلىپ بوسۇغىمىزغا
مارىلايدۇ ئەسەبلىرىمىزنى.
ئاندىن سوغۇق قولىنى سوزۇپ
مۇجۇپ قويار يۈرەكلىرىمىزنى.
مەن چىدىمايمەن
مۇجۇلغانغا ئەمەس
قۇرۇپ كەتكەنگە!

**(2)**

جەسەتمۇ سەن؟
كىم قەلبىڭگە تاشلىغان زەھەر؟
زېرىكىشلىك ئۈمىدسىزلىكىڭ
لەيلەپ كەلدى تۇيغۇمغا قەدەر.
سۆيۈلمىگەن لەۋلەر ئەمەس بۇ
دەسسەلمىگەن گۈللەر ئەمەس بۇ
ئارىمىزدا مۆڭلىنىپ قاراپ
يېتىم بالىدەك تۇرغان بۇ دۇنيا.
ياشاش
جەسەت بىلەن توي قىلىش گويا.

سەن نىمە بىرەلەيسەن؟
ئاچچىق - چۈچۈك تۇيغۇدىن باشقا؟
تۇيغۇ
ئوخشاپ كېتەر گاھىدا
سەھەردىكى قان رەڭ قۇياشقا،
سايلاردىكى قىزىغان تاشقا.
تاش
چېچەكلەيدۇ تېنىمىزدە.

**(3)**

كېچە
رېئاللىقنىڭ قارا جىلۋىسى.
ئاي
ئارمانلاردىن قانغان ئاق نۇر.
نۇر يىپلىرى ئارا خىيالىم
ئۆملەيدۇ تېنىڭدە مەغرۇر.
تەن
تىلسىمات بوشلۇق.
مەن ئىزلەيمەن بوشلۇقتىن سېنى
باشلاپ كېتەر ھىجران يەلكىنى.
كۆزلىرىمدە كۆۋەجەر كېچە
كۆزلىرىڭدە چاقنار يۇلتۇزلار
بۇ بىرىكىش مەڭگۈلۈك بەلكىم.
ئوخشايمىز كۈندۈزدىكىگە
سەن قاسراق تاشلاپ ئويغانغان ھايۋان
مەن ھېكمەتلىك مۆڭگۈزلۈك يىلان.
كېچە
كۆۋەجەيدۇ ئارىمىزدا. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەسرەت –
باياۋاندا ئېچىلغان بىر گۈل،
مەڭگۈلۈكتۈر ئۇنىڭ خۇش ھىدى.
ھەسرەت –
چۈش شايىسى يېپىنغان شادلىق
تەن شادلىقتا تىترەر ئەسەبىي.
نۇر يىپلىرى سوزۇلۇپ كىرىپ
چىگىلىدۇ ئەسەبلەرگە.
كۆزلەر، ئارىلىق، قارا سايىلەر
ئۆيۈپ قالار سۆڭەكلەرگە.
بىز ھەسرەتنىڭ شادلىق ناخشىسى
بىز شېئىرنىڭ غەمناك پارچىسى.

(4)

يېزىلدى تالاي
تەنھالىق بېغىشلىمىلىرى.
قولۇم چايقالماقتا بەتلەردە.
«ھەممە نەرسە ‹مەن› دىن باشلانغان...»
مەن
ئەينەكلەرنىڭ قورشاۋىدا
بوز سايەمگە ئويۇپ خەتلەرنى
چىچۋېتىمەن تەنھالىقىمنى.
تەنھالىق
ئايئاق چۈشلەر پورەكلەپ كەتكەن
قەلبلەرنىڭ باياۋانى.

بوز تورغايمەن
ئۆز- ئۆزۈمگە قونۇپ سايرىغان.

بۇ يەردە
يامغۇر ئەمەس ياغىدۇ كۆزلەر
كۆز
پاختىلاشقان كۆز
چاقماقلارنىڭ ئۇچقۇنى بار كۆز.

كۆز
قاغجىرىغان قەلبىمدە كۆزلەر
پىرقىرايدۇ رەڭدار قۇيۇندەك.
قۇيۇن
ئەكېتىدۇ تەنھا دالاغا.
لەيلەيمەن
ئادەم دېڭىزىدىكى تەنھالىقتا...

خاتىرىلەر ئاياغلاشمىغان
يېزىق يوق
ئەسلەتمىلەر
ئۇلانغاندۇر مۇقەددىمىگە.

(5)

قول
سىلاپ ئۇنسىز جاراھىتىمنى
ئېچىلدۇرار ئەتىرگۈللەرنى
گۈل بەرگىدە مۆڭلانغان قۇياش...

قايتىپ چىقتىم ئۆزۈمدىن
ئىشىكىمنىڭ غىچىرلاشلىرى
ئۇزاپ كەتتى چىغىر يول بويلاپ
يول بويىدا تەنھا ئۇ جەزمەن
تۇردى بەلكىم مىنىلا ئويلاپ.
مەجنۇنتالغا يۆلەنگىنىچە
جاراھەتلىك قەلبىمنىڭ
ئالتۇن رەڭلىك تەبەسسۇمىغا
كىچىككىنە قولىنى سوزۇپ.



ئۇ سەنمىدىڭ؟
شېئىر ئىچىدە يىغلاۋاتقان؟
مەن ئۇخلىيالمىدىم
ئاڭلانغاندا قەلبىڭ ساداسى.
چاقماقلارغا ئايلىنىپ كېتەر
ھەسرىتىمنىڭ گۈلگۈن دالاسى.

(6)

ئۆلمىگەنلا بولساڭ
ھېس قىلىسەن جەزمەن ئۆلۈمنى.

پارلاق نۇرلار ئىسكەنجىسىدە
كۆزلىرىڭگە ئاقىدۇ خۇدا.
تۈيغۇلارنىڭ پۈركەنجىسىدە
سۆزلىرىڭگە ئاقىدۇ خۇدا.

سۆز ـ
ئوغرىلانغان ھەقىقەت.

سەن سۈرىتى بارلىقنىڭ
سەن ھەرىكىتى يوقلۇقنىڭ
بارلىق ۋە يوقلۇق ئارىسىدا
دېڭىز ئىرۇر ئۇيقۇچان قەلبىڭ.
دېڭىز ـ ئاق ۋە قارا،
دېڭىز
چايقىلىدۇ رەڭلەرنى تەڭشەپ
كۆپۈكلەردە ئەقىدە.

شەيتان ـ ياۋا ئەتىرگۈل.

قەلبىڭ ئارا ئۇچار ئەتىرگۈل
ھەشەمەتلىك شەھەرلەردىكى
رېستوراننىڭ خاس خانىسىدا.
قەلبىڭ ئارا ئۇچار ئەتىرگۈل
سەن رەڭگىڭنى بەرمەي تۇرۇپلا
ئىگە بولغان پۇل جۇلاسىدا.

قەلبىڭ ئارا ئۇچار ئەتىرگۈل
سېسىغان مەۋجۇتلۇقىڭدا...
ئۇچار ئەتىرگۈل...

گۈل توزۇسا نېمە قالىدۇ؟
كېچىككىنە كۆرۈمسىز شىۋاق.
گۈل توزۇسا نېمە قالىدۇ؟
خازان بولغان چۈش بىلەن تۇپراق.
گۈل توزۇسا نېمە قالىدۇ؟
... شىۋىرغان.

شەيتان
ناغرا چالار قەلبىڭدە

(7)

قايتىپ كەلدىم يەنە قەلبىمگە.
قەلب ـ
كۆيۈۋاتقان ئوت.
يېقىنىراق كەل يولۇچى
كەل مۇزلىغان ۋۇجۇدۇڭنى تۇت.
مەن سۆيىمەن ئىسسىق قەلبىمدە
سېنىڭ بارچە ئاجىزلىقىڭنى.
مەن سۆيىمەن ئىسسىق قەلبىمدە
قاراقچىدەك ياۋا ئەپتىڭنى.

مەن دۇنيانى بىلىمەن شۇنداق
سۆي ئۆزۈڭنى،
سۆيگىن ئۆزگىنى.

بەتبەشىرە تىلەمچى بولساڭ
تىلىكىڭنى ئالغىن،
خەير، ئامانەت.
گەر قىساسخور قاراقچى بولساڭ
ئال پىچاقنى
سالغىن كۆكسۈمگە.
كۆيۈۋاتقان قىزىل قانلىرىم
گويا چوغ رەڭ ئەتىرگۈل بولۇپ
يىراقلارغا سېنى ئۇزاتسۇن...

يولۇچىمەن تەنھالىقىمدا
مەن سايەڭگە موھتاجمەن، موھتاج.
ماڭا ئوت بەر
ئۇلۇغ بىر گۈلخان.
ماڭا سۇ بەر
ئۇلۇغ بىر ئوكيان.
ھېچبولمىسا يېرىم قەدەھ ئوت
ھېچبولمىسا يېرىم قەدەھ سۇ.

مەن ئوت
سەن سۇ
ئوتنىڭ ئەكسى جۇلالار سۇدا.

(8)

قاڭقىپ چىقىپ قەلبلەردىن
ۋالىلدايدۇ ئېتىقاد.
پۇل شەكلىدە
ھوقۇق شەكلىدە



ئايال شەكلىدە.
ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان
ئەلنىڭ شەكلىدە.
بىخسىغان قەلبلەردىن
سۆكۈلىدۇ ئادەملىك قات ـ قات.
توزۇپ چۇشەر بەرگىلىرى
شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات رەستىسىدىكى
ئەما بوۋاينىڭ ئۇستىگە پات ـ پات.
مىللەت ھەققىدە قايناۋاتقان
ناتىقنىڭ ئاغزىغا
كىرىپ كېتەر چىۋىنلەر پات ـ پات:

دۇم كۆمتۈرۈلگەن شەھەر
دۇم كۆمتۈرۈلگەن قىشلاقلار
دۇم كۆمتۈرۈلگەن ئېتىقاد.
شەھەر جىمجىتتۇر شاۋقۇن ـ سۈرەندە
قىشلاق جىمجىتتۇر ھاشاردا ـ غەمدە.
سۇسىز باھاردەك
شامالسىز يازدەك
دىمىق.
كۆز رەڭگىدە ئېتىقاد
يالتىرايدۇ سارغۇچ يوللاردا.

ئايال سائىتى ئېرىنى
ئەر سائىتى خۇدانى
ئايال تەنھالاشماقتا
ئەر. . .

ئىسسىپ كەتتى يەر شارى.

(9)

زېمىن،
قەلبىمنى كۆتۈرەلەمسەن؟
كۆتۈرەلەمسەن زېدە قەلبىمنى؟

بارخانلاردا مېنىڭ يىلتىزىم
بورانلاردا مېنىڭ تەقدىرىم
يىلتىز
ئەكس ساداسى ئۆچكەن قوڭغۇراق.
بوران
كور كۆزلەردىن ئۆرلىگەن پىراق.

مۇز گۈللىرى ئارىسىدا
ئۆلگەن چاقماقلاردىن ھۆزۈرلىنىمەن.

ئاسماننىڭ كۆز يېشى ئەمەسمەن
زېمىننىڭ تىنۋشى ئەمەسمەن
تەمرەتكىلىك تۇپراقتا
قاباھەتلىك پەسىللەردە
دېڭىزدەك قانلار
قۇملۇقلارغا كۆمۈلۈپ كەتتى. . .

يول بويىدا
قىشلاقلارنىڭ سايىسىدە
جەسىتىمنى تېپىپ ئويغاتتىم.

(10)

قان
ئاتلار قان
ئېگەرلەر قان
قىلىچلار قان
بۇ ـ رىۋايەت.

ئات ئەمەسمەن
ئېگەر ئەمەسمەن
قىلىچ ئەمەسمەن،
ئۇخلاپ قالغان شاھ ئەمەسمەن.

ئەبجەش قان
ئۆركەشلەۋاتقان قان
قۇياش چۆككەن قان.

قان ئىچىدە ئويغاندىم.

(11)

مۇھەببەت ـ قۇرت يېگەن چىش.

چىش ئاغرىقىمەن
ساقىيىشقا ئالدىرايمەن
مېيىت جىنازىغا ئالدىرىغاندەك.
ھۇزۇر
چىدىغۇسىز چىش ئاغرىقىدا.

(12)

ئادەم ئاتا
چۈشىدىن ئويغانغاندا
مەن ئۇنى كۆردۈم.



يىلان پۇلاڭلاپ تۇراتتى
ئەنجۈر قول پۇلاڭلىتاتتى.

ئەنجۈر يىلاننى يېدى
يىلان ئەنجۈردە غايىب بولدى.
يىلان جەۋھىرى
ئېقىپ چىقىپ يېڭى قۇرۇقلۇققا ئايلاندى.

ئادەم ئاتىنى مۇشەققەتنىڭ ئۈستىدە كۆردۈم.

(13)

ئەرمۇ سەن؟
— ھەئە.
بورانلارنى كېسەر ئالقىنىڭ.

خۇرجۇنىڭ ئەڭ ئېغىر كۆزى.

ئەر — ھارۋىكەش
ھارۋىغا قېتىلغان.
ئەر — تۆگە
ئېشەكنىڭ كەينىگە چېتىلغان.
ئېشەك —
دۇنيانىڭ ساياھىتى.

(14)

يىغلىماقچى بولساڭ يىغلىغىن
ئاۋازىڭدا كۆيسۇن بارلىقىڭ.
يىغلىماقچى بولساڭ يىغلىغىن
نەملەشكىچە تامام ياغلىقىڭ.
ياغلىق —
چۈشۈڭدىكى رېئاللىق.

سەن ئۈمىدسىزلەنگەندە
زېدە قەلبىڭدە توزۇيدۇ گۈللەر.
سەن ئۈمىدسىزلەنگەندە
يەر شارىدا كۆپىيەر چۆللەر.
سەن ئۈمىدسىزلەنگەندە
قۇرۇپ كېتەر دېڭىزلار، كۆللەر.

يىغلىماقچى بولساڭ يىغلىغىن
قىمارۋازدەك.
يىغلىماقچى بولساڭ يىغلىغىن
كەپتەرۋازدەك.
يىغلىماقچى بولساڭ يىغلىغىن
كەپتەردەك. . .

(15)

قەدەھكە كىردىم
قەدەھكە ئايلاندى ئۈمىدسىزلىكىم.

مەن مەي ئىچمەن
مەستلىكنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن.
مەن مەي ئىچمەن
ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىش ئۈچۈن
مەۋجۇتلۇق
قەدەھتىكى كۆپۈك.

سايەمدە بىخلاۋاتقان
ھەقىقەتتۇر رېئاللىق.

(16)

قولۇڭدىكى ئەپسانىلەر
مەن ۋە سەن ھەققىدە
كۆيدۈرۈلگەن بېشارەت.

قولۇڭدىكى ئەپسانىلەر
. . . باياۋان.
كەتكەن ئۇندا ئازغان پورەكلەپ.

يوللار يىلانغا ئايلانغان
يىلان
كۆز يېشىدۇر ئادەم ئاتىنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مۇز ئارال

(ھېكايە)

مەمتىلى ھېلىم



دۇنيا ئۇنىڭغا ئازاب بېغىشلاپلا كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز ئازابى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئازاب ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلايتتى. دۇنيادىن قۇرۇق قول ياشاۋاتقان ئۇنىڭ ئۇچۇن ئازابنىڭ ئۆزىنى قېينىشى بىر راھەت ئىدى. «نادانلار مال - دۇنيا ئۇچۇن ئۆزىنى ئالداپ ياشايدۇ. ئەسلى ئۇلارنىڭ ياشىشى جىنايەت! ئەپسۇس... ئۇلارغا قاراپ ھەۋەسلىنىدىغانلارمۇ، ئۇلاردەك ياشاشقا ئىنتىلىدىغانلارمۇ باردۇ ئېھتىمال. بۇ نېمىدېگەن ھاماقەتلىك - ھە! ئاھ، كۈلىدىغانلار نېمانچىلا كۆپتۇ؟ ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى بولغاندەك، كۈلكىمۇ ئوخشاشلا ھالاكەتنىڭ بەلگىسىغۇ؟ پارچىلىنىپ، ئۇۋىلىنىپ ياشاشنىڭ ئۆزى ياشاشنىڭ ئەڭ گۈزەل، راھەتلىك ئۇسۇلى ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ياشاش ئۇسۇلىنى بىلمىگەن ئەخمەقلەر دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە كىشىلەردۇر.»

ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ ئېغىر پۇشۇلدىدى. مۇشتۇمدەك قاپاقلىرى ئاستىدىكى قارا كۆزلىرى قورقۇنچلۇق مۆلدۈرلىدى.

ئۇ بۇرۇن بىر قىزغا ئاشىق بولغان، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققانلىقىدىن ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېس قىلغان... ئۇنىڭدىن بىر مەزگىل روھىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنى بىئارام ھېس قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدىن سەسكىنىشكە باشلىدى. دۇنيادا ياشاشنىڭ ئۆزىلا مەنىسىز تۇيۇلدى. نېمىدۇر بىر نەرسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك تىت - تىتلىق ئىچىدە قالدى. «ئادەم ئۆزى قوغلاشقان نەرسىگە مەڭگۇ يەتمەسلىك كېرەك. ئېرىشكەن نەرسىنىڭ ئۆزى قەدىرسىزلىنىپ، ئۇ قاتتىق بىزار بولۇش تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالەمنىڭ ئۆزى چەكسىز بوشلۇق تۇرسا، ئادەمنىڭ ئارمىنىمۇ چەكسىز بولمامدۇ؟! شۇڭا ئادەملەر بۇ دۇنياغا تارتىشىپلا ياشايدىغۇ؟... ئادەم چەكسىز بوشلۇق ئىچىدە ئارمانلىق نەرسىسىنى كۈتۈش بىلەن ياشىشى كېرەك...» ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ چەكسىز بوشلۇقلارغا يېنىشلاپ قارىدى. كۆزلىرى سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تەنھا ئارىلىدا ياشايتتى. پۈتۈن ئەتراپى مۇزلۇق بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئارىلىدا نېمىنىدۇر ئارمان بىلەن كۈتەتتى. ئۇ بۇنىڭغا مەڭگۇ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنىمۇ كۆزى يېتەتتى.

«قۇياش ھامان مېنىڭ قەلبىمدە چېقىلىدۇ. قۇياشنى ئازاب بىلەن ۋەيران قىلىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمۇ؟»

ئۇ ھېچكىمنىڭ كۆلمەسلىكىنى تىلەيتتى. ئەپسۇسكى، ھەربىر دەقىقىلەردە ئۇنىڭ قۇلىقىغا كۈلكە ئاۋازلىرى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. گاھىدا ئۇ تېلېۋىزوردىن قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنى كۆرسە شۇنچىلىك ئىچى سىقىلىپ بىئارام بولۇپ كېتەتتىكى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي باشقا قانالالارغا غەزەپ بىلەن يۆتكىۋېتەتتى. شۇنداقتىمۇ خىلىغىچە پۇشۇلداشلىرى توختىمايتتى. كېيىنچە ئۇ تېلېۋىزورنىمۇ كۆرمەس بولدى. «مەن مەڭگۈلۈك ھەسرەت ئىچىدە، ئازابلار قايىنىمدا پارچىلىنىپ ياشايمەن،»- دەيتتى ئۇ گاھىدا قاراڭغۇ قىلىۋالغاز

ئۆيدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، - ئادەم كۈلۈپ تۇغۇلمايدۇ. شۇڭا ئادەم تۇغۇلۇشتىكى يىغىسى بىلەن تولغىنىپ ياشىشى كېرەك. زېمىندىكى پۈتكۈل كۈلكىلەر ماڭا زەررىچە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى نەپرەتلىك نەرسىلەر! ئۆز ئازابىنى يوشۇرۇپ ياشاشتىنمۇ ئارتۇق پەسكەشلىك بولارمۇ؟ ئېشەك ئازاب چېكەمدۇ؟ ئۆزىنى چۈشىنىشنى بىلمىگەن ئادەم ئازاب چېكىشنى بىلمەيدۇ. ئازاب چېكىشنى بىلمىگەن ئادەم ئۆزىنى بىر ئۆمۈر بۇ دۇنيادىن تاپالمايدۇ. . . دۇنيادا نېمە گۇناھ؟ نېمە ئۈچۈن بىز ئۇنى ۋاپاسىز، رەھىمسىز دەيمىز؟ بۇنداق دېيىش بەكمۇ ئادالەتسىزلىك؟ دۇنيانى ۋاپاسىز، رەھىمسىز قىلىۋاتقان ئادەملەر ئەمەسمۇ؟ بىز قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ باشقىلارغا ئارتىشقا نېمانچە ئۇستا، بىزنىڭ پەسكەشلىكىمىز مۇشۇ يەردىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ؟ بىز ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزنى مەسخىرە قىلايلى، ئۆزىمىزدىن نەپرەتلىنەيلى، ئازاب ئادەمنى تاۋلايدىغان ئوچاق. . . »

ئۇ ئۆزى ئىشلەيدىغان بۇ ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ كەينىدىكى قاتار كەتكەن پاكار ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تەنھا ياشايتتى. سەھرادىكى ئائىلىسىگە كەمدىن - كەم باراتتى. «تەنھالىق قوينىدا تېپىرلاپ ياشاش بىلەن مەڭگۈ ئۆزۈمنى ئىزلەيمەن. تۇرمۇش قۇرۇش ھاماقەتلەرنىڭ يارىماس ئىجادىيىتى! ئۇلار بەلكى شۇ خىل ئىجادىيىتى بىلەن ئۆزلىرىنى پەخىرلىك ھېس قىلسا كېرەك. پۇتىغا كىشەن، باشقا بالا بولغان ئاشۇ خوتۇنلار بىلەن ئۆي تۇتۇشنى ئويلىسام تەنلىرىم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ. خوتۇن خەقنىڭ غەلۋىسى كىچىك بالىنىڭ غەلۋىسىدىن تولا، بولۇپمۇ ھازىرقى ئەرلەر خوتۇن، خوتۇنلار ئەر بولۇۋاتقان زاماندا. . . خۇدا ساقلىسۇن. . . »

ئۇ ئىدارىسىدە كىتاب كۆرۈۋېتىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كىرگەن ئىككى خىزمەتدىشىغا قەھرلىك ئالايدى. تىنىقلىرى يېتىشمەيۋاتقاندەك ئېغىر پۇشۇلدىدى.

- ئەي مۇز چىراي (ئىدارىسىدىكىلەر ئۇنى شۇنداق ئاتايتتى) نېمانچىلا ئالىيىسەن، بىلىمەن، سەن كۈلكىگە ئۆچ، بىراق بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئەركىنلىكى - دە، ئىنسان دۇنيادا كۈلۈپ ئۆتۈشى كېرەك.

- ئەخمەق، ئىنسان مەڭگۈ كۈلكىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن بىلەمسەن؟ ئۆزۈڭلارنى بىلمەسلىكىڭلار دەستىدىن ھامان ھالاك بولۇشىسەن! - ئۇ شۇنداق دەپ ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى. كەينىدىن ئېيتىلغان «ساراڭ» دېگەن سۆزمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. بېشى گاراڭ بولۇپ، ۋۇجۇدى چاراسلاپ كۆيگەندەك بولدى. ئۇ بىر تۇرۇپ خىزمەتداشلىرىنىڭ ئەخمىقانە سۆزلىرىدىن بىزار بولسا، يەنە بىر تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئازاب تېپىپ بەرگەنلىكىدىن رازى بولغاندەك قىلاتتى.

ئەلپازىنى يامان قىلىپ تۇرۇلۇپ تۇرغان ئاسمان، سوغۇق شامالدا تۆكۈلۈۋاتقان يوپۇرماقلار، تەبىئەتنىڭ سارغايغان چىرايى «مۇز چىراي» نىڭ يۈرىكىنى مۇڭ بىلەن سىلىكىپ ئۆتمەي قالمىدى. ئۇ ئۆزىنى ھالاكەت دۇنياسىدا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى. «ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ھەققىدە ئويلىنىشى ئۆزىنىڭ شەرمەندىلىكىنى، ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلىشىدۇر. ئازاب ئىچىدە پۈچۈلىنىپ تەبىئىي ھالدا تىنىقتىن توختاش ئىنساننىڭ سولماس روھىنى كۆرسىتىدۇ. بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا ياشاۋاتقان ھارام تاماقلار (ئۇ خىزمەتداشلىرىنى شۇنداق ئاتايدۇ) ئۈچۈن ياشاشنىڭ ئۆزى يۈك، ئۇلار سېسىق تېنىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئۆلۈكلەردۇر. ئۇلار ھامان جاجىسىنى يەيدۇ. »

ئۇ يېنىدا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ چىرايىدىكى سۇس كۈلكىلەرنى كۆرۈپ غەزىپى تاشتى. شۇ ئەسنادا يېقىنلا يەردىن سۇناي بىلەن ناغرىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى. ئۇ قوشۇملىرىنى تۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ئىككى كىشى ئەس - خۇدىنى يوقاتقان ھالدا، ناغرا - سۇناي چېلىۋاتاتتى. «مۇز چىراي» نىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى، مېڭىسى چىڭقىلىپ ئاغرىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى.

ئۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى - دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ، سۇنايچىنىڭ سۇنىيىنى ئاغزىدىن يۇلۇپ تارتىۋالدى.

- شادىيە مۇزىكىسىغا چېلىشنىڭ ئۆزى شەيتانغا جور بولغانلىق ھارام تاماقلار.

www.uyghurkitap.com

– ھەي ساراڭ، ئۇنداقتا، ئۆيدىكى بالىلىرىمنى سەن باقامسەن، – دېدى سۇنايچى چىڭقىلىپ تۇرۇپ.

– ئىنسانني غۇرۇرۇڭ بىلەن ياشىمامسەن؟

– ھەي ساراڭ، غۇرۇر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرسام بالىلىرىم قانداق قىلىدۇ.

– خۇدا ھەممە ئادەمنى رىزقى بىلەن يارىتقان.

– شۇ رىزقىمىزنى تېپىۋاتىمىدۇق مانا؟

– مەيخانا ئالدىدا سۇناي چېلىپ تاپامسەن؟ ئاتاڭ ئۆلسىمۇ سۇناي چالامسەن!

– يوقال ساراڭ كۆزۈمدىن، مېنىڭ ئىشىم بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ!

«مۇز چىراي» ئامالسىز ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى. «ئىنساننىڭ ھاماقەتلىكى ئۆزىنى تونۇماسلىقىدىن كېلىدۇ. بۇنداقلار مەڭگۈ خۇدانىڭ نەپرىتىدىكى ئىنسانلاردۇر.»

توي كۆچۈرگەن ماشىنىنىڭ داقا - دۇمباقلار ئىچىدە ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشى، ئۇنى قۇلىقىنى ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەپسۇس، كۆزلىرى ئۇسسۇل ئويناپ بەدەنلىرىنى ھەرقىسما قىلىۋاتقانلارغا چۈشۈپ ئاچچىق تولغىنىپ كەتتى.

«ئەيش - ئىشرەت، - ھالاكەتنىڭ بەلگىسى...»

ئۇ شۇلارنى زەردە بىلەن پىچىرلاپ ئۆزىگە تەسەللى تاپقاندەك بولدى.

ئۇنىڭ تۇرۇپلا ھاراق ئىچكۈسى كېلىپ قالدى. «تەنھا ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈم بىلەن مۇڭدىشىپ باقاي. بەلكىم تەنھالىق قوينىدا ئازابىنىڭ ئەركىنلىك تۇغىنى تىكلەرمەن.» بۇ گەپلەرنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

ئۇ يان كوچىدىكى قىيسايغان بىر بوتكىغا كىردى. قاش - كۆزىنى قېنىق گىرىم قىلىۋالغان ئوماققىنە بىر قىز ئۇنىڭغا خۇش تەبەسسۇم بىلەن چىراي ئاچتى. ئۇنىڭ كۈلگۈنچەك چىرايىدىن بىر خىل تاتلىقلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. «مۇز چىراي» نىڭ يۈرىكى تېپچەكلىگەندەك قىلدى...

– كېلىڭ، نېمە ئالىسىز؟ – ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى.

– يۈز گرام ھاراق.

قىز نازلىق خۇلقلىرى بىلەن ئىستاكانغا ھاراقنى قۇيدى. «مۇز چىراي» ھاراقنى تېتىپ كۆرۈپ:

– ھايات مانا مۇشۇنداق ئاچچىق، – دېدى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، – بەزىلەر نېمىشقىمۇ كۈلكىنى خالايدىغاندۇ.

– سىز كۈلكىنى بەخت دەپ قارىمامسىز؟ – قىز ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ قالدى.

– نېمە دەيسىز؟ كۈلكىنىڭ ئۆزى ئەڭ ئېغىر جىنايەت. ھەربىر ئىنسان ئازاب چېكىش بەدىلىگە ئۆز بەختىنى يارىتىدۇ.

– سىز سۆيگۈڭىزدىن ئايرىلغان ياكى تۇرمۇشتا ئېغىر كۈلپەتلەرگە دۇچار بولغان شۇنداقمۇ؟

– ياشاشنىڭ ئۆزى كۈلپەت يارىتىش. سۆيگۈدىن ئايرىلىش ئازاب ئىچىدىكى بەخت...

– سىز ئازابنى بەك ئۇلۇغلايدىكەنسىز - دە.

– بىز ئازاب تارتىش ئارقىلىقلا تەڭرىگە يېقىنلىشالايمىز. بىز نېمە ئۈچۈن يىغا پۇراپ تۇرغان ناخشا بولامدۇ، كىنو بولامدۇ ياقتۇرىمىز، كۆز نېمە ئۈچۈن يېقىشلىق، چۈنكى ئۇنىڭ ھەسرىتى بار، ئازابلىق بولغان ھەرقانداق كۆرۈنۈش كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. كۈلكە ئېھتىياج قانغاندا پەيدا بولىدىغان ئاخىرقى قىسمەت. دۇنيادا ئىنساننىڭ ئۆمۈر بويى ئېھتىياجى قانمايدۇ... سىز ئۆزىڭىزنى پۇراقلىق گۈل دەمسىز؟ سىزنى پۇراپلا تاشلىۋەتكەنلەر كۆپتۇ، بەلكىم...

– سىز مېنى بۇرۇنلا بىلىدىكەنسىز - دە.

– كۆزلىرىڭىز ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ. يەنە يۈز گرام بېرىڭە...

ئۇ قىزنىڭ ئوماققىنە تۇرقىغا، مېھىرلىك جىلۋىلىرىگە قاراپ ئۇنى پۇرىغۇسى كېلىپ قالدى.

– ماڭا نېمانچىلا قارايسىز.

– بىلمەيمەن، قارىغۇم كېلىۋاتىدۇ... – «مۇز چىراي» نىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. قىزنىڭ يۈرىكىمۇ ئىختىيارسىز تىترەپ، روھى «مۇز چىراي» نىڭ روھى بىلەن سۆيۈشكەندەك تاتلىق ئېقىمدا بولدى.

– سىزنىڭ روھىڭىزدا مەن بىلەن بىللە بولغۇدەك قۇدرەت بارمۇ؟

«مۇز چىراي» ئۇنىڭ سۆزىدىن ئۆزىنى تۇتالمايلا قالدى - دە، ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى...

.......

– قايتامسىز؟ – دېدى «مۇز چىراي» توڭلۇق بىلەن.

– مانا ھازىر... – دېدى قىز «مۇز چىراي»

نىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ.

قىز ئۆزىنى پەردازلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قىلغىنىغا پۇشايمان قىلغاندەك ھېسسىياتتا ئازابلىنىپ كەتتى. ئۆيدىن مۇز ياغاتتى. بۇ ئۆي بۇنىڭدىن سەللا ئىلگىرى يېقىملىق تۇيۇلغاندەك قىلغانىدىغۇ؟! ئۇ ئۆزىدىنمۇ سەسكەندى. «مەن ئازاب تارتىش ئۈچۈنلا يارالغان... ئۇ ماڭا ئازاب تېپىپ بەردىغۇ؟...» ئۇ ئۆزىنى ئالداشقا شۇنداق تىرىشىۋاتاتتى...

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن «مۇز چىراي» نىڭ ۋۇجۇدىنى شېرىن بىر تۇيغۇلار چىرمىۋالدى. ئۇ بۇ خىل تۇيغۇلاردىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقانسېرى، قىزنىڭ ناز - كەرەشمىلىك خۇلقلىرى ئۇنىڭغا كانىدەك چاپلىشىۋېلىپ باراتتى. «ياق، ئۇ دېگەن شەيتان. مەن ئالدىنىۋاتىمەن. مەن مۇشۇ ئازابنىلا تارتىشقا ھەقلىق...» ئۇ شۇنداق دەپ ئۆزىنى بەزلىسىمۇ، لېكىن شۇ خىل خىياللاردىن نېرى بولالمايتتى. ئۇنىڭ يېزىۋاتقان «مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ ئىجادىيەتچىسى» دېگەن رومانىمۇ ئىككىنچى بابتىلا توختاپ قالدى.

... ئۇنىڭ بارا - بارا ھەممىدىن كۆڭلى سوۋۇشقا باشلىدى. «مەشھۇر يازغۇچى بولىمەن» دېگەن خىيالىمۇ كۆپۈككە ئايلىنىۋاتاتتى. چۈشلىرىگە پات - پات ھېلىقى قىز كىرىپ قالاتتى - دە، ئېغىر ئۇھ تارتىپ، خىيالچان ئولتۇرۇپ كېتەتتى. «نېمە بولۇۋاتىمەن، ئۇنى نېمىشقا ئەسلەيمەن... شېرىنلىكتىن كېيىنكى سەسكىنىشنى مەڭگۈ ئويلىغۇم يوق.»

ئۇ چۈش كۆردى: ھېلىقى قىز يالىڭاچ ھالدا ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ روھى تەن قەپىسىدىن چىقىپ ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتاتتى. قىز بەتبەشىرە مەخلۇققا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ روھى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمدى - دە، لاغىلداپ تىترەپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. قىز ئۆزۈن تىرناقلىرىنى سوزغىنىچە ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى...

– ۋايجان!

ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۆزىگە سەل كەلگەندەك بولۇپ، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. زېمىنغا قاراڭغۇلۇق كەڭ قاناتلىرىنى يېيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇق قوينىدىن نېمىلەرنىدۇر ئىزدىدى. بىر نۇرلۇق سىما ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتاتتى. غىرىبلىشىۋاتقان روھى قىزنىڭ يالىڭاچ تېنىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. «مەن مەڭگۈ بەربات بولمايمەن. شۇ قىزنىڭ ئازابىنى تارتىشقا تامامەن ھەقلىقمەن. ئۆز - ئۆزىنى ئالداپ ياشاش ھاياتنىڭ ئەڭ قەبىھ پەسكەشلىكى...»

شۇ ئەسنادا قەيەردىندۇر يىغا ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇرۇلدى.

– «ئازاب» دەپ سۇس پىچىرلىدى ئۇ.

بىر گەۋدە قاراڭغۇلۇق قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى - دە، ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى.

«ساراڭ...» ئۇ دەھشەت بىلەن جار سالدى. «مۇز چىراي» ئۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلەندى ۋە بىردىنلا كېكەچلىدى. «ئۇ... ئۇ... مەنغۇ... مەن ئۇ يەردە... نېمە ئىش قىلىمەن...» ئۇنىڭ تېنىنى قورقۇنچ باستى. «مۇز چىراي» غا قاراپ كۈلۈپ كېلىۋاتقان راستىنلا ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى.

«مۇز چىراي» كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، قۇلىقىنى ئېتىۋالدى. ئۇنىڭ سادالىرى بارغانچە ياڭرىماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالغاندەكلا ھېس قىلدى...

مۇڭلۇق بىر سۈكۈت زېمىننى ئەسىر قىلدى. «مۇز چىراي» كۆزىنى تەسلىكتە ئاچتى. كۆز ئالدىدا بىر مۇز ئارال يېيىلىپ ياتاتتى. ئارالدا ھېلىقى «ئەبلەخ» مۇزغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بەدىنىگە: «قىيامەت... ئالدىنىش... ئارمان...» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

«مۇز چىراي» ئەتىسى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قىزنىڭ بوتكىسىغا باردى. غېرىبسىنغان بوتكا ئىشىكىدە داتلىشىپ كەتكەن يوغان بىر قۇلۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېرۋىلىرى جىددىيلىشىپ، نەپسى يېتىشمەي قالدى. ئۇ ھاراق ئىچكەن ئىستاكان يەردە پارە - پارە بولغان ھالدا ياتاتتى. ئۇ ئاچچىق يۇتتى. روھى بىر نەرسىگە ئاچلىق بىلەن تەلپۈنەتتى...

... كېيىن «مۇز چىراي» قىزنى زادى ئۇچرىتالمىدى. ئۇ دەھشەتلىك ئازابلاردا ئۆزىنى بىراقلا تاشلىۋەتتى. ئەتراپىنى مۇز ياغاتتى. روھىنىڭ نىداسى ئۇنى ساراسىمىگە سالاتتى.

ئۆسكىلەڭ ساقال... ئېلىشاڭغۇ كۆز... كىر باسقان تەن... جۇل - جۇل كىيىم... ھەممە مۇزلىغان...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# هايات مەنبەسىدىن ئاسمان بوشلۇقىغا سەپەر

چېن چاۋ

ئىمىن ئەخمىدى تەرجىمىسى

## 1

مانچېستام ئۆزىنىڭ سۇرگۈندە ئۆتكۈزگەن جاپالىق ھاياتىدا شېئىردىن پەقەت ۋاز كەچمىدى، شۇ چاغدىكى ياۋايى ھايۋانلار ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالالمىغان بىردىنبىر مۇقەددەس نەرسىمۇ پەقەت شېئىرلا بولۇپ قالدى. چۈنكى شېئىر بىلەن ھايات مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئورتاق جەۋلان قىلىشى ئىدى. ئۇنىڭ سوبىستانسىيە شەكلى تىل دېيىلگەندىمۇ، جىسمانىي شەكلى شائىرلارنىڭ روھىي چوڭقۇرلۇقىدا بىۋاستە ساقلىنىۋېرەتتى. شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، بىز كۆتۈرۈپ يۈرگەن ۋە ئۆزىمىزگە تەئەللۇق تۇرۇپ تاشلاندۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان نەرسىلەر يالغۇز كۈنسايىن راۋاجلىنىۋاتقان شەكىل ماھارىتى ئەمەس، بەلكى شائىرلار ئىزچىل رەۋىشتە خوشلىشىپ تۇرسىمۇ يەنىلا يېڭىۋاشتىن ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىۋاتقان رېئال ھايات تەجرىبىلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا مانچېستام بەدەنگە نەشتەردەك تېگىدىغان سوغۇق سۇرگۈنلۈك مۇساپىسىدە شېئىرغا بولغان ئېتىقادتا يەنى ئەركىنلىك، شجائەت، پاكلىقتىن شەكىللەنگەن روھىي گۈلچەمبىرەكتە، «زەڭگەر ئاسماندىكى بەخت ـ سائادەت ئامبىرىنى ئاچقىلى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆمۈرۋايەت پايدىلانغىلى بولىدۇ» دېگەنلەردە چىڭ تۇردى.

بىزنىڭ شەكلى ئېتىقادىمىزدىن تاشقىرى ياكى ئۇنىڭ ئۈستىدە قايتا ـ قايتا تەۋەللۇت بولۇش كۈچىگە ئىگە قەيسەر بىرنەرسە بار، ئۇ ئادەملەرنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان، لېكىن ۋاقتىقا مەنسۇپ بولماي ياشايدىغان بىر روھنى يەلكىسىگە ئارتىپ غەپلەتكە چۆككەن مېڭىمىزنى تېشىپ كۆك ئاسمانغا پەرۋاز قىلىدۇ. بۇ دەل شېئىر، بۇ دەل دەرد بىلەن بوغۇلغان زېمىن ھاياتىدىكى قىزىل قان. ئاپئاق سۆڭەكلەرنى ئۆزىگە مەنبە قىلىپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرىدىغان ئاسمان بوشلۇقىغا يۈزلەنگەن سەپەرنىڭ ئۆزى.

مەن بىر تالاي ئۇلۇغ ۋە ساپ شېئىرلاردىن شائىرلارنىڭ سۆزىنىڭ مەۋجۇت شەكلىدىن ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت شەكلىنى بويسۇندۇرۇشقا ياكى ئۇنىڭ بىلەن سىممېترال بولۇشقا قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇلاردىن ھېس قىلغان شەپقەتسىزلىكنىڭ ناھايىتى چەكلىك ئىكەنلىكى ماڭا تولىمۇ ئايان، چۈنكى سەنئەتنى تاماشا ۋاستىسى ياكى قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىش قورالى قىلىۋالغان ئۇ خىل بىلەرمەنلەرنىڭ ئېستېتىك زوقى ماڭا ۋە مېنىڭ زامانداشلىرىمغا ماھىيەتلىك سەنئەت ئۆلچىمىنى ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى تۇرغۇزۇپ بېرەلمەيدۇ. ئەگەر بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزدا بىرەر خىيالىي ئالاھىدىلىك بار دېيىلگەندە، سەنئىتىمىز تېخىمۇ بەكرەك مەۋھۇم خىياللىقتىن ئاپىرىدە بولغان تىل ئۈستىلىقىلا بولۇپ قالىدۇ. بۇ بىزنىڭ سەنئەتنى ۋاستە قىلىپ خىيالىيلىقنى ئاقلاشقا ئورۇنغانلىقىمىزغا تەڭ. بىزنىڭ

شېئىرلىرىمىزدىكى ئاجىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ مەنبەسىگە كەلسەم، جۇڭگولۇق شائىرلاردا كەمچىل بولۇۋاتقان ھازىرقى زامان شەكىل ھېسسىياتى جاپالىق ئوقۇش ۋە دورامچىلىق قىلىش ئارقىلىق پەيدا بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنى بىر ئاساسىي ئاڭغا دەسلەپتىن تارتىپلا سەل قارىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ دەل بىزنىڭ روھىي مۇساپىمىزدىكى يۈزلىنىش! بىز شېئىردىكى مەستخۇشلۇقنىڭ بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى قەلبىمىزدە ئۆزۈنچە يوقالمايدىغان قىلىپ قالدۇرۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. لېكىن گۈزەللىك توغرىسىدىكى بۇ خام خىياللار مەۋجۇتلۇق تەرىپىدىن بەربات قىلىنغان چاغدا بىز ئالاقزادە بولىمىز ھەمدە سەنئەتنى غەپلەت بۆشۈكىگە بۆلەپ ئۇنى مەۋجۇتلۇق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان قالايمىقان جەڭگە - جېدەل ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىدىغان سايمانغا ئايلاندۇرۇپ قويىمىز. سەنئەت بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ تەڭ ئورۇنغا قويۇلۇشىلا، بۇ ئىشنىڭ باشلىنىشىدىكى قوزغىلىش نۇقتىسىنىڭ بىرى. دېمەك، ئۇ يۈزلىنىشنىڭ تاماملىنىشىغا كېپىللىك قىلالمايدۇ. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭدا غەرق بولۇش ياكى ھالقىپ ئۆتۈشتەك ئىككى خىل ئىمكانىيەت بولغاچقا، ھاياتلىقنىڭ مەنبەسىدىن ئاسمان بوشلۇقىغا قىلىنغان سەپەر، مەن ماقالەمنىڭ دەسلەپىدە تىلغا ئالغان شېئىرىيەت «كۆۋرۈكى» ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. تىنىك ھاڭلار ئالدىدا قورقمايدىغان، ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپ زۇلمەتكە سانجىلىدىغان ھەمدە يۇقىرىغا قاراپ يامىشىدىغان بۇ قىياپەت دانتىنىڭ روھىي دۇنيا تارىخىدا بۇرۇنلا بار ئىدى.

روھنىڭ يۈزلىنىشى! بۇ پارلاق ئىستىقبال ئۈستىدىكى ئىزدىنىش. جىنايەتنى سوت قىلالايدىغان ئىقتىدارغا بولغان ئىشەنچ، مەغلۇبىيەت ۋە ئاسىيلىق ئارىسىدا قالغاندىمۇ جەڭگىۋار تۇرمۇشتا چىڭ تۇرۇش، نامراتلىق ۋە ئېزىلىش ئىلكىدىمۇ ھاياتنىڭ ئالىيجانابلىقىنى قولدىن بەرمەسلىكتۇر. بۇ ئۇلۇغ ئامىللار يالغۇز كۆز قاراش بولۇپلا قالماسلىقى، بەلكى بىزنى كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان ھەقىقىي رېئاللىق بولۇپ قىلىشى لازىم.

بۇ بىر ئازابلىق ئويغىنىش! ئىگە - چاقىسىز قالغان شېئىرلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى، بىزنىڭ كېسەل چىرمىۋالغان روھىمىز قوبۇل قىلالماس نەرسە بولۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. بۇ خىل روھىي كەچۈرمىشنىڭ بارىدىغان يېرى شېئىردىن ئىبارەت مۇقەددەس ھەمراھنىڭ «چەكلىمىسى» ياكى ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ چاكىنا مەنىدىكى «ئەركىنلىك» بولماسلىقى لازىم.

ئەگەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىنىدىغان روھىي شەكىلنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى توساتتىن غايىب بولۇپ كەتسە، ئۇ چاغدا ئەركىنلىكمۇ ئەركىنلىك بولالمايدۇ. ئۇ پەقەتلا ھاياتلىق تەرىپىدىن ھاۋا بوشلۇقىغا ئېسىپ قويۇلغان، باشقىلار نېمە دېسە شۇنىڭغىلا كۆنىدىغان پاسسىپ سوقۇندىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. . . شۇڭا بىر پارچە ئۇلۇغ شېئىر ھاياتلىق بىلەن دۇئا - تەكبىر ئۆز ئارا ئالمىشىپ تۇرىدىغان قاينام ئىچىدىن ئۇچۇپ چىققان قۇش، ئۇ روھتىكى ئېھتىماللىق ۋە ھاياتلىقتىكى ئەمەلىي گەۋدىگە نەزەر سالغان ھالدا، ئالدىنقى مەنزىرىنىڭ كەينىدىن تىنىمسىز يۈگۈرۈپ مېڭىۋېرىدۇ. . . دېمەك، شائىرلار پارلاق ئىستىقبال ۋە ھەققانىيلىق ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنىڭ شېئىرىيەتتىكى چاكىنىلىق ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەندىلا، ئاندىن جەھەننەم قويىنىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدۇ ۋە ئۇنى شەرھلىيەلەيدۇ. . .

## 2

شېئىر خەتلەرنىڭ قۇراشتۇرۇلۇش تەرتىپى جەھەتتە مۇقەددەس ئىبارە شەكلىدىكى دۇئا - تەكبىر ۋە ئويلىنىشتىن ئىبارەت. خەنزۇ يېزىقىدىكى «شېئىر» دېگەن خەت سۆز ۋە ئىبادەتخانا دېگەن ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. بۇ بىر ياقتىن ئۇنىڭ سۆز شەكلىدىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر ياقتىن رېئال ھاياتقا سىمىنترال بولغان ۋە بىزنىڭ ھاياتىمىزدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان يەنە بىر خىل مەۋجۇدىيەت شەكلىنى ئىپادىلەيدۇ. فىلىپپ شىدنى ئۆزىنىڭ «شېئىر ھەققىدە تالاش» دېگەن كىتابىدا شېئىرغا بولغان چۈشەنچىسىنى بارلىق

www.uyghurkitap.com

يۈكسەك ۋە ئۇلۇغ سۆز شەكلىگە قەدەر كېڭەيتىپ سۆزلىگەنىدى. ئۇ، شېئىر ئىنسانلار ئارىسىدا ئاللىبۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئېھتىمالى بولغان، تەسەۋۋۇرغا باي، پاكلاشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە بارلىق يېزىقلار ئىچىدە مەيلى نەسرىي ئەسەر ياكى شېئىرلار بولسۇن ھەممىسىگە سىڭىپ كىرەلەيدىغان، «نادانلىقتا بىرىنچى بولۇپ يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلەيدىغان ئەلچى» دەپ قارىغانىدى. دېمەك، شائىرلار شېئىرنىڭ ئىچكى روھىي يېقىدىن پەيغەمبەرلەرگە، خۇداغا، جەبرائىلغا ياكى مۇئەككەللەرگە ماھىيەتلىك ھالدا يېقىنلىشالايدۇ، ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش كۈچىنىڭ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. «بىزنىڭ زەئىپلەشكەن روھىمىز چاپلىشاڭغۇ تۇپراق شارائىتىدا كۇنسايىن چىرىپ كېتىپ بارغان چاغدا، ئۇ بىزنىڭ شۇ روھىمىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېخىمۇ يۈكسەك ۋە مۇكەممەل مۇھىتقا ئېلىپ كىرەلەيدۇ.» شىدنى ھېلىقىدەك ئىچى تار زاھىت تىپىدىكى شائىرلارنىڭ ئەكسىچە، شائىرلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى كىم ـ كىمنى قوغداش، كىم ـ كىمنى مەدھىيىلەش مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى تىك لىنىيىلىك ھەمدە تەڭ ئولتۇرۇپ، تەڭ تۇرىدىغان، بىر ـ بىرىگە كۆز ئالايتمايدىغان مۇناسىۋەت، شائىرلار «تەبىئەت بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئالغا چامدايدۇ، لېكىن ھەرگىزمۇ تەبىئەت ئاتا قىلغان سوۋغا ـ سالاملارنىڭ تار دائىرىسى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ تېخىمۇ كەڭ سەيناسىدا ئەركىن قانات قاقىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى شىدنى يەنە بىزگە بىر پارچە ياخشى يېزىلغان شېئىر كۆپىنچە پەلسەپە بىلەن تارىخشۇناسلىق ئىلمىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەيدۇ، شۇنداقلا شەخسنىڭ رېئال مەۋجۇتلۇقىدىن سىرتتا تۇرغان تېخىمۇ يۈكسەك پەزىلەتنى ۋە مۇتلەق بولغان مۇقەددەسلىكنى نامايان قىلىپ، ئىنسانلارنى پەلسەپە بىلەن تارىخ ئاللىقاچان بېشارەت بېرىپ بولغان ھاياتلىق گىردابىغا يەنە بىر مەرتىۋە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ، شائىرلار ئىنسانىيەتكە «نېمىنىڭ بولىدىغان، نېمىنىڭ بولمايدىغان» لىقىنى ئېيتىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا «زادى نېمىنىڭ بولىدىغان، زادى نېمىنىڭ بولمايدىغان» لىقىنى دەپ بېرىدۇ، دېدى.

ۋىگىر، شائىرلار ھاياتنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا كۆندىلىك تەجرىبىلەردىن ھالقىپ كەتكەن مۆئەييەن بىرنەرسە يوشۇرۇنغان ياكى ئامانەت قويۇلغان بولىدۇ، «مەن ئادەتتە مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدىغان ئىشلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا سادىر بولۇۋېرىدۇ. بەزى ھادىسىلەر تېبىبىي قانۇنىيەتكە زىت ھالدا داۋاملىشىۋېرىدۇ، دەپ قارايمەن» دېگەنىدى. ئەگەر بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى چەكسىز كېڭەيتىلگەن نۇسخا دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا بۇ نۇسخىنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىر يادرو مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ. يادروسىز نۇسخا ئەقىلگە سىغمايدۇ. مېنىڭچە، ئەڭ داڭلىق شېئىرنىڭ دوزاخقا چوڭقۇرلاپ كىرگەنلىكى ئۇنىڭ چىقىش نۇقتىسى خالاس. خۇددى دىلان توماس ئېيتقاندەك «ئادەملەر ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىن قايتا ئۆلمەيدۇ.»، «ئەقىللىق ئادەملەر قىيامەت قايىم بولغاندا زۇلمەتنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ تىلىدىن چاقماق چىقمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ لەززەتلىك قاراڭغۇ كېچىگە ياۋاش ـ يۇمشاقلىق بىلەن كىرىۋەرمەيدۇ!». ئۆلۈم گىردابىدىكى شائىرلار چىنلىق قىممىتىگە بولغان ئېتىقادتا چىڭ تۇرىدۇ. ئىنسانىيەت دادىل قەدەم تاشلاپ ئۆلۈمگە يۈزلەنگەندە، ئۆزى مېڭىپ كەلگەن يولغا قايتا نەزەر سېلىش، ئالدىنئالا بېشارەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇش، ئەڭ يۈكسەك روھىي ئېھتىماللىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش قاتارلىق شائىرلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ئەھمىيىتى ۋە شېئىرنىڭ سوبىستانسىيىلىك ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەنزىرە ئاللىقاچان مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىمەنىلىكتىن، مەۋھۇملۇقتىن كەلمەيدۇ. روھىي يۈزلىنىشتىن ۋاز كەچكەن، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە مەۋھۇملۇق بىلەن روبىرو بولۇپ شەكىللەنگەن شېئىرلار، ئىچكى مەنىۋى جەھەتتە جاپا ـ مۇشەققەت ۋە مەۋھۇملۇق بىلەن ئۆرتەنگەن تارىخ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسىنى ئاقلاشقا ئورۇنىدىغان نەرسە بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. «ئۇلۇغ

ھېسابلانغان سەنئەتنىڭ ئۆلمەسلىكى ھامان ئۇنىڭدىكى ئەسلىدە بار بولغان تاشقى ئاڭنىڭ مۇقەررەر ھالدا يوقىلىشى ۋە يېڭى مەزگىلدىكى روھ ئىچىدە يېڭىۋاشتىن دۇنياغا كېلىشىدىن ئايرىلمايدۇ. » «ئەيلۇن سۆىگ) مانا مۇشۇنداق سەنئەت دوزاخقا چوڭقۇرلاپ كىرەلەيدۇلا ئەمەس، بەلكى پايانسىز ئاسمانغا يامىشىشتىمۇ چىڭ تۇرالايدۇ. دوزاخ بىلەن جەننەت ئارىلىقىدا تارتىشماق ئويناۋاتقان كۈچ سىلىشتۇرمىسى ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى قىممەت مېۋىسىنى نامايان قىلالايدۇ.

شائىر دېگەن نېمە؟ ئۇ ئىنسانىيەت روھىدىكى ئالىيجانابلىق ۋە پاكلىقنى ئىپادىلەشتە ئەڭ روشەن، ئەڭ ئاددىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان شەكىل دېمەكتۇر. لېكىن بۇ مەسىلە توغرىسىدا بۈگۈن بىرنەرسە دېيىش مۇشكۈل. ئۇنى ئادەتتىكى سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيىتى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى شائىرلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ئادەتتىكى ئادەملەردىن ھېچقانچە پەرقى يوق. ئۇنداق بولمىغاندا، بىز شائىرلارنى روھىي كېسەل، ئۆيقۇپەرەس، ئالجىغانلارنىڭ جىسمانىي ماھىيىتى بىلەن، يەنى روھىي ھالىتىنى نورمال تەرەققىي قىلغان بىرقىسىم كىشىلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ قويغان بولاتتۇق.

شائىرلار دەرۋەقە ئىنسانىيەت ئارىسىدا تاسادىپىي بارلىققا كەلگەن ھادىسىمۇ ئەمەس. بۇنداق دېيىشمۇ يەكلىلىك بولغان بولاتتى. . . شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا روھىمىز قاتلىمىدا تەكرار ئويغىنىپ تۇرىدىغان مۇقەددەس ھالەت ۋە بۇ خىل ھالەت دائىملىق ئورۇن ئالغان ھەمدە بىزنىڭ ھايات سەپىرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىقتىدار ئارقىلىق شائىرلارنىڭ ماھىيىتىنى تەكشۈرۈپ چىقالايمىز. شىدنى «ئۆلۈپ كەتسەڭ ئالەمدىكىلەرنىڭ يادىدىن چىقىسەن، چۈنكى سېنىڭ قەبرە تېشىڭغا يېزىپ قالدۇرغىدەك نەرسەڭ يوق» دېگەن بىر سۆزنى قىلغانىدى. . .

شائىرلارنى ئۆزىنىڭ قەبرە تېشىغا خەت ئويۇپ قالدۇرىدىغانلار دېسەك بولىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇلار ئاددىي ۋە پاكىز، چوڭقۇر ۋە مەنىلىك ياشايدىغانلار. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇلاردىكى ھاياتنىڭ تۈگىشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ «ئىلاھىي ئاسمان»غا قىلغان سەپىرى مەلۇم بىر نۇسخىنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلغان بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئۆلۈم ھاياتلىقتىكى ئاچقۇچلۇق نۇقتا سۈپىتىدە بىزگە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشنىڭ ھەر تۈرلۈك ئېھتىماللىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بىزمۇ مۇشۇنىڭغا قاراپ ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى قېدىرىپ چىقالايمىز ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ھاياتنىڭ نىشان قىممىتىنى بەلگىلەپ بېرەلەيمىز. دېمەك، بىر يەككە ئىنساننىڭ ئۆلۈمى روھنىڭ ئەبەدىلئەبەد ئۆلمەسلىك مۇساپىسىدە بىر قېتىملىق ئۆلۈش بىلەنلا ئۈزۈل - كېسىل تاماملانمايدۇ. شائىرلارنىڭ قەلبىدىكى ئەنسىزلىك ۋە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ « قەبرە تېشىغا ئويۇلىدىغان خەت» كە بولغان ئىززەت - ئىكرامىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. ئۇلار ئۆلۈمنى جىسمانىيلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى روھىي ياقتىن ئۆلچەيدۇ. جىسمانىي جەھەتتە ئۇلارنى ۋەيران قىلىدىغان ۋاقىتنىڭ كۈچى بۇ يەردە بىھۇدە ئۆسكەن سۆگەلگە ياكى بولمىسا ئاشقان - تاشقان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆچ ئېلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شائىرلارنىڭ بېرىدىغان جاۋابى چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئەركىنلىكلا بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئەركىنلىك ئۆزىگە شائىرانە تەپەككۇرنى مەنبە قىلىدۇ. چەكلىمە بولسا شائىرلارنىڭ ئەبەدىيلىك روھقا بولغان ئېتىقادىنى مەنبە قىلىدۇ.

مۇشۇ مەنە يېقىدىن سۆزلىگەندە، شائىرلار ئىنسانىيەتتىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە قارىتا تىل ئارقىلىق ئويلىنىدىغانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. شېئىردىكى پەۋقۇلئاددە قۇرۇلما ئامىلىدىن قارىغاندا، شائىرلار دىنغا باش ئۇرىدىغانلاردۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ باش ئۇرىدىغىنى تىل بولغىنىغا قارىماي، ئۇلار ئادەتتىكى مۇخلىسلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە شائىرلار ئۈچۈن بىردىنبىر ۋە باش ئۈستىدىلا تۇرىدىغان تىل خۇداسى بولمايدۇ. تىل خۇداسى پەقەت شائىرلارنىڭ روھىي ئېتىقادى ئىچىدە، ئۇلاردىكى ئىجادىيەت كۈچىدە، رېئال تۇرمۇش نامايان قىلىۋاتقان مۇناسىۋەتلەردە مەۋجۇت بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تىل خۇداسى شائىرلاردىن بالدۇر

يارىتىلمايدۇ، بەلكى شائىرلار تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ، شائىرلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىدۇ، ئاندىن پايانسىز ئاسمانغا چىقىدىغان يولنى بويلاپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ - دە، ئۆزىدىن ئىجاد قىلغۇچىنى ئايرىپ چىقىپ، شائىرلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەبەدىيلىك، تېخىمۇ ئالىيجاناب، تېخىمۇ پاك مۇقەددەس گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئادەتتە دېيىلىپ كېلىۋاتقان دىن گەرچە روھ كاتېگورىيىسىگە ياتسىمۇ، ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغىنى شۇكى، ئىنسانىيەت پاراغەت ۋە خاتىرجەملىكنى ئىزدەشتەك تەبىئىي خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قۇرۇلمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىپادىسىدە يەنىلا ئۆزىنى جىسمانىي جەھەتتە ئازابلايدىغان مۇھىتقا، ئازاب دېڭىزىدىن يىراق بولۇش ئىمكانىيىتىگە، شۇنداقلا مۇشۇ تۇپەيلى پەرەز قىلالايدىغان باقىي ئالەمگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. شەرقلىقلارنىڭ دىنىدىكى «بارلىق بەندىلەرنى ئازاب دېڭىزىدىن ئۆتكۈزۈش» دېگەن نەرسە سۆز مەنىسى يېقىدىن بولسىمۇ بۇ خىل ماھىيەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىراق شائىرلار ئۇلار بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇلار پانىي ئالەمگە قەتئىي ئىشىنىدۇ، مەۋجۇدىيەت قاينىمىدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزەلەيدۇ. ئومۇميۈزلۈك دىشۋارلىق ۋە بىمەنىلىك ئىچىدە تۇرغان ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى روھ مەۋجۇتلۇقنى ئۆزگەرتىدۇ دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرىدۇ! بۇ يەردە ئادەملەر بىلەن «مۇئەككەللەر»نىڭ مۇناسىۋىتى قارىماققا قارىمۇ قارشىدەك كۆرۈنسىمۇ، شائىرلار ئىنسانىيەت ماھىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان تىلنىڭ باستۇرۇمىغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى پاكلاشتۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى، شۇنداقلا تىلنى قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ھېلىقى روھنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسلىرىنى ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا شائىرلار بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزئارا تاللاش ۋە ئىجاد قىلىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. تىلمۇ بىر مەۋجۇتلۇق بولغاچقا، ئۇ ماھىيەت جەھەتتە ئىنسانىيەتنىڭ روھىي شەكلىنى بەلگىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. تىلنى ئۆزگەرتىش مەۋجۇتلۇقنى ئۆزگەرتىش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلىدۇ. تىل شەمشىرى غىلاپتىن چىقىشتىن بۇرۇنقى ھاياتلىق - غەپلەت ئۇيقۇسىدا تۇرغان، ئاق بىلەن قارىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىدىغان چاكىنا ھاياتلىق، ھالبۇكى، ئۇ ئىجادىيەتتىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ بىرىنچى ئورنىدا تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزىدىكى ماھىيەتنى، ئۆزىدىكى ئىپتىدائىي مەنبەنى، ئۆزىدىكى يادرونى، ئۆزىدىكى ئىجابىيلىقنى نامايان قىلىدۇ ھەمدە كېيىن پەيدا بولغان ئىككىلەمچى ئورنىدىكى غەيرىي ماھىيەتلىك ئامىللار ۋە سەلبىي تەرەپلەر بىلەن زىت مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. روھىي جەھەتتە يۈكسەلمەكچى بولغان بىرەر مىللەت چاكىنا جاھاندارچىلىقتىن كۆرە ئالىيجاناب ئىشق - مۇھەببەتنىڭ شان - شۆھرىتىدىن بەھرىمەن بولىمەن دەيدىكەن، شائىرلارنىڭ ئۇلۇغۋار مەۋجۇتلۇقى كەم ئەھۋالدا بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرالمايدۇ. شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، شائىر ئۆزىگە ئۆزى ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ ياتىدىغان غەلىتە مەخلۇق ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنى ھەممىدىن بەك جارى قىلدۇرىدىغان، ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ بەكرەك ۋەكىللىككە ئىگە، ئەقىل - پاراستى ۋە نېرۋىسى نورمال قەھرىمانلاردۇر.

شېئىر ئۆزىدىكى سۆز قۇرۇلمىسى ئارقىلىق شائىرلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ كاھىنى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئومۇميۈزلۈك يېڭىلىنىۋاتقان، ئۆتكەن كۈنلەرگە ئوخشىمايدىغان دۇنيادا ياشايمىز، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە كونىراۋاتقان، قېرىۋاتقان، توختاپ قېلىۋاتقان ئالەمنىڭ جۇغراپىيىلىك ئومۇمىي مەركىزىدە تۇرمۇش كەچۈرىمىز. ئىنسانىيەتمۇ ھاياتنىڭ ھەم يىراقلىشىۋاتقان، ھەم يېقىن كېلىۋاتقان، ھەم جاراڭلاۋاتقان ھەم ئەكس سادا بولۇپ قايتىپ كېلىۋاتقان چاقناشلىرىنى سېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار مۇراسىم ۋە ناخشىلارغا موھتاج. خۇددى ھايۋانلار ئۆزىدىكى ھەر خىل ئاۋاز ئارقىلىق ئۆز رەھمىتى ياكى پىغانلىرىنى ئىپادىلىگەندەك، گۈل - گىياھلار ساغلام ۋە غۇبارسىز جىسمانىي شەكلى بىلەن ھاياتقا سالام بەرگەندەك، شائىرلارمۇ ئىنسانلارنىڭ شانلىق نەزمىلىرى ۋە يىغا - زارلىرىنىڭ يۈكسەكلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار ھاياتقا ۋە ھاياتلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈۋاتقان بارلىق ئىمكانىيەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. چىنلىقنى، ياخشىلىقنى،

گۈزەللىكنى تونجۇقتۇرماقچى بولغان زوراۋانلىقنى سوتقا تارتىدۇ. . .

لېكىن بەزى شائىرلارنىڭ ناخشىسى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ۋىتگىنىشتاين ئېيتقاندەك، ئۇلار «ئادەملەر توختىماي مېڭىۋاتقان يەردە تىمتاس تۇرۇپ قالىدۇ». ئۇلار خەتەرلىك قىيا ياقىسىدا تۇرۇپ پەسكە نەزەر سالىدىغانلاردىن ئەمەس، بەلكى قورقۇمسىزلىق بىلەن دوزاخقا قاراپ ماڭىدىغانلار ۋە دوزاخ ئۈچۈن مەرسىيە ئوقۇيدىغان بىر قىسىم كىشىلەردۇر. ھاياتلىقتىكى تۇۋىسىز ئۆڭكۈر ۋە قاراڭغۇلۇق ئۇلارنى تۆۋەنگە يېتەكلىگەندىمۇ، ئۇلار بۇ تۇۋىسىز ئۆڭكۈر ۋە قاراڭغۇلۇق ئالدىدا ئېسەڭگىرىمەيدۇ. ئۇلار دوزاخنىڭ مەركىزىگە تىلىنىڭ يۈرۈكلىرىنى دۈۋلەپ، دوزاخ بىلەن قىلچە چېقىشالمايدىغان بىر شىجائەتنى تەۋەللۇت قىلىدۇ. . . ئۇلار دوزاخقا چوڭقۇرلاپ كىرىۋېتىپ، ھاياتلىقنىڭ ئەينەن قىياپىتىنى تېخىمۇ رەھىمسىز يوسۇندا ئايدىڭلاشتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. ئۇلار قاراڭغۇلۇقنى قارغاپ، ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇغۋار بولغان پۇشايمانلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. مۇشۇ تۈپەيلى ئۇلارنىڭ پەسكە قاراپ مېڭىۋاتقان يولى ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، بۇ دوزاختا بىز شائىرلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ زىنھار ئەسلىگە كەلمەيدىغان يوقىلىشىدىن بېشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتتىن مىراس قالغان بارلىق روھىي كۈچىنى يىغىپ، ئۇنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەرسىيە ئوقۇۋاتقان بۇ شائىرلار ھاياتنىكى بىمەنىلىكنى، زەئىپلىكنى پاش قىلىشتا نىگىلىزمچىلاردىن قېلىشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر ياخشى يېرى ئۇلار ئۆزىنىڭ قەلبىنى دوزاخقا ئېچىپ بەرمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلار ئىنسانىيەتنى ھاياتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇرلايدۇ. دەل مۇشۇ دەقىقىدە شېئىر ئىنسانىيەتتىكى جىنايى شۇملۇقنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىدىغان كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇلار يەنە بىر ناخشىنى، ئىنسانىيەتتىكى يەنە بىر تەڭداشسىز ئالاھىدىلىكنى، يەنى ئۇلاردىكى جىنايەتنى دار ئالدىغا سۆرەپ كېلەلەيدىغان ئىقتىدار ۋە ھوقۇقنى يېزىپ تۈگىتىدۇ! شائىرلار ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ھەققانىيلىق، تۆۋە - ئىستىغپار، تەنھالىق ۋە بىغۇبارلىقتىن ئىبارەت ئىنسان روھنى ھاياتلىقتىكى ھېلىقى جىنايى شۇملۇقلار ئۈستىدە بەرق ئۇرىدۇ!

مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى شېئىردىكى ئەڭ دەسلەپكى شۇنداقلا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقان روھىي يۈزلىنىش! ئۇ ئېستېتىكا پادىشاھلىقىدا تۇرغان بىلەن، ئۇنىڭدىنمۇ ئەبەدىيلىك، ئۇنىڭدىنمۇ پايانسىز، ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن روھىي كۈچ ئارقىلىق كۆزنى قاماشتۇرغىدەك نۇر چاچىدۇ. شېئىر ھەققىدىكى ئويلىنىش دەل ھاياتلىق ھەققىدىكى ئويلىنىش، ئۇ ۋايىغا يەتكەندە ۋە بېجىرىم شەكىل بىلەن ئۆز ھالىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندە، بىز ئۇنىڭ مەۋجۇدىيەتنى ئىجابىي قۇتۇپ ئىچىگە يېتەكلەپ كىرىش ۋەزىپىسىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. شېئىر يالغۇزلا ئېستېتىك زوق ئەمەس، ئۇ ئالدى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ قىممەت يۈزلىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان روھىي كۈچ. . .

دېمەكچىمەنكى، شېئىر رېئال ھاياتلىق بىلەن ھەمنەپەس بولغان ھەمدە ھاياتلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان يەنە بىر خىل مەۋجۇتلۇق شەكلى. شائىرلار بولسا قەبرە تېشىغا خەت ئويىدىغانلار، ناخشا توۋلايدىغانلار، سودىيلەر، باستىرلار. دۇرۇس، ئادەم بىر قېتىملا ئۆلىدۇ. شائىرلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، لېكىن تارىختا ياشىغان ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن شېئىرلىرى ئۆلمەيدۇ. خۇددى شىللى ئېيتقاندەك: ھەممە دەۋرنىڭ شائىرلىرى «ئۈزلۈكسىز يېزىلىۋاتقان بىر پارچە شېئىر» ئۈچۈن توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. گىيوتى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شېئىردىكى بۇ ئالاھىدىلىكنى ئىخچاملاپ «يەتمىش بەشكە كىرىپ قالغان ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنى ئويلاپ قېلىشى تەبىئىي ئەھۋال، لېكىن بۇ خىيال مېنى قىلچىمۇ بىئارام قىلمايدۇ. چۈنكى مەن روھىمىزنىڭ تەبىئىي مەۋجۇت بولۇۋېرىدىغانلىقىنى، ئۆلمەيدىغانلىقىنى، ئەبەدىلئەبەد ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇ خۇددى قۇياشقا ئوخشايدۇ، قۇياش بىز تۇرغان جايدا ئولتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

كەتكىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە يەنە بىر جايدا بالقىپ چىقىۋېرىدۇ» دېگەنىدى. بارلىق ئۇلۇغۋار، ساپ شائىرلارغا ئوخشاش گېيوتىمۇ پۈتۈن ئۆمرىنى «بۇ ئالەمنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان قانداق نەرسىدۇ» دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئويلىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىلتىجاسىمۇ «يورۇقلۇق كۆپرەك بولسۇن» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. مۇنداق قەيسەرلىك ۋە يەكدىللىق پرومېتېنىڭ ئىلاھىي ئوتنى ئوغرىلىشى بىلەن ئوخشمايدىغان باشقا بىر ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇ ھەقىقىي ئۇچقۇننىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يوشۇرۇنغانلىقىنى، ھاياتنىڭ مۇتلەق قىممىتىنى ئىزدەيدىغانلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى مەشئەل قىلىش جەھەتتە ئەجىر سىڭدۈرۈشى لازىملىقىنى بىلەتتى. . .

3

ئامېرىكىلىق شائىر روبىنزون جېپۇس ئۆزىنىڭ سىمۋول سىيۇژىتلىق دىرامىسى «قىزىل يايلىلىق ئات» دېگەن ئەسىرىدە مۇشۇ قورقۇنچلۇق تېما ئۈستىدە ئىزدىنىپ باقتى. ئۇ ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشتىكى بىردىنبىر يولى ئۆزىدىن يىراقلىشىش ۋە ئۆزىگە ئوخشاشلاردىن نېرى تۇرۇش، ئەبەدىيلىك ھېسابلانغان تەبىئەت بىلەنلا پىكىرلىشىش دەپ قارىدى. جېپۇسنىڭ مەقسىتى ئادەملەرنى ئۆتۈپ كەتكەن ھايات قوينىغا قايتۇرۇش، ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئارىسىدىكى يېقىنچىلىقنى كۈنسايىن زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان ئىنسانىيەتچىلىك بىلەن كوللېكتىپ چەكلەش تۈپەيلى غەيرىي ئىنسانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ھاياتلىق ئورنىغا دەسسىتىش ئىدى. بۇ يەردە كۆزىمىزگە چېلىقىدىغىنى ھاياتلىق تارىخىدىكى گۇڭگا باشلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال راستتىنلا مۆجىزە كەبى يېڭىۋاشتىن بارلىققا كېلەرمۇ؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، نامراتلىق بىلەن زىمىستاننى دو چىقىدىغان مۇنداق ھاياتلىق راستتىنلا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولارمۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولىدىغان بولسا بىز ئەلۋەتتە لېۋىمىزنى مەھكەم چىشلەپ، ئۆتۈپ

كەتكەن دەۋردىكى ئاچارچىلىق، ئۆلۈم ۋە بالايى - ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان بولاتتۇق. ھاياتلىق تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىكى بىزنى ئۆتمۈشنىڭ جەننەتۇل - رىزۋانلىرىدىن خوشلىشىشقا يېتەكلىدى، چۈنكى ئۆتمۈشنىڭ يوقىلىشى ئۇنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى راۋاجلاندۇرۇش كۈچىدىن قالغانلىقى تۈپەيلى بارلىققا كەلگەنىدى.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان كەيپىياتنى بىر رۇسىيە شائىرى يېسېنىننىڭ ھاياتىدىن تېخىمۇ شەپقەتسىز ھالدا ھېس قىلالايمىز، كىشىلەر سىرلىق ۋە خاتىرجەملىك تولۇپ تاشقان چىمەنزارلىقنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن، تۇرمۇش يېسېنىننى سوغۇق، نەپەسنى بوغىدىغان پولات - تۆمۈر ۋە قېتىپ كەتكەن سېمونت دۆۋىسى ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ئېستېتىك غايىنىڭ يوقىتىلىۋاتقانلىقىغا شۇبھە بىلەن قاراۋاتقان بۇ شائىر ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىجادىيىتىنى ئۆلۈم بىلەن ئاياغلاشتۇردى. ئۇنىڭدەكلەرنىڭ ئازابلىق لىرىكىلىرى قەلبىمىزنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئادەملەرنىڭ ھاياتى يالغۇز ئۆتمۈشلا ئەمەس ئىدى، ھەتتا ھازىرقىسىمۇ ئەمەس ئىدى، ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، ئادەملەرنىڭ ھاياتى كەلگۈسىدىكى ھايات ئىدى. بۇ ئۈچ خىل زامان مۇناسىۋىتى تۈپەيلى، بىز شېئىرىيەتتىكى بەزى ئېستېتىك سۆيگۈ پرىنسىپلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭدىكى رېئال ئۇنۇمگىلا دىققەت قىلىدىغان بولدۇق.

ئۆتۈپ كەتكەن زاماندىكى چۈشكە ئوخشاش لىرىكىلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرۈش ھازىرقى زامان شېئىرلىرى ئىچىدە ئىزچىل تەكرارلىنىدىغان رايون بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ خىل سوكۇلداش خېلى كۆپ شائىرلارغا نىسبەتەن ئالغاندا، يېسېنىنگە ئوخشاش پەۋقۇلئاددە مەنىدىكى تۇنجۇقۇپ قىلىپ ھېسسىياتنى ئۆزىدىن مۇستەسنا قىلدى ۋە تاشلاندۇق نەرسە قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە بىرەر ۋەزىپىنى ئالدىنئالا بېكىتىۋالغان بولغاچقا، ھاياتلىق بىلەن كېلىشەلمىدى. ھەدېسىلا ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، ھاياتلىقنى پاسسىپ ھالدا قارىغۇلارچە چۆرگىلەپ يۈردى. بۇ

خىل چۈرگىلەش تېزلەشكەنسېرى، شېئىرنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى يۈكمۇ بارغانسېرى كېچىكلىدى ۋە «مەركىزىي نۇقتىغا كېپىللىك قىلالمايدىغان» نەرسە بولۇپ قالدى. ئەڭ ئاخىرىدا «ئۆزى چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ، باشقىلارغا دەپ بېرەلمەيدىغان» ۋە ئىچ - پۇشۇقىنى چىقىرىشقىلا يارايدىغان مىسرالارنى يېزىشقا مەھكۇم بولدى. دېمەك، بۇ خىل ئارقىغا يۈزلىنىش كوللېكتىپ ئىجادىيەت باسقۇچىغا قاراپ چېكىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى ھەمدە ھازىرقى زامان ئادەملىرىدىكى روھنى ھاياتلىققا تارتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى چىقىشالمايدىغان ئەھۋالنى يەنە بىر مەرتىۋە كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ رېئاللىقتىن چەتنەشكە بولغان قارشىلىق ياكى ئۇنىڭ بىلەن سىممېترال بولۇش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تېخىمۇ تۇتامسىز، تېخىمۇ سۇيۇق ئاسىيلارنى تۈركۈملەپ مەيدانغا چىقىرىشى ئەمەلىيەت بولۇپ قالدى.

بىز يۇقىرىدىكى يۈزلىنىشنىڭ تەتۈرىچە يەنە بىر تۈركۈم ئالىيجاناب كەلگۈسى پەرەسلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قىلىشۋاتىمىز. ئۇلار كاللىسىنى ئەمەس، بەلكى پۇت - قولىنى ئىشقا سېلىپ، ئېستېتىك زوقلىنىشقا ھەدەپ ھۇجۇم قىلدى. ئىلاھلار قالمىغان بۇ دۇنيادا ماشىنا، تۆمۈر - تەسەك، ياراغ - ئەسلىھەلەر. . . ئۇلار ئۇچۇن يېڭى ئىلاھ بولۇپ قالدى. ئۇلار يېڭىدىن تۆرەلگەن ھەممە نەرسە ياخشى، بۇرۇنقىلىرىنىڭ ھەممىسى كونا ۋە ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن نەرسە دەپ قارىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئەسەبىي مەمەدانلىق ۋە ئىنكارچىلىق بىلەن تولغان ھالقىش ئەلپازى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان توختام سۇدەك رېئاللىققا ھەددىدىن زىيادە بىخۇدلاشتۇرۇش ئوكۇلى ئۇرغاندىن باشقا ھېچنەرسە قىلالمىدى.

يۇقىرىدىكى بۇ تراگېدىيە ۋە بىمەنىلىكنى ئويلاپ، «بىلىم نەزەرىيىسى» نى ئاساس قىلغان ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىكى ئىدراك روھى ھەققىدە گەپ قىلغۇم كېلىپ قالدى. خەۋپ - خەتىرى كۆپ بۇ ھاياتلىق شېئىرنى تۈيۇق يولغا قىستىغىنى يوق. ئۇنى ھەتتا قەدىمكى ئىپادىلەش ئىچىگە بەنت قىلغىنىمۇ يوق. ھاياتلىقنىڭ بىر جۈپ كۆزى شېئىرنىڭ بىر جۈپ كۆزىگە مەڭگۈ تەڭ بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ھەقىقىي خۇشاللىق بىلەن ھەسرەت - نادامەت پەقەت شائىرنىڭ ئۆز مېڭىسىدىنلا چىقىدۇ خالاس! مۇشۇ مەنە يېقىدىن ئالغاندا، ھازىرقى جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان شائىر ھەم سوتتا گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدىغان ھەم قانۇن تۇرغۇزالايدىغان ئىككى ئامىلنى بىر گەۋدىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن شەخس. ئېلىيوت «يۈرىكى كاۋاك» ، «جەزىرە ئادەملىرى» نىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈنلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى بىزگە تازا جايىدا، كېلىشتۈرۈپ كۆرسىتىپ بەرگەندى. ئەما ۋە باش - ئايىغى يوق قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرغان شائىر ئىدراكى روھ ئارقىلىق ھاياتلىقنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى ئاشكارا قىلالايدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قانۇن تۇرغۇزۇش سورۇنى ئاچالايدۇ. . . ئۇلار ئىجادىيەتكە كىرىشىشتىن بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھاياتلىق مۇقەررەر يوسۇندا «يۈرىكى كاۋاك» ھالەتتە تۇرىدۇ. «ھېچنەرسە ئۆسمەيدىغان جەزىرە» گە ئوخشايدۇ. ئىجادىيەتتىن كېيىن ئۇلارغا ئات قويۇلىدۇ ۋە ئۇ دۇنيا ئۇچۇن تۇنجى قېتىم جاكارلانغان قىممەتلىك بىلىم بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ ئادەتتىكى چۈشەنچىمىزگە ئوخشىمايدىغان بىر ئىش شۇكى، «ئىدراك» ماھىيەت جەھەتتە دائىم ئۆزى كۆرۈپ تۇرغان ئەينەن شەيئىنىلا كۆزدە تۇتمايدۇ بەلكى ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق ھەقىقىتىگە بولغان پەۋقۇلئاددە بۇرچىنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ دائىرە بويىچە قارىغاندا، ئۇ ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئۈزلۈكسىز پەرۋىش قىلىۋاتقان مۇستەقىل پەرەزنى، مۇستەقىل ئىجاد قىلىش روھىنى ۋە ئىقتىدارىنىمۇ ئۆزىگە مەزمۇن قىلىدۇ. شۇڭا ھاياتلىقنىڭ ئەمالىقىنى ۋە بىمەنىلىكىنى بىر سەۋەب تەرىقىسىدە تەكشۈرۈشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ دەل سانسىز يەككە ھاياتتىكى ئەمالىق ۋە بىمەنىلىكنىڭ نەتىجىسى. . . يەنە پەقەت ئازاب - ئوقۇبەت گىردابىدىكى مەۋجۇتلۇقتىلا نەزەر سېلىش كۇپايە قىلمايدۇ بەلكى ئۇنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىش ۋە ئۇنى تاۋلاش، ئۇنى ئەمالىقتىن، ئىپتىدائىي ئېسەنگىرەشتىن سەلتەنەتلىك، دەبدەبىلىك شېئىرنى سەھىپىگە كۆتۈرۈش لازىم. ناۋادا بۇ نۇقتا ھەقىقەتەن

ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىگە نەزەر سالالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە دېيىلسە ھەمدە ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتى بىلەن باشتىن - ئاياغ بىرىكەلەيدۇ دەپ قارالسا، ئۇنداقتا بىز ھەقىقىي ھازىرقى زامان ئېپوسچىلىقى دەل مۇشۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ دەپ ئېيتالايمىزمۇ قانداق؟ . . .

خۇسېر «ئىچكى ۋاقىت ئاڭدىكى ھادىسىلەر ئىلمى» دېگەن كىتابىدا قىممەت نەزەرىيىسى يېقىدىن تەكشۈرسەك، ۋاقىت كونكرېت رېئاللىققا ئىگە بولمايدۇ، لېكىن ئادەملەر بىرەر مۇددىئانى كۆڭلىگە پۈككەندە ۋە ئۇنىڭغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل نەزەر سالغاندىلا ۋاقىتنىڭ رېئاللىقى مەۋجۇت بولىدۇ دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئاچقۇچلۇق نەرسە ۋاقىتنىڭ رېئاللىق ئۆلچىمىدە ئەمەس، بەلكى سۇبيېكتىپلىق ھېسسىيات ئىچىدە، يەنى مۇددىئا پائالىيىتىدە تۇرغان ۋاقىتنىڭ بىۋاسىتە سېزىمىدە بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. شائىرلار قەيسەر ئىرادىلىك مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە شەيئىلەرنىڭ دەسلەپكى مەنبەسى ئۈستىدە ئويلىنىشى، رېئال مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئامىللىرىنى تېخىمۇ بەكرەك ئىگىلىشى لازىم. دېمەكچىمەنكى، دانتې ئېپوسلارنى ئىجاد قىلغان تارىخىي شارائىت بارسا كەلمەسكە كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئېپوسنىڭ ئۆزىدىكى يۈكسەكلىك ۋە نىشان تۈپكى جەھەتتە ئۆزگەرگىنى يوق. بۇ يەردىكى ئوخشىماسلىق ھازىرقى زامان ئېپوسلىرى ئىلاھلاردىن ئادا - جۇدا بولغان مۇتلەق ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە شائىرلاردىن رېئال ھاياتلىقنى ھەقىقىي ھازىرقى زامان ئىدراكى روھى بىلەن ھېس قىلىشنى، بەلگىلەشنى ۋە ئۇنىڭغا شېئىرىي قىممەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەنئەنىۋى مەنە يېقىندىكى ئېپوسلار شائىرلارنىڭ مۇتلەق روھ ئىچىگە كىرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ خىل شېئىر ۋە ئۇنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى كۆپ ھاللاردا شائىرلار ئىنتىلىۋاتقان بىردىنبىر ئېتىقاد ئىچىدىن ئورۇن ئالىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ھېلىقى شېئىرلارنى مۇستەقىل مەدەنىيەت ئىلمى دەرىجىسىگە كۆتۈرەلەيدۇ. مەن شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەنكى، ھازىرقى زامان روھى ماددا ۋە تېخنىكا تەرىپىدىن بۇلغىنىۋاتقان ئەھۋالدا، مۇنداق ئۇلۇغ شېئىرىي ۋەزىيەتنى داۋاملىق ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بارغانسېرى تەسكە توختايدۇ.

مەن شېئىر ئاتا قىلغان جاۋاھىرلارنى قوينۇمغا سېلىپ، غايەت زور مۇز قاتلىمى يانتۇ كەتكەن زېمىن ئۈستىدە كېتىپ بارىمەن! مۇز تۈۋرۈكلەر بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدىكى مەزمۇت ۋە شاھانە زامان كۆۋرۈكىدە سۆزنىڭ ئالتۇن قۇرلىرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ چاقنىماقتا! ئاھ، مېنىڭ قەلبىم، «زامان»نى قوغلاشقىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرەر؟ ئاۋگۇستىنىڭ «زامان دېگەن زادى نېمە؟ بىرەرسى سورىمىغان بولسا بىلدىم دەپ يۈرۈۋېرەتتىم، سوراپلا قالدىمۇ، ئىزاھلاشقا ئامالىم يوق» دېگەنلىرىنى ئادەملەر تولىمۇ كۆپ تىلغا ئالدى. بۇ سۆز ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز نىشانىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئادەملەرنىڭ ئۆزىدىن - ئۆزى خىجىل بولغاندا ياكى ئۆزىگە ئۆزى تەن بەرمىگەندە كاپ ئېتىدىغان دورا بولۇپ قالدى. بىراق، ئاۋگۇستىنىڭ «ئىشەنچ قىلغان ھالدا شۇنداق ئېيتىمەنكى، ناۋادا ئۆتۈپ كەتكەن شەيئىلەر بولمىغان بولسا، ئۆتۈپ كەتكەن زامانمۇ بولمىغان بولاتتى، كەلگۈسى شەيئىلەر بولمىغان بولسا، كەلگۈسى زامانمۇ بولمىغان بولاتتى؛ ئەگەر ھېچنەرسە مەۋجۇت بولمىغان بولسا، ھازىرقى زامانمۇ بولمىغان بولاتتى» دېگەنلىرىنى ئەستىن چىقارمايمەن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، زامان بىلەن ئۈيۈلتاشتەك بىرىككەن ئۇلۇغۋار شېئىرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى روھىمىزنىڭ زامان قوينىغا كىرەلىشىدىكى ئەڭ زور مەنبە، ئۇنىڭ باشتىن - ئاياغ يوقالماي تۇرالىشىدىكى سەۋەب، بىزنىڭ يات بىلەن سۆز چېگرىسىدا يۈز بەرگەن ھەر خىل مۈرەككەپ ئېھتىماللىققا بولغان تەشنالىقىمىز ۋە ئۇنى ئاشكارىلىغانلىقىمىزدا، پايانسىز ئاسمانغا يۈزلەنگەن ئىرادىمىزنىڭ بىزنى قەيسەرلىك بىلەن سىنىقىلىۋالغانلىقىدىكى سەۋەبمۇ بۇ خىل ئۇلۇغۋار يۈزلىنىش ئىلكىدىكى شېئىر بىلەن ھەقىقەتنىڭ ماھىيەتلىك ھالدا بىرىكىپ كەتكەنلىكىدە، ئۇ ھەرگىز خورىمايدۇ، ئۇنىڭ بەربات بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئالىيجاناب ۋە ئېھتىياتچان شەكىل بىلەن بىزنىڭ روھىمىزنى ئىنسانىيەتنىڭ شەخسىي تەقدىرىدىن ھالقىغان ئورتاق يۈكسەكلىككە تارتىپ ماڭغاندا، بىزمۇ ئىلاھىي كۆكتىكى سەلتەنەتلىك مۇراسىم ئىچىدىن ھەقىقىي رەۋىشتە ئورۇن ئالالايمىز ۋە شېئىرىي ئوبرازغا تايىنىپ ھەقىقەتنىڭ يېڭى ئادەملىرىنى تونۇپ يېتەلەيمىز!

(«شېئىرىيەت گېزىتى» 1996 - يىل 3 - سان)



# ئەمىر تىمۇرنىڭ ياقۇتى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئازاد مۆمىن (ئۆزبېكىستان)

مەن توپتوغرا ئون يىل قىممەت باھالىق تاشلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللاندىم. ئۇلارنى تەتقىق قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان، ھازىرقى پەيتتە زەرگەرلىك سانائىتىدە كەڭ قوللىنىلىۋاتقان بىر قانچە ئەسۋابلارنىڭ ئىگىسىمۇ بولدۇم. تەتقىقاتلار مابەينىدە قىممەت باھالىق تاشلارنىڭ ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىگە، ئۇلارنىڭ زور ئاخبارات مەنبەسى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. ئۇلارنىڭ قەلبىنى غىدىقلىغۇچى رەڭگارەڭ نۇرلىرى ۋە تۈرلۈك جىلۋىلىرىدە شېئىرىيەت، سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتلا ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ، شەپقەتسىز، ھېيلىگەر ھاياتنىڭ دراماتىك بايانلىرى، يېزىلمىغان تارىخىمۇ مۇجەسسەم ئىكەنلىكىگە ئىمانىم كامىل بولدى.

بىراق، ئەپسۇسكى قىممەت باھالىق تاشلار، بولۇپمۇ كەم ئۇچرايدىغان تارىخىي تاشلار سىز بىلەن بىز كەبى سۆزلىشىپ، قەلب نالىلىرىنى ئىزھار قىلالمايدۇ. ئۇلارنى سۆزلىتىشنىڭ پەقەت بىرلا ئۇسۇلى بار، ئۇ بولسىمۇ ھۆججەتلەر، قوليازمىلار ۋە كىتابلار. ئەنە شۇلارلا تاشلارنى تىلغا كىرگۈزەلەيدۇ، سىزنى ئاجايىپ دۇنياغا باشلايدۇ.

قىممەت باھالىق تاشلارغا بېغىشلانغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


بىر قولىيازمىدا، جاۋاھىرلار سۇلتانى ـ ئالماس توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەنىكەن:

«... ئىنسان ئالماسنى سول تەرىپىدە ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك، ئۇ يۈرەككە قۇۋۋەت ۋە دەرمان بەرسۇن. ئالماس ئەر كىشىگە پەزىلەت ۋە مەردلىك بەخش ئېتىپ، ئۇنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ئاسرايدۇ. ئەگەر ئۇ ھەق ئىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بولسا، دۈشمەننى يېڭىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئالماس ئەقىلنى سازلايدۇ، غەم - كۈلپەتنى يىراق قىلىدۇ ۋە ئىنس - جىنلارنى قوغلايدۇ. كىمدەكىم ئالماس ئىگىسىنى بالاغا گىرىپتار قىلىشنى كۆزلەپ سېھىر - جادۇ ئىشلەتسە، بارچە كۆرگۈلۈكلەر ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشىدۇ. ئالماسقا ئىگە ئىنسانغا ھېچقانداق يىرتقۇچ يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئالماس ئادەمنى پەقەت ئىزگۇ ئىشلارغا ئۈندەپ، بەزى كېسەللىكلەردىنمۇ پارىخ قىلىدۇ. بىراق ئالماسنى پەقەت توغرۇلۇق ۋە ئالىيجانابلىق بىلەن قولغا كىرگۈزۈش كېرەكتۇر. ئالدامچىلىق ۋە زوراۋانلىق بەدىلىگە ئىگىلەنگەن ئالماسنىڭ تەسىرى يوق. گۇناھقا ۋە ناشەرئى ئىشلارغا مايىل كىشىنىڭ ئالماس ئېلىپ يۈرۈشى پايدىسىزدۇر...»

مەن غەربتە «بۈيۈك ئەمىر تېمۇرنىڭ ياقۇتى» دەپ ئاتالغان غايەت زور جاۋاھىرنىڭ تارىخىنى تىلغا ئالماقچىمەن. ئۇ شەرقتە «ئالەمنىڭ چىرىغى» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئەپسۇسكى، خەلقىمىز بۇ ئاجايىپ تاشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇنىڭ تارىخىمىزنىڭ بىر بۆلىكى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

**1**

«ئالەمنىڭ چىرىغى» پۈتۈن دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ياقۇت ھېسابلىنىدۇ. ھەجىم ۋە ئېغىرلىق جەھەتتە ئۇنىڭ يېرىمىچىلىك كېلىدىغان ياقۇتمۇ مۇشۇ كەمگىچە تېپىلمىغان. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 361 كارات (1 كارات ـ 0.2 گرام). ئۇنىڭدىن ئاجايىپ زىننەت بۇيۇمى ياسالغان. «ئالەمنىڭ چىرىغى» ئۆزىدىن كىچىك ئۈچ ياقۇت، بىرقانچە يىرىك دۇر ۋە زۇمرەتلەردىن ياسالغان سەنئەت ئەسىرىدۇر.

بوۋىمىز ئەمىر تېمۇر ساھىبقىران ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە «پۈتۈن دۇنيادىكى رەزىل جىنايەتكارلارنىڭ ياستۇقىنى قۇرۇتۇش نىيىتى بىلەن» ياشاپ، 1398 ـ يىلى دېھلى شەھىرىنى ئالغان چاغدا بۇ جاۋاھىر ئۇنىڭغا تۇھپە قىلىنغان.

**2**

جەنۇبىي ئۆلكىلەردە ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلار بولۇۋاتقانمىش. ئوغلى پىر مۇھەممەددىن نامە كەلدى. ئۇ ئۆزى ئىدارە قىلىۋاتقان يەرلەرنى كېڭەيتىش نىيىتىدە سىند دىيارىنىڭ كاتتا شەھەرلىرىدىن بىرى مۇلتاننى ئىشغال قىلىپتۇ. بۇ يەرلەردە مۇسۇلمانلار كەم، ئاتەشپەرەسلەر كۆپ ئىمىش. ئۇلار مۆمىنلەرگە يامان قارارمىش. ئەلۋەتتە ئۇنداقلار ئۆز جازاسىنى تارتىشى، ھەق يولغا كىرىشى كېرەك. ئەمىر كۆپ جاپا چەكتى، قىيىنچىلىقلارغا چىدىدى. ھەركەتسىز، راھەت - پاراغەتتە ياشاش ئۇنىڭغا يات. ئۇ ھەقىقەت ئۈچۈن قوشۇن تارتىشتىن چارچىمايدۇ.

1398 ـ يىلى بۈيۈك ئەمىر سەپەرگە ئاتلاندى.

ئەمىرگە ھىندى ئۆلكىسىدىنمۇ خەۋەر كەلدى. دېھلى سۇلتانى پىروزشاھ مەڭگۈلۈك دۇنياسىغا كەتكەندىن كېيىن، يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر ساھىبقىراننىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ھىندىستاندىكى كۆپ شەھەرلەر ۋە ۋىلايەتلەردىكى بۇتپەرەس، ئاتەشپەرەسلەر مۇسۇلمانلارنى سىغدۇرماي بوزەك قىلىشقا باشلاپتۇمىش.

ئەمىر تېمۇرنىڭ قوشۇنى دېھلىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋېتىپ، يول بويىدىكى يەرلەردە ھەققانىي تەرتىپلەرنى ئورنىتىپ، يامانلارنى جازالاپ ماڭدى. نىھايەت 1398 ـ يىلىنىڭ 11 ـ دېكابىرىدا ساھىبقىران دېھلى ئاستانىلىرىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە زور جەڭ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمىر 13 ـ دېكابىردا شاھزادىلەر، ئەمىرلەر، سەركەردىلەر، ساراي ئەھيانلىرى ۋە ئون مىڭ كىشىلىك خاس نۆكەرلىرىنى پىروزشاھنىڭ مەقبەرىسى ئالدىغا يىغىپ مەجلىس ئاچتى.

ساھىبقىران دۈشمەن بىلەن قانداق ھالەتتە

ۋە قانداق ئۇسۇلدا جەڭ قىلىش، دۈشمەننى قانداق قىلىپ گاڭگىرىتىش، ھەمدە قايسى يول بىلەن جەڭ قايىنىمىدىن چىقىش لازىملىقىنى چۈشەندۈردى. ھەربىر ئادەمنىڭ جەڭ ۋاقتىدىكى ۋەزىپىسىنى، كىمنىڭ مەركەزدە، كىمنىڭ سولدا ۋە كىمنىڭ ئوڭ قاناتتا بولۇشىنى بەلگىلىدى. دۈشمەن ھۇجۇمىنى قايسى ئۇسۇلدا توسۇشنى ئۇقتۇردى.

– ھەققانىيەت يولىدىكى كۈرەشتە، تىلياغلىما، بەدنىيەت كىشىلەرنى جازالاش ئۇرۇشىدا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشنى بويىنغا ئېلىش – بۈيۈك قانۇن ۋە قائىدىدۇر! – دېدى ئەمىر مەجلىسنىڭ ئاخىرىدا.

مەجلىس تارقىغاندىن كېيىن ساھىبقىران مۇنەججىملەردىن يۇلتۇزلارنىڭ نېمە ئالامەت كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى سورىدى. ئۇلار ئېنىق بىر پىكىرنى دېيەلمىدى. ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن، ئەمىر تەڭرىنىڭ مېھرىبانلىقىغا ئىشىنىپ قۇرئاننى ئېچىپ پال كۆردى. ئۇندا ئۇشبۇ سۈرە نامايان بولدى: «ھەقىقەتەنمۇ بۇ يەردىكى ھايات نېمىگە ئوخشايدۇ؟ ئۇ ئاسماندىن ياغىدىغان، ئۆسۈملۈكلەر سۈمۈرىدىغان، ئادەم ۋە ھايۋانلار ئېچىدىغان سۇنىڭ ئۆزى. يەر يۈزى چىرايلىق يېشىل لىباسلار كىيگەندە، ئۇلار (ئادەملەر) بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭكى دەپ خىيال قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ نەرسە بىر كۈندە بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن يۈز بەرگەن ۋە ئالدىن بۇنداق ئەمەس ئىدى». بۇ سۈرە رەقىبلەرنىڭ خاتا پىكىرلىرى ۋە سەۋەنلىكلىرىگە، ھىندى قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى بولمىش مەللۇخاننىڭ ئوي - نىيەتلىرىگە ئىشارە ئىدى. بۈيۈك ئەمىر يەنە بىر رەت پال كۆرۈپ «نەھل» سۈرىسىدىكى ئۇشبۇ سۆزلەرنى ئاچتى: «ئاللا مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرىدۇ؛ ھېچ نەرسىگە كۈچى يەتمەيدىغان قۇل بىلەن بىز ئۆز تەرىپىمىزدىن چىرايلىق مول رىسىق بېرىپ، ئاشۇ رىسقتىن يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ئېھسان قىلىۋاتقان بىر كىشى باراۋەر بولۇرمۇ؟ ھەمدۇ - سانە ئاللاغا خاستۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپلىرى بۇنى بىلمەيدۇ». ساھىبقىران بۇ ئىككى سۈرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ بەخت يۇلتۇزىنىڭ پارلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

1398 - يىلى 17 - دېكابىر كۈنى ئەمىر ئاتقا مىندى ۋە قوشۇننى سەپلىدى. ئاساسىي ئاتلىق قوشۇن مەركەزگە تىزىلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئىلغار قىسىم - پىدائىيلار، ئارقىسىغا بولسا قارارگاھ بىلەن جەڭگىۋار قىسىم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەمىر قاناتلارغىمۇ ئېتىبار بەردى. ھەر ئىككى تەرەپكە ئالاھىدە ئەترەتلەردىن تەشكىل تاپقان ئاتلىق قىسىملارنى سەپلىدى. ئادەتتە مەركىزىي قوشۇن ئاساسىي جەڭنى ئېلىپ بېرىشقا، ئاتلىق قىسىملار بولسا دۈشمەننىڭ ئوڭ ۋە سول قانىتىنى يېرىشقا ۋە ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئارقىدىن زەربە بېرىشكە مەسئۇل ئىدى. ئاتلىق قىسىملار ئەڭ باتۇر ۋە تەجرىبىلىك جەڭچىلەر ئىدى. ئوڭ قاناتنى شاھزادە پىرمۇھەممەد، شاھزادە سۇلايمانشاھ ۋە باشقا ئەمىرلەر، سول قاناتنى شاھزادە سۇلتان ھۈسەيىن، شاھزادە خەلىل سۇلتان، جاھانشاھ ۋە باشقا ئەمىرلەر، ئىلغار قىسىمنى شاھزادە رۇستەم، ئەمىر شەيخ نۇرىددىن، ئەمىرشاھ مالىك، ئاللاھدات ۋە باشقا ئەمىرلەر جەڭگە ئېلىپ كىردى. ساھىبقىران قوشۇننىڭ مەركىزىدە تۇردى.

سۇلتان مەھمۇد دېھلەۋى ۋە سەركەردە مەللۇخان 10 مىڭ ئاتلىق، 20 مىڭ تاللانغان پىيادە ئەسكەرلەرنى سەپلىدى. توپان پەيتىدىكى دېڭىزدەك پۇشقۇرۇپ تۇرغان 120 ئۇرۇش پىلىنىمۇ جەڭگە ھازىرلىدى. ھەر بىرى تاغدەك كېلىدىغان بۇ پىللارنىڭ ئۈستىدىكى تەختىراۋانلارغا ئوقيا ئاتقۇچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پىللارنىڭ خارتۇملىرى بىر - بىرى بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يېرىپ كىرىش مۈشكۈل ئىدى. ھىندى قوشۇنلىرىدا يەنە بىر قورال بار ئىدىكى، سۇلتان مەھمۇد دېھلەۋى ئۇنىڭغا زور ئۈمىد باغلايتتى. بۇ يىراقتىن تۇرۇپ دۈشمەننى ئەجەل كامىغا راۋان قىلغۇچى «ئوق ئاتار» ئىدى. «ئوق ئاتار» تېمۇر قوشۇنىنى ساراسىمىگە سالىدۇ دەپ خىيال قىلدى سۇلتان. بىراق ئۇ خاتالاشقانىدى. ساھىبقىران بۇنداق قورالنى 1379 - يىلىدىلا ئۆرگەنچ قامىلى ۋاقتىدا ئىشلەتكەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇنىڭدىن ھەرگىز چۆچۈمەيتتى.

ساھىبقىران باخالى ئېگىزلىكىگە قارارگاھ قۇرۇپ، ساراي خادىمى مەۋلانە نەسىرىددىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇمەرگە جاپاماز سېلىشنى بۇيرۇدى ۋە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ئاللادىن جەڭدە مەدەتكار بولۇشنى تىلىدى.

ئاخىر ئىككى دېڭىز دولقۇنلىنىپ چايقالدى ۋە زور جەڭ باشلاندى. ئەمىرنىڭ ئىلغار قىسمى پىللارنىڭ سېپىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ھەرىكەتچان تاغلارنىڭ ئارىسىدىن يېرىپ كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئۇلار پىل ھەيدىگۈچىلەرنى، ئوقياچىلارنى يىقىتىشقا باشلىدى. باشلار چەۋگەن تويلىرىدەك تۇۋاقلار ئارىسىغا دومىلاپ چۈشمەكتە، قانلار شورۇلداپ ئېتىلماقتا ئىدى. ھىندىلارمۇ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلاتتى.

بۇ ئۇرۇشنى تولۇق تەسۋىرلەشكە تىلمۇ، قەلەممۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. باتۇرلۇق ۋە شەپقەتسىزلىك، تەجرىبە ۋە ھىيلە - مىكىر، باھادىرانە ۋارقىراشلار، قىلىچ، نەيزىلەرنىڭ جاراڭلاشلىرى، كېسىلگەن باشلار ھەم قان ئېقىملىرى - ھەممىسى ئارىلىشىپ كەتتى. پىللارنىڭ بۇقىراشلىرى، يارىدارلارنىڭ ئاھۇ دادى ئەتراپنى بىر ئالدى.

توغرا، ئۇرۇش كۆڭلى يۇمشاق، زەئىپ كىشىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس. زەئىپلەر، كۆڭلى بوشلار ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن تارىخى مابەينىدە قۇللۇققا مەھكۇم بولۇپ كەلگەن. قويدەك ياۋاشلىق، ھىيلىگەر دۈشمەننىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كېتىش ھەرقانداق خەلقنى، بولۇپمۇ ئۆز تارىخىنى، ئىنسانىي ئىززىتىنى ئۇنتۇغان خەلقنى باشقىلارغا قارام قىلىپ قويىدۇ. ئۇ پاختا تېرىپ بىر پارچە چىتقا زار بولىدۇ، بۇغداي تېرىپ نان يېيەلمەيدۇ، ئالتۇن قېزىپ بىر چاقىغا زار بولىدۇ.

دۈشمەننىڭ قارشىلىقى بارا - بارا سۇسلاشتى. سۇلتان مەھمۇد ۋە سەركەردە مەللۇخان ئازغىنا ئەسكەرلەر بىلەن قېچىپ كەتتى. بىراق كېيىن ئۇلار ئەمىر تېمۇرنىڭ پۇتىغا باش ئۇرۇپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ كەلدى.

جەڭ ئاخىرلاشتى. دېھلى تەسلىم بولدى. شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئەتىسىگە بەلگىلەندى.

18 - دېكابىر كۈنى ساھىبقىران ئۆز ئەھيانلىرى بىلەن دېھلىنىڭ مەيدان دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتى. بۇ يەردە ئۇنى شەھەر بۈزرۈكلىرى، ئۆلىمالىرى تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇلار بۈيۈك ئەمىرنىڭ ئايىغىغا كۆزلىرىنى سۈرۈپ كەم تېپىلىدىغان سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن دېھلىدا ھەقىقەت، تىنچلىق، بەخت - سائادەتنىڭ ئورنىتىلىشىغا ۋەدە بەردى... سوۋغا - تۆھپىلەرنىڭ ئارىسىدا دۇر - جاۋاھىرلارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى چوڭ، يالقۇندەك يېنىپ تۇرىدىغان قىپقىزىل ياقۇت - «ئالەمنىڭ چىرىغى» كۆزنى قاماشتۇراتتى.

بۇ ياقۇت ساھىبقىراننىڭ سەمەرقەنتتىكى 25 مىڭ كاتتا جاۋاھىرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

«ئالەمنىڭ چىرىغى» نىڭ يۈزىگە بۈيۈك ئەمىرنىڭ نامى ئويۇپ يېزىپ قويۇلدى.

قېنى، ئاشۇ 25 مىڭ قىممەتلىك جاۋاھىر؟ ئۇلار نەلەرگە يوقالدى؟ ھە، ۋاقىت دەپ ئاتالمىش توپان جاۋاھىرلارنىلا ئەمەس، خەلق ئارىسىدىكى جاۋاھىردەك كىشىلەرنىمۇ ئېلىپ كەتتى. پەقەت ئۆزىنى دالدىغا ئالغانلار، قۇللۇق قىلغانلار قالدى.

## 3

ئەمىر تېمۇر ئۆز ۋەسىيىتىدە ئەمىرزادە پىرمۇھەممەدنى ۋەلىئەھدى، ھۆكۈمدار دەپ ئېلان قىلدى. ھۇزۇرىدىكى بارلىق پەرزەنت ۋە ئەھيانلىرىغا مەملىكەت ۋە مىللەتنىڭ، خەلق ھەم لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشنى بۇيرۇدى.

بىراق، ھەرقانداق ئىزگۈ تىلەك ۋە نىيەتلەرمۇ ھەمىشە ئىجاۋەت بولۇۋەرمەيدىكەن، تېمۇر ئەۋلادلىرىدا ئېقىۋاتقان بۈيۈكلۈك قېنى ئۆز ئىشىنى قىلدى. بىر بۈيۈك يەنە بىر بۈيۈككە بويسۇنۇشنى خالىمىدى. قېرىنداشلىق، ئاكا - ئۇكىلىق بىر چەتكە قايرىپ قويۇلدى. نەتىجە مەلۇم بولدى: بۈيۈك ئەمىر تېمۇر ئىمپېرىيىسى - قارا، ئېگەي، ئوتتۇرا دېڭىزدىن تا ھىندىستاننىڭ شەرقىي چېگرىلىرى، موڭغۇلىستان ۋە ھىندى ئوكياندىن باشلاپ موسكۋانى، دېنېپىر بويلىرىنى

ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت بىرلىكىنى يوقاتتى.

«ئالەمنىڭ چىرىغى» سەمەرقەنت تەختىنى ئىگىلىگەن ئەمىرزادە شاھرۇھ مىرزىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ياقۇتنىڭ يۈزىگە ئۇنىڭمۇ نامى پۈتۈلدى.

1409 - يىلى شاھرۇھ مىرزا ئۆز دۆلىتىنىڭ پايتەختىنى ھىراتقا كۆچۈردى ۋە سەمەرقەنت ھۆكۈمرانلىقىنى ئوغلى - 15 ياشلىق مىرزا ئۇلۇغبېك مۇھەممەد تاراغايغا تاپشۇردى. «ئالەمنىڭ چىرىغى» ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئىگىسىنى تاپتى.

بەلكى. . . بەلكى، 20 يېشىغا قەدەر بۈيۈك بوۋىسى بىلەن جەڭلەردە بىرگە يۈرگەن، ساھىبقىراننىڭ سۆيۈملۈك ۋە دانا ئايالى بىبىخانىمنىڭ قولىدا تەربىيە كۆرگەن زات ئاشۇ مەشھۇر «ئالەمنىڭ چىرىغى» بىلەن كىچىكىدىن تونۇشتۇر. ياقۇتتىن تارىلىۋاتقان نۇر ۋە جىلۋە يەنە بىر بۈيۈك كىشى - ئالىم ۋە ئەمىر مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ قەلبىگە سېھىرلىك تەسىر كۆرسىتىپ، كائىنات سىرلىرىنى ئۆگىنىش ئىستىكىنى سالغاندۇر. بەلكى ئەمىر تېمۇرنىڭ قۇۋۋەتلىك ۋۇجۇدى ۋە روھىي كۈچلىرىنىڭ مەلۇم قىسمى تاشقا جايلاشقاندۇر. كېيىنچە ئاشۇ كۈچلەر بۈيۈك نەۋرىگە شىددەت ۋە بىلىم، ئىشتىياق ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلغاندۇر. كىم بىلسۇن. . .

1449 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا، مىرزا ئۇلۇغبېك ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بېرىلگەن ھاجى مۇھەممەد خىسراۋ بىلەن سەمەرقەنتتىن ئايرىلدى، ئۇ ھەجگە ئاتلانغانىدى. تېخى يېقىندىلا قۇدرەتلىك ھۆكۈمدار ۋە بۈيۈك ئالىم بولۇپ دەۋر سۈرۈۋاتقان زاتنى بىرنەچچىلا نۆكەر «ھىمايە» قىلىپ بارماقتا ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ كۆڭلىدىكى بىر مەۋھۇم تاش ئېرىۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىكى غەشلىك ۋە غۇبار تارقىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئاتلىقلار تېخى بىرىنچى داۋاندىنمۇ ئۆتۈپ بولمىغانىدى، ئارقىسىدىن خەۋەرچى كەلدى. ئۇ مىرزىغا يېڭى ھۆكۈمدار - ئوغلى ئابدۇلەتىپنىڭ پەرمانىنى تاپشۇردى. پەرمانغا ئاساسەن ئۇلۇغبېك پادىشاھلارغا خاس سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن قوشنا قىشلاقتا كۈتۈپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. ئۇلۇغبېكنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلدى.

نېمە ئامال، بويسۇنماي مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۈگۈن ئۇ - مەغلۇپ بولغان ئادەم.

ئۇلار قونغان قورغان جىمجىت، ھاۋا سوغۇق، تەننى شۈركەندۈرەتتى. نۆكەرلەر ھويلىغا گۈلخان يېقىپ قازان ئېسىشتى. گۆشنىڭ شورپىسى پۇراقلاپ قايناشقا باشلىدى. سابىق ھۆكۈمدارنىڭ ئەھۋالى بۇزۇق ئىدى. كۆڭلىدە يەنە ناخۇش ھېس پەيدا بولدى. بۇ ھېس ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتاتتى. شۇ چاغدا ھويلىغا ئۇلۇغبېكنى پايلاپ يۈرگەنلەرنىڭ بىرى - ئاBباس شېرىكى بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە ئۇلۇغبېككە تاشلاندى. ئىككى يىل ئاۋۋال مىرزا ئۇلۇغبېك ئۇنىڭ ئاتىسىنى چوڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇغانىدى. ئۇلۇغبېكنىڭ نۆكەرلىرى ۋە ھاجى مۇھەممەد خىسراۋ قورقۇپ كېتىپ بىر بۇرجەككە مۆكۈنۈۋالدى. ئۇلار ئۆز بۇرچىغا سادىق بولۇپ قاتىللار بىلەن ئېلىشىشنىڭ ئورنىغا جېنىنى ئاياپ بۈيۈك زاتنىڭ كاللىسىنىڭ ئېلىنىشىغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇردى. . . ئۇلار قوراللانغان بولۇپ تۇرۇپمۇ ئىككى ياللانما قاتىلغا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمىدى. . .

4

توغرا پېتىنمىدى!

خەلقىمىزدە كېيىنمۇ پېتىنمىغانلار كۆپ بولدى. ھازىرمۇ ناھايىتى كۆپ. پېتىنالمايدىغانلار پېتىنالايدىغانلارنى دائىم تاماشا قىلىپ كەلدى. ئۇلارنى سېتىپ بالا - چاقىسىنى باقتى. پېتىنغۇچىلار كۆپىنچە جازاغا مەھكۇم بولدى. ئۇلار قۇللۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ يۈزۈمنى يورۇق قىلدىم دېيىشتىن كۆرە، شۇنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. قايسى خەلقنىڭ پېتىنغۇچىلىرى كۆپ بولسا ئۇ غالىب خەلقتۇر!

5

«بۈيۈك ئەمىر تېمۇر ياقۇتى!» سەن كۆپ يىللار تېمۇر ئەۋلادلىرىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىپ، سەمەرقەنت خەزىنىسىنىڭ كۆركى بولۇپ تۇردۇڭ. چوغدەك يۈزۈڭگە ئۈچىنچى يېزىق ھەم چۈشۈرۈلدى. ئىمانىم كامىل، سەن بۇ ھەرپلەر

تىزمىسىدىن پەخىرلەنگەنىدى. چۈنكى مىرزا ئۇلۇغبېك نامى پەقەت ساڭىلا ئەمەس، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغىمۇ پۈتۈلگەن.

6

«ئالەمنىڭ چىرىغى» نىڭ يۈزىگە پۈتۈلگەن كېيىنكى نام ئىران ھەم ئەزەربايجاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سەپەۋىلەر سۇلالىسىنىڭ ۋەكىلى ـ ئابباسشاھقا تېگىشلىكتۇر. سەپەۋىلەر تۈرك قوۋمىدىن بولۇپ، ئاردابىلدا (ھازىرقى ئىران چېگرىسىدا) ياشىغۇچى شەيخلەردىن چىققان. «بۈيۈك ئەمىر تېمۇر ياقۇتى» نىڭ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈشى، مېنىڭچە مۇنداق بولغان: بۇ ۋاقىتتا ماۋارا ئۇننەھىر يەرلىرىدە تېمۇرىيلار، شايبانىيلار ھۆكۈمرانلىقى تۈگەپ، ئەشتەرخانىيلار سىياسەت يۇرگۈزۈشكە باشلىغان.

7

1599 - يىلى شايبانى ئەۋلادلىرىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ـ ئابدۇلمۆمىن ھالاك بولدى. ماۋارا ئۇننەھىردە يەنە ئۆزئارا ئۇرۇشلار ئەۋج ئالدى. بۇ ھال سەپەۋىلەر شاھى ئابباسقا ئوڭ كەلدى. ئۇ سەبزاۋار بىلەن مەشھەدنى بېسىۋالدى. كېيىنرەك ھىراتقىمۇ ھۇجۇم قىلدى. تاشكەنت تەرەپتىن قازاق سۇلتانى تەۋەككۇل قوشۇن تارتىپ كەلدى. خانسىز قالغان ئۆلكە تالان - تاراج بولۇش ھارپىسىدا ئىدى.

شايبانىيلار دۆلىتىنىڭ ئەربابلىرى بۇخارادا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئەشتەرخانلىق (ئاستىراخانلىق) جانىبېك سۇلتاننى خان قىلىپ كۆتۈرۈشكە كېلىشتى. ئۇ 1583 ـ 1598 - يىللاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان شايبانى ئەۋلادلىرىدىن ئابدۇللاخاننىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا قېرىنداش ھېسابلىناتتى. لېكىن جانىبېك سۇلتان تەختتىن ۋاز كەچتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى دىنمۇھەممەد خان قىلىپ سايلاندى. بۇ چاغدا ئۇ سەپەۋىلەر قامال قىلىپ تۇرغان شەھەر ـ ئابىۋەردە ئىدى. ئۇ بۇخاراغا يېتىپ كېلەلمەي ھالاك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئوغۇل باقىمۇھەممەد خانلىققا كۆتۈرۈلدى. ئۈچىنچى ئوغۇل ۋەلىمۇھەممەد بولسا ۋەلىئەھدى دەپ ئېلان قىلىنىپ، ئادەتكە ئاساسەن بەلىخكە نائىب قىلىپ ماڭدۇرۇلدى.

8

ۋەلىمۇھەممەد چوڭقۇر ئويغا چۆمدى. پەلەكنىڭ ئويۇنى ئاجايىپ ئىكەن، مانا ئالتە يىل بولدىكى، ماۋارا ئۇننەھىرنىڭ تەختى ئۇنىڭغا مەنسۇپ. مەملىكەتنىڭ پۈتۈن بايلىقلىرى، خەزىنىسى ئۇنىڭ ئىختىيارىدا. ساندۇق - ساندۇق ئالتۇنلار، ساندۇق - ساندۇق دۇر - جاۋاھىرلار ھەرقانداق ئادەمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بۇلارغا ئىگە بولۇش ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭ قېرىندىشى ئىمامقۇلىخان شۇ كويغا چۈشۈپتۇ. بارلىق ئەمىرلەرنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپتۇ. ئەمدى سۇيىقەست قىلىپ تەختنى ئىگىلىمەكچى. ھازىر كۈچ ئۇنىڭ تەرىپىدە، نېمە قىلىش كېرەك؟

كەچ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي خان خەزىنىچىنى ۋە شاھزادىلەرنى ھۇزۇرىغا چاقىردى. . .

ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتە - ئۆتمەي ئۇلار باشقىچە ياسىنىپ، بىرنەچچە سادىق نۆكەرلەر بىلەن شەھەردىن چىقىپ كەتتى.

سەپەۋىلەر دۆلىتىنىڭ پايتەختى تەبرىز ئۇلارنى ئىللىق چىھرى بىلەن كۈتۈۋالدى. شاھ ئابباس سەپەۋىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك سارىيىنىڭ ۋەلىمۇھەممەدخاننىڭ پايى - قەدىمىگە ئوچۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ۋەلىمۇھەممەدخان ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگەن قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى شاھقا ھەدىيە قىلدى. ئەڭ قىممەتلىك جاۋاھىرنى بولسا ئالاھىدە ھەدىيە قىلدى. كېيىن كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلدى.

ـ ئالىي ھەزرەت! ـ دېدى ئاbbاسشاھ كۆزلىرى چاقناپ، يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ، ـ سىز ياردەمگە موھتاج بولۇپ قالغانىكەنسىز، بىز ياردەمنى سىزدىن ئايىمايمىز. خالىغان كۈنىڭىزدە يېتەرلىك قوشۇن ۋە سەركەردىلەر سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولىدۇ.

بۇ ۋەقە 1611 - يىلىدا بولۇپ ئۆتتى. «ئالەمنىڭ چىرىغى»غا ئاباس سەپەۋىنىڭ نامى پۈتۈلدى.

ۋەلىمۇھەممەد باشچىلىقىدىكى سەپەۋىلەر قوشۇنىنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بۇخارا ساراسىمىگە چۈشتى. ئىمامقۇلىخان دەرھال قازاقلارغا خەۋەرچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى. ئۇلار قوشۇن ئەۋەتتى. جەڭ ناھايىتى دەھشەتلىك بولدى. سەپەۋىلەر قوشۇنى يېڭىلدى، ۋەلىمۇھەممەدخان ئەسىر ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. . .

## 9

ئاباس سەپەۋى ئۆز دۆلىتىنىڭ چېگرىسىنى كېڭەيتىش ۋە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشكە چوڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان ھۆكۈمدارلاردىن ئىدى.

ۋاقتى كېلىپ ئۇ پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارىنى مۇھىم سودا يولى، باي، ئاۋات مەركەز ھەمدە ھەربىي جەھەتتە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قەندىھارغا قاراتتى. بۇ ئۆلكە ئەينى چاغدا بابۇرنىڭ ئەۋلادلىرىغا - ئەكبەرشاھنىڭ ئوغلى جاھانگىرشاھقا تەۋە ئىدى.

1612 - يىلى ئاباسشاھنىڭ ئەلچىلىرى بابۇر ئەۋلادلىرىنىڭ سارىيىغا سوۋغا - سالاملار بىلەن كىرىپ كەلدى، ئۆز نىيەتلىرىنىڭ ھەقىقىي دوستانە ۋە سەمىمىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن باشقا قىممەت باھالىق سوۋغىلار قاتارىدا «ئالەمنىڭ چىرىغى» نىمۇ ئىنئام قىلدى. . . بۇ جاۋاھىر يەنە تېمۇر ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئاباسشاھنىڭ ئەلچىسى ئەگرەدە ئىككى يىل ياشىدى. ئەتراپنى ئوبدان كۆزەتتى. سارايدىكى گەپ - سۆزلەردىن، ئېگىز - پەسلىكلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇردى. 1613 - يىلى جاھانگىرشاھمۇ جاۋاب تەرىقىسىدە ئۆز ئەلچىلىرىنى تەبرىزگە ئەۋەتتى. ئىككى يىل ئۆتكەچ سەپەۋىلەر يەنە ئۆز ئادەملىرىنى ھىندىستانغا ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي 1617 - يىلى ئاباسشاھ يەنە كاتتا سوۋغىلار بىلەن جاھانگىرشاھ ھۇزۇرىغا ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەكىللىرى يەنە ھىندىستان سەپىرىگە تەييارلىق كۆردى. ئاباسشاھ بۇنىڭ بىلەن ئىككى قۇياننى بابلىدى، يەنە ئۆزىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ سەمىمىي ئىكەنلىكىگە جاھانگىرشاھنى ئىشەندۈردى ۋە ھىندىستاندىكى ئىچكى ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولۇپ تۇردى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ چاغلارغا كەلگەندە جاھانگىرشاھ قەنداھارنى قوغداشقا ئېتىبار قىلماي قويدى، ساراي بولسا ئۆز ئارا ئىچكى جاڭجاللارنىڭ گىردابىغا پېتىپ قالدى. بۇنداق ۋەزىيەتتىن پايدىلانماسلىق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1622 - يىلى ئاباسشاھ كۈتۈلمىگەندە قەنداھارنى قامال قىلدى ۋە 45 كۈندە شەھەرنى ئىگىلىدى.

جاھانگىرشاھ ئوغلى شاھ جاھانغا چوڭ قوشۇننى تاپشۇرۇپ قەنداھارنى ئېلىشقا پەرمان بەردى. شاھ جاھان بولسا بېتاپ ياتقان ئاتىسىنى تاشلاپ ئۇزاققا كەتسە تاج - تەختتىن ئايرىلىپ قېلىشىنى ئويلاپ، بۇ پەرمانغا بويسۇنمىدى.

## 10

نۇرىددىن مۇھەممەد جاھانگىرشاھ قاتتىق ئازابتا ئىدى. ئاباسشاھنىڭ مەككارلىقى ئۇنى قەھر - غەزەپكە كەلتۈردى. ئىنسان شۇنچىلىك دەرىجىدە تىلياغلىما بولسا قانداق بولغىنى؟ ئاخىر ئۇمۇ مۇسۇلمانغۇ! دۈشمەن بەربىر دۈشمەن. شاھلار بۇنى ياخشى بىلىشى لازىم. ئۇنىڭ سوۋغا - سالام، دوستانە مۇئامىلىسىگە ئالدانماسلىق كېرەك ئىدى.

جاھانگىرشاھ ھۇزۇرىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ناھايىتى ئادىل شاھ دەپ نام چىقارغانىدى، لېكىن جەھلى چىققاندا ھەددىدىن تاشقىرى قاتتىق قول بولۇپ كېتىشى ئادەتتىكى ئىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر ئۇنىڭ غەزىپىدىن چۆچۈپ تۇرۇشاتتى. جاھانگىرشاھ تەبىئەتنى سۆيەتتى. نازۇك ھېس - تۇيغۇلارغا باي بۇ ئادەم ئەدەبىياتنى جان - دىلىدىن ياخشى كۆرەتتى. ئۆز قولى بىلەن «جاھانگىر تۈزۈكلىرى» ئەسىرىنى يېزىپ بېرىۋاتاتتى.

ئۇ ئارتۇق خىيال قىلماسلىق ئۈچۈن قولىنى

تۇغقۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەلەمگە ئۇزاتتى. بىراق ئىچى يەنىلا تىت - تىت بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆيگە چۆمدى. يادىغا جاۋاھىرلار كەلدى. ئۇ كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك تاشلارنى تاماشا قىلىپ زوقلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇ هامان خەزىنىچىنى چاقىرىپ جاۋاھىراتلارنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى.

مانا بۇ «كوھىنۇر»، يەنى نۇر تېغى. ئۇنىڭدىن تارىلىۋاتقان نازۇك جىلۋە، سېھىرلىك سادانى قاراڭ! مانا كۈچ، مانا قۇدرەت! گۈزەللىك ھەممىشە كاتتا كۈچتۇر، غايەت قىممەتلىك تاش. بۇنىڭدىكى ئاجايىپ نۇرلار ھەرقانداق دىلغۇبارلىقنى ھەيدەيدۇ، تەنگە قۇۋۋەت، قەلبكە ئىشەنچ بەخش ئېتىدۇ... مانا بۇ «ئالەمنىڭ چىرىغى» ناھايىتى قەدىمكى ياقۇت. ھەقىقەتەنمۇ ئالەمنىڭ چىرىغى! مانا يۈزىگە يېزىقلار ھەم پۈتۈلگەن: «بۈيۈك ئەمىر تېمۇر»، «شاھرۇھ مىرزا»، «مىرزا ئۇلۇغ-بېك» ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرى. ھەي، ئاۋۇ ئىتنىڭ نامى نېمە قىلىپ يۈرۈپتۇ بۇندا؟ «ئاببا سەپەۋى»!؟ بۇ قانداق مەلئۇنلۇق؟ ئۇ نامۇبارەك قىزىلباشنىڭ نامى تېزدىن يوقىتىلىشى لازىم!

جاھانگىرشاھ خىزمەتكە تەييار بولۇپ تۇرغان مۇلازىمغا بۇيرۇدى:

— تېزدىن ساراي زەرگىرىنى چاقىر!

زەرگەر تېزلىك بىلەن يېتىپ كەلدى.

— سەن ماۋۇ ياقۇتتىكى لەنىتى قىزىلباشنىڭ نامىنى ئۆچۈر، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاتام ئەكبەرشاھ ۋە مېنىڭ ئىسمىمنى پۈت. تېز بول!

جاھانگىرشاھ شۇنداق دەرغەزەپ قىياپەتتە، كەسكىن بۇيرۇق بەردىكى، زەرگەر بىرەر ئارتۇقچە سۆز ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. پەقەت «خوپ، بولىدۇ ھەزرىتىم» دېدى ۋە ياقۇتنى ئېلىپ ئۇستىخانىسىغا ماڭدى.

ئىسىت! زەرگەر شاھنىڭ ئەمرىنى ياخشى ئۇقالماي قالغانىدى. ئۇ «ئالەمنىڭ چىرىغى» دىكى بارلىق يېزىقلارنى ئۆچۈردى. بارلىق يېزىقلارنى ئۆچۈردى...

شۇنداق قىلىپ، بۈيۈك ئەمىر تېمۇر، شاھرۇھ مىرزا ۋە مىرزا ئۇلۇغبېكلەرنىڭ ناملىرى بۈيۈك ياقۇتنى تەرك قىلدى.

## 11

«ئالەمنىڭ چىرىغى» غا كېيىنچە كۆپلىگەن بابۇر ئەۋلادلىرىنىڭ ناملىرى پۈتۈلدى. 1628 - يىلى شاھ جاھاننىڭ ئىسمى ساھىبقىرانى سانى - يەنى ساھىبقىران ئىككىنچى شەكلىدە يېزىلغان. 1659 - يىلى شاھ ئالەمگىرنىڭ نامى، 1713 - يىلى مۇھەممەد فەررۇخ سەييارنىڭ نامى پۈتۈلگەن. 1739 - يىلى ياقۇتنى ئىران ھۆكۈمدارى نادىرشاھ ئېلىپ كەتتى.

## 12

«بۇ، ئىسپاھانغا 1153 - يىلى ھىندىستاندىن ئېلىپ كېلىنگەن ياقۇت، شاھلار شاھى سۇلتان ساھىبقىراننىڭ 25 مىڭ قىممەتلىك جاۋاھىرلىرىدىن بىرىدۇر».

بۇ يېزىق ئىران ھۆكۈمدارى نادىرشاھقا تېگىشلىك بولۇپ، ئۇنى 1739 - يىلى (ھىجرىيە 1153 - يىلى) ياقۇت يۈزىگە پۈتتۈرگەن. ئەنە شۇ پۈتۈك كېيىنچە جاۋاھىرنىڭ تەقدىرىدە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

نادىرشاھ تۈركىي بولۇپ، ئەپشەر ئۇرۇقىغا مەنسۇپ، خۇراسانلىق. ياشلىقىدىن باشلاپ نامايان بولۇشقا باشلىغان كەم ئۇچرايدىغان سەركەردىلىك ئىستېداتى، باتۇرلۇقى ۋە زېرەكلىكى ئۇنى يۈكسەكلەرگە ئېلىپ چىقتى. 1726 - يىلى سەپەۋىلەر سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى تەھماسپشاھقا بۇ ئاجايىپ سەركەردە يىگىت ناھايىتى يېقىپ قالدى. ئۇنى ئۆز خىزمىتىگە ئېلىپ، تەھماسپقۇلىخان دېگەن يېڭى ئىسمنى قويدى. كېيىن ئۇنىڭغا مەملىكەتكە تاجاۋۇز قىلىۋاتقان ئافغان ئۇرۇقلىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇشنى تاپشۇردى. نادىر 1729 - يىلى خۇراسانغا كېلىپ ئورنىشىۋالغان ئافغانلارنى جەڭدە يەڭدى. 1730 -

يىلى ئىرانغا قايتىپ كەتتى. بۇنىڭغا ئوسمانلى تۈركلەرنىڭ سەپەۋىلەرنىڭ زېمىنىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. ئافغانلارنىڭ ئابدالى ئۇرۇقىنىڭ ھاكىمى زۇلپىقارخان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە ھىراتنى ئىگىلىدى ۋە ئۆزىنى شەھەر ھاكىمى دەپ ئېلان قىلدى. نادىر كەينىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ 30 مىڭ ئەسكەر بىلەن ھىراتقا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى ئىگىلىدى. زۇلپىقارخان نادىرنىڭ كۈچىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھاكىملىقنى ئۆزىگە قارشى پىتنە تەييارلاۋاتقان ئاللايارخانغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، قەنداھارغا كەتتى. بىراق قەنداھار ھاكىمى ھۇسەيىنشاھقا ئاللايارخاننىڭ مەغلۇبىيەت خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، زۇلپىقارخان-دىن گۇمانلىنىپ ئۇنى ۋە ئۇكىسى ئەھمەدخاننى زىندانغا تاشلىدى. ئەھمەدخان زۇلپىقارخاندىن 25 ياش كىچىك بولۇپ، ئانىسى باشقا ئىدى.

نادىرشاھ ھىراتنى قايتۇرۇۋېلىۋاتقان ۋاقىتتا تەھماسىپ ئوسمانلىلار بىلەن سۈلھى تۈزدى. بۇ ئىش كۆپچىلىكنىڭ، شۇ جۈملىدىن نادىرشاھنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. 1732 - يىلى نادىرشاھ ئىسپاھانغا كەلدى ۋە بارلىق سەركەردە - ئەھيانلارنى يىغىپ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزدى. قۇرۇلتاي تەھماسىپنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ سەككىز ئايلىق ئوغلى ئاباسنى شاھ دەپ ئېلان قىلدى. نادىر بولسا ئاباسشاھ III نىڭ نامىدىن ئىش يۈرگۈزۈشنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى.

ئۇ ھۆكۈمرانلىقنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەت-لىك باشلىدى. 1733 - 1735 - يىللىرى تۈركىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قازاندى. ئالدى كاۋكاز، كاسپىي يەرلىرىدىن رۇس ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقاردى. ئىراننىڭ بارلىق تارىخىي يەرلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. 1736 - يىلى موغان چۆلىدە زور قۇرۇلتاي چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا يىغىلغان بارلىق سەركەردىلەر، ساراي ئەھيانلىرى، ئۆلىمالار بۈيۈك ئىشلارنى قىلغۇۋاتقان نادىردىن ئىران تەختىگە رەسمىي ئولتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. نادىر بۇنىڭغا رازى بولمىدى، شەرت قويدى (كۆپلىگەن تارىخىي كىتابلاردا بۇ ئاجايىپ شەرت ھەققىدە ھېچنەرسە يېزىلمىغان). شەرتنىڭ مەزمۇنى شۇ ئىدىكى، بارلىق شىئە مەزھىپىدىكى ئالىي ۋە ئاددىي كىشىلەر سۈننى مەزھىپىنى قوبۇل قىلىشى لازىم ئىدى. پەقەت شۇندىلا نادىر تەختكە ئولتۇرۇش ئازابىنى تارتىشقا رازى ئىدى. ھېچكىم بۇ شەرتكە قارشى چىقمىدى ۋە 8 - مارت كۈنى نادىرغا تاج كىيدۈرۈلدى. بۇ ۋەقە نادىرشاھنىڭ پەقەت بۈيۈك سەركەردىلا ئەمەس، كاتتا سىياسىيون ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

1738 - يىلى نادىرشاھ قەنداھارنى ئىگىلىدى ۋە ھىندىستانغا قاراپ يۈزلەندى.

## 13

بۇ چاغدىكى بابۇر ئەۋلادلىرى دۆلىتىنىڭ شاھى مۇھەممەد گۆرخان ئورناتقان ھاكىمىيەت تولىمۇ ئاجىز ئىدى. نادىرشاھ ھەتتا مۇھەممەدشاھ قوشۇنلىرىنىڭ ئاجىزلىقى، بوشاڭلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان. ساراي ئەھيانلىرىنىڭ تىلياغلىما، مەسئۇلىيەتسىز-لىكىدىن يىغانى ئۆرلىگەن. ئۇ مۇھەممەدشاھقا «بۇنداق ئەھيانلاردىن، خۇسۇسەن نىزامۇل مۇلۇك ۋە سائادەتخاندىن ۋاز كېچىش لازىم» دېگەن مەسلىھەتنى بەرگەن.

نادىرشاھ دېھلىگە يېقىنلاشقۇچە جىددىي قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. ئۇ پەنجاپ ۋىلايىتىنى ئىگىلىگەندىلا، نىزامۇل مۇلۇك باشچىلىقىدىكى مۇھەممەدشاھ قوشۇنلىرى كارنەل قەلئەسىدە مۇداپىئە تۈزدى. نادىرشاھ بۇ قوشۇن بىلەن جەڭگە كىرمەستىن، ئۇلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پانىپاتنى ئالدى ۋە دېھلى بىلەن كارنەل ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا جەڭ باشلاندى. نادىرشاھتا 55 مىڭ كىشىلىك، مۇھەممەدشاھ تەرەپتىن 75 مىڭ كىشىلىك لەشكەر بار ئىدى. جەڭ ئۈچ سائەت داۋام قىلدى، بۇ جەڭدە ئاساسەن ھىندىلار «يېمىش» بولدى، ئۇلاردىن 8 مىڭ كىشى ھالاك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ سۈلھى تۈزۈشكە كېلىشتى. مۇھەممەدشاھ تەرەپ 5 مىليون رۇپىيە ھەق تۆلەشكە، نادىرشاھ بولسا بۇ پۇلنىڭ بەدىلىگە ئۆز

www.uyghurkitap.com

قوشۇننى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە رازى بولدى. ئەمما مۇھەممەدشاھ سارىيىدىكى پىتنىخورلۇق، بۇ سۈلھىنى بۇزدى. دەل شۇ كۈنلەردە مۇھەممەدشاھ سارىيىنىڭ ئەھيانى خان دەۋران ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نىزامۇل مۇلۇكنىڭ چوڭ ئوغلى قويۇلدى. نادىرشاھنىڭ قارارگاھىدا گۆرۈگە تۇتۇپ تۇرۇلغان، ئەسلى نىشاپۇرلۇق سائادەتخاننىڭ بۇنىڭغا ئۆچمەنلىكى كەلدى. ئۇ نادىرشاھنىڭ قوبۇلىغا كىرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

## 14

- ھەزرەت! - دېدى سائادەتخان تىز پۈكۈپ تەزىم قىلىپ، - سىز ھىندىستاندىن ئەرزىمەس ئولجا بىلەن كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز!

- شۇنداقمۇ؟ - نادىرشاھنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، - بۇ قانداق ئىش؟ مېنى ئالدىماقچىمۇ، قېنى ئاڭلايلى. سۆزلەڭ، مۆھتەرەم سائادەتخان!

سائادەتخان ئىلتىجالىق، بىچارە، شۇنداقلا ئاچ كۆزلۈك، ئەلەم يالتىراۋاتقان كۆزلىرىنى نادىرشاھقا تىكتى.

- ھەزرىتىم! سىز دېھلىگە كىرمەي بىھۇدە ئىش قىلىۋاتىسىز. سىزگە ۋەدە قىلىنغان 5 مىليون رۇپىيەمۇ ئولجىمۇ؟ دېھلى خەزىنىسىدىن كەم دېگەندە 200 مىليون رۇپىيىلىك تىللا ئالىسىز. جاۋاھىراتلار بولسا ئالەمدە يېگانە. «كوھىنۇر» ئالمىسى، «ئالەمنىڭ چىرىغى» ياقۇتى، «شاھ» ئىسىملىك ئۆزگىچە ئالماسلار كۆز چاقنىتىدۇ. شۇنداق نەرسىلەرنى ئۇندىمەي تاشلاپ كېتەمسىز؟!

نادىرشاھ ھەيرانلىق ئىلكىگە چۆمدى. بۇ مەلئۇن مېنى ئالداۋاتامدىغاندۇ! مەقسىتى نېمىدۇ؟ ئەگەر بۇنىڭ گېپى راست بولسا، شۇنچە بايلىقنى ئالماسلىق ئەخمەقلىقتۇر.

- مۆھتەرەم سائادەتخان، مەن بەك ھەيراندىمەن. نېمىشقا سىز شاھىڭىزغا خىيانەت قىلىپ، مېنى يەنە جەڭگە ئۈندەيسىز؟ مەقسىتىڭىز نېمە؟

- ھەزرىتىم! مۇھەممەدشاھ پۈتۈنلەي نىزامۇل مۇلۇكنىڭ سىزىقىدىن چىقماس بولۇپ قالدى. بىزدەك سادىق، تىرىشچان ئەھيانلارنىڭ چەككەن زەخمەتلىرى ئىناۋەتكە ئېلىنماي، ئابرۇي - ئېتىبارىمىز دەپسەندە قىلىنىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن سىزنىڭ بۈيۈك، جاسارەتكە تولغان، باھادىرانە سىمايىڭىزنى كۆرۈپ خىزمىتىڭىزگە كىرىش نىيىتىگە كەلدىم. سىز مۇھەممەد گۆرخاننى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇشبۇ خىزمىتىم ئۈچۈن ماڭا لايىق بىر مەنسەپ بەرسىڭىز، سىزگە مەڭگۈ سادىق بولۇپ قالار ئىدىم. مېنىڭ ئەسلى ۋەتىنىممۇ ئىراندۇر.

نادىرشاھ يەنە ئويغا پاتتى. ئۆز پىرىگە سادىق بولمىغان ئادەم باشقا بىراۋغا ۋاپا قىلارمۇ؟

- مۆھتەرەم سائادەتخان، قىممەتلىك مەلۇماتىڭىز ئۈچۈن چوڭ تەشەككۈر. بىز ئەلۋەتتە دېھلىغا كىرىمىز، ئاسارئەتىقىلىرىنى تاماشا قىلىمىز. ئۆزىمىزگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى ئەلۋەتتە ئالىمىز. لېكىن مۇھەممەدشاھنى يوقىتىش مېنىڭ دىلىمدا يوق. ئول زات شاھلار شاھى سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر. بۈيۈك تېمۇرىلار سۇلالىسىنى يوقىتىشنى خالىمايمەن. تارىختا بۇنداق نام قالدۇرۇش ئەسلا راۋا ئەمەس. سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە مىننەتدارچىلىق سۈپىتىدە تۆھپىمىزنى قوبۇل قىلىڭ، - نادىرشاھ ئۆز مۇلازىملىرىغا قارىدى:

- زەرباب تون كەلتۈرۈلسۇن!

سائادەتخانغا زەرباب تون كىيدۈرۈلدى. ئۇ تەزىم قىلدى - دە، «قۇللۇق، ھەزرەت» دېگىنىچە كەينىچە مېڭىپ قارارگاھتىن چىقىپ كەتتى.

## 15

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، نادىرشاھ مۇھەممەد گۆرخاننى ئۆز قارارگاھىغا تەكلىپ قىلىپ زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. لېكىن زىياپەتتىن كېيىن مۇھەممەد گۆرخاننى قايتىپ كېتىشكە قويماي ئېلىپ قالدى. قىسقا مۇزاكىرىدىن كېيىن، ئىككى شاھنىڭ ۋەكىللىرى ھىندىستان قوشۇنلىرىغا يېڭى سۈلھى تۈزۈلگەنلىكىنى، ھەممە لەشكەرلەر تارقىسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لەشكەرلەر ئۆيلىرىگە راۋان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن نادىرشاھ مۇھەممەد گۆرخانغا ئىجازەت بېرىپ، يېقىن كۈنلەردە دېھلىنى زىيارەت قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى

ئۇقتۇردى.

1739 - يىلى 20 - مارت كۈنى نادىرشاھ دېھلىگە كىردى. ئۇنى زور داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىشتى. بىرنەچچە كۈن ئاۋۋالقى مۇزاكىرىدە ئىككى شاھنىڭ قانداق سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكى بىزگە نامەلۇم، بىراق دېھلىدىكى ئۇچرىشىشتا نادىرشاھ مۇھەممەد گۆرخانىنى ھىندىستان ھۆكۈمدارى سۈپىتىدە تەن ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مۇھەممەدشاھ بولسا مىننەتدارچىلىق بىلدۈرۈپ، ساراي خەزىنىسىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە دۇر - جاۋھىرلارنى ئىران شاھىغا ئىنئام قىلدى. 21 - مارت كۈنى بامدات نامىزىدا نادىرشاھنىڭ نامى خۇتبىگە قوشۇپ ئوقۇلدى.

نادىرشاھ ھىندىستاندىن ئالتۇن، كۈمۈش ۋە جاۋاھىراتلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 700 مىليون رۇپىيىلىك ئولجا ئېلىپ قايتتى. مۇھەممەد شاھقا تەۋە غەربىي زېمىنلار ئۇنىڭ دۆلىتىگە قوشۇۋېلىندى.

شۇنداق قىلىپ، «كۆھىنۇر» ، «شاھ» ئالماسلىرى ۋە «ئالەمنىڭ چىرىغى» ئىسپاھانغا يول ئالدى. شۇنىڭ بىلەن «بۈيۈك ئەمىر تېمۇر ياقۇتى» تېمۇر ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدىن مەڭگۈلۈك كەتتى.

## 16

نادىرشاھ ھىراتتا دەم ئېلىۋاتقاندا، يېڭى بىر يۈرۈش تۇغرىسىدىكى ئوي ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى. ئۇ ئوسمانلىلارنىڭ ئەدىپىنى بەردى، يېقىن ئارىدا ئۇزەڭگۈ سوقۇشتۇرمايدۇ. ئۇ رۇسلارنى كاسپىي بويلىرىدىن قوغلىۋەتتى، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن بەك مىننەتدار. ھىندىستاندىن زور ئولجا ئېلىپ قايتتى، ئافغان يۇرتىمۇ ئۇنىڭغا تەۋە. ئەمدى بۇخارا ۋە خىۋەگە بېرىپ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويسا، دۆلىتىنىڭ چېگرىسى يەنىمۇ كېڭىيىدۇ. بۇنىڭغا كۈچ يېتەرلىك. لەشكەر جەڭگە تەييار، يېڭى - يېڭى ئولجىلار ئىشتىياقىدا ئوت بولۇپ تۇرۇۋېتۇ. يېقىندا قوشۇلغان ئافغان جەڭچىلىرىمۇ زور كۈچ. ئافغانلاردىن بولغان سەركەردە نۇرمۇھەممەد خىلزاي ئۇلارنى ياخشى باشقۇرىدۇ، ئۇنىڭغا

ياردەمچىلەرمۇ كېرەك. ئەمما بەربىر ئۇلارنى ئۆزى نەزەردىن ئۆتكۈزۈشى لازىم. ھە، توغرا ئەھمەدخانىنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

نادىرشاھ قەنداھارنى ئىگىلىگەندە، سەككىز يىلدىن بېرى زىندانىدا ياتقان زۇلپىقارخان ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى ئەھمەدخاننى ئازاد قىلغانىدى. زۇلپىقارخاننى مازاندىرانغا يولغا سالدى. ئۇكىسى ئەھمەدخان بولسا نادىرشاھتىن ئايرىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ. ئۇ ئېسىل نەسەپلىك، ياخشى تەربىيە ئالغان.

نادىرشاھ ھۇزۇرىغا نۇرمۇھەممەد خىلزايىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، مۇلازىملارغا بۇيرۇدى:

- ئەھمەدخاننى چاقىرىڭلار!

ئەھمەدخان كىرىپ تەزىم قىلىپ سالام بەردى.

- مەن سىزنىڭ باتۇر يىگىت ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن،- دېدى نادىرشاھ،- شۇ سەۋەبتىن سىزنى ئافغان قوشۇنلىرىنىڭ بىرىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەشنى لازىم تاپتىم.

- قۇللۇق، ھەزرىتىم! تاكى ئۆلگىچە خىزمىتىڭىزدە دۇرمەن، ئىشەنچىڭىزنى شەرەپ بىلەن ئاقلاشقا ئىنتىلىمەن.

نادىرشاھ ئوتتەك يېنىپ، ئاساۋ ئاتتەك پۇشقۇرۇپ تۇرغان، كۈچ - غەيرەتكە تولغان بۇ يىگىتكە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

- بىز يېقىندا بۇخارا تەرەپكە يۈرۈش قىلىمىز، ئەگەر جەڭلەردە شىجائەت ۋە قەھرىمانلىق كۆرسەتسىڭىز مەرتىۋىڭىز يەنە ئاشىدۇ.

- قۇللۇق، ھەزرىتىم!

## 17

ئەھمەدخان پەقەت بۇخارا يۈرۈشىدىلا ئەمەس، ئەرمەنىستاننى ئېلىشتا، داغىستاندىكى جەڭلەردىمۇ شۇنداق يۈكسەك ماھارەت ۋە جەسۇرلۇق كۆرسەتتىكى، نەتىجىدە ئۇ نادىرشاھنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئۇ ئافغانلارنىڭ ئابدالى قەبىلىسىنىڭ جەڭچىلىرىگىلا ئەمەس، ئۆزبېك ئاتلىق ئەسكەرلىرىگىمۇ قوماندانلىق قىلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

باشلىدى.

1747 - يىلىغا كەلگەندە نادىرشاھنىڭ سىياستى بەزى ئىرانلىقلارغا ياقماي قالدى. بۇنى ھېس قىلغان نادىرشاھ ئۆزىگە ئافغانلارنى، تۈركلەرنى بەكرەك يېقىن تارتىشقا باشلىدى. بۇ ئىرانلىقلارنىڭ يەنىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇلار نادىرشاھنى يوقىتىشنىڭ پېيىغا چۈشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شاھ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى جازالاش قارارىغا كەلدى. لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى. 20 - ئىيۇن كۈنى، قوزغىلاڭ كۆتەرگەن كورتلارنى تىنجىتىش ۋاقتىدا پەتھاباد يېنىدىكى تۆپىلىككە قارارگاھ قۇرغان نادىرشاھ ئۆلتۈرۈلدى (بۇ تۆپىلىك ھازىرمۇ نادىر تۆپە دەپ ئاتىلىدۇ). قوشۇننىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىرانلىقلار قىسمى نادىرشاھنىڭ دائىم ئۆزى بىلەن ئېلىپ يۈرىدىغان ھەرەم جابدۇقلىرىنى ۋە خەزىنىسىنى تالاش مەقسىتىگە چۈشتى. لېكىن ئەھمەدخان ئافغان جەڭچىلىرى ۋە ئۆزبېك ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە تايىنىپ نادىرشاھنىڭ ھەرىمىنى تالان - تاراجدىن ساقلاپ قالدى. ئىرانلىقلار جەسۇر ئۆزبېك ۋە ئافغان لەشكەرلىرىگە قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇنىڭدىن مىننەتدار بولغان نادىرشاھنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى ئەھمەدخانغا ئۆز ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىپ سوۋغا ئەۋەتتى. ئاجايىپ ئىش، بۇ سوۋغىلارنىڭ ئىچىدە ئالەمگە داڭقى چىققان «كوھىنۇر» ۋە «ئالەمنىڭ چىرىغى» مۇ بار ئىدى.

## 18

مەن بۇ مەلۇماتتىن ھەيرەتكە چۈشتۈم. مېنىڭ ھايات تەجرىبەم، ئوقۇغانلىرىم، كۆزىتىشلىرىم ساداقەت ۋە جەسۇرلۇق، ھامىيسىغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئېتىقاد كەبى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بۇ دەرىجىدە تەقدىرلىنىشىنى كۆرسەتمىگەنىدى. كۆپ ھاللاردا ھىيلە - مىكىر، خىيانەت، زوراۋانلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە، ھاياتنىڭ ئاچچىق قانۇنى ئۆزگەردى. خانىش ئىككى ئېغىز مىننەتدارچىلىق خېتى يېزىپ ئەۋەتىپ قويسا بولماسمىدى؟ ياكى ئەھمەدخان بىرەرنەرسە تەمە قىلارمىدى؟ مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسەم ھاياتتىكى ھەربىر قانۇننىڭ بىجىرىلىشىدە، خۇددى فىزىكىدىكى قانۇنلارغا ئوخشاش، مەلۇم بىر چېگرىلا مەۋجۇت ئىكەن. ئەگەر ئەنە شۇنداق چېگرىغا خاس شەرتلەر بۇرۇنلا تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا قەتئىي ئەمەل قىلىنسا، كېرەكلىك نەتىجىگە ئېرىشىشنىڭ مۇمكىن ئىكەن. ئۇشبۇ ھادىسىدە ئەھمەدخاننىڭ كۆڭلىنىڭ پاكلىقى، ساداقىتى، ئېتىقادى ۋە ھامىيسىنىڭ ئالىيجانابلىقى، ئېسىل نەسەپلىكلىكى دەل ئەنە شۇ چېگرىغا خاس شەرتلەردۇر.

ئەھمەدخان كېيىن يەنىمۇ بۈيۈك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ھامىيسىنىڭ روھى قوللىدى.

## 19

نادىرشاھنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئەھمەدخان ۋە نۇرمۇھەممەد خىلزاي ئىراننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششىنى خالىماي بارلىق قوشۇنلىرى بىلەن قەندىھارغا قايتتى ۋە مۇستەقىل ئافغان دۆلىتىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئافغانىستان پادىشاھىنى سايلاش مەسىلىسى قويۇلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئافغان قەبىلىلىرىنىڭ سەردارلىرى قەندىھارغا يىغىلدى. كېڭەش ئون كۈن مابەينىدە بىر قارارغا كېلەلمىدى. سايلانغۇسى پادىشاھ قاتناشقۇچىلار-نىڭ بىرىنىدىن كۆپرەكىنى ئەمەس، ھەممىسىنى قانائەتلەندۇرۇشى كېرەك ئىدى. كۆپلىگەن يىرىك قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى، جۈملىدىن نۇرمۇھەممەد خىلزايمۇ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان نامزاتنى ئۆتكۈزەلمىدى. شۇنچە كۈن مابەينىدە ئەھمەدخان ئۆز نامزاتى ھەققىدە ئېغىز ئاچمىدى. بىراق ئونىنچى كۈنى قاتناشقۇچىلارنىڭ بىرى - كابۇل ھاكىمى سابىرشاھ ئەھمەدخاننى پادىشاھ قىلىپ سايلاشنى تەكلىپ قىلدى. «ئۇ، - دېدى سابىرشاھ، - قەلبى پاك ئىنسان، زور ھەربىي ۋە ھاياتىي تەجرىبىگە ئىگە». بۇ تەكلىپكە ھېچكىم قارشى پىكىر بىلدۈرمىدى. شۇنداق قىلىپ، 25 ياشلىق ئەھمەدخان ئافغانىستان پادىشاھى قىلىپ

سايلاندى. بۇ 1747 - يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيى ئىدى.

ئەھمەدشاھنىڭ نامى پەقەت «ئالەمنىڭ چىرىغى» نىڭ يۈزىدىلا ئەمەس، ئافغانىستاننىڭ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. ئاشۇ دەۋردىن بېرى ئافغانىستان ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقاتمىدى.

ئەھمەدشاھ ئاجايىپ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇرى دەۋران - دەۋرنىڭ گۆھىرى، كېيىنچە دۇررانى دەپ ئاتالدى. ئۇ ئافغان پادىشاھلىرىنىڭ دۇررانىلار سۇلالىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئەھمەدشاھ دۇررانى 1773 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئۆزىدىن كېيىن 40 مىليون ئاھالىگە، زور خەزىنىگە ۋە كۈچلۈك قوشۇنغا ئىگە بولغان دۆلەتنى ئوغلى تۆمۈرشاھقا قالدۇردى.

## 20

تۆمۈرشاھ دۇررانى پايتەختنى قەندىھاردىن كابۇلغا كۆچۈردى. خەزىنە، شۇ جۈملىدىن «كوھىنۇر» ۋە «ئالەمنىڭ چىرىغى» مۇ شۇ يەرگە ئېلىپ كېتىلدى.

1793 - يىلى تۆمۈرشاھ ۋاپات بولدى. تەختكە ئۇنىڭ 23 ئوغلىنىڭ بەشىنچىسى زامان مىرزا ئولتۇردى. شۇ چاغدىن باشلاپ دۇررانىلار دۆلىتىدە خاتىرجەمسىزلىك ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. پەنجاپ ۋىلايىتى قولدىن كەتتى. ئۇ سىكخلارغا قارام بولۇپ قالدى. 1799 - يىلى زامانشاھ 19 ياشلىق سىكخ راجاسى رەنجىت سىنگھ بىلەن بىرلىكتە پەنجاپنى قايتا ئىگىلەشكە ئۇرۇندى، لېكىن نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. رەنجىت سىنگھ بولسا لاھورنى ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولدى. زامان مىرزىنىڭ ھۆكۈمدارلىقى ئۇزاققا بارمىدى. 1800 - يىلى ئۇكىسى مەھمۇد ئۇنى تەختتىن غۇلىتىپ، كۆزلىرىگە مىل تارتتى (نەشتەر سانجىدى). بىراق ئۇمۇ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇكىسى - شۇجائۇل مۈلۈك تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. شۇجائۇل مۈلۈكنى خەلق ۋە ساراي ئەھلى ياقتۇرمىدى. ئۇ كۈچلۈك شەخس ئەمەس ئىدى. زېرەكلىك ۋە ھوشيارلىق كەبى خىسلەتلەر ئۇنىڭغا يات ئىدى. تېز ئارىدا خەزىنىمۇ بوشاپ قالدى. نەتىجىدە 1813 - يىلى ساراي ئەھيانلىرى تەختكە يەنە قايتىدىن مەھمۇدنى چىقاردى. شۇجائۇل مۈلۈك لاھورغا، رەنجىت سىنگھنىڭ پاناھىغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆزى بىلەن «ئالەمنىڭ چىرىغى» ۋە «كوھىنۇر» نى ئېلىپ كەتتى. ۋاقتى كېلىپ سىكخ راجاسى بۇ جاۋاھىرلاردىن خەۋەر تاپتى ۋە باشپاناھلىق بەدىلىگە ئۇلارنى ئۆزىگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

## 21

شۇجائۇل مۈلۈك رازى بولمىدى. بۇ جاۋاھىرلاردىن ئايرىلىش - ئامەت ۋە بەختتىن ئايرىلىش دېمەكتۇر.

- مەرھەمەتلىك راجا، ئەپسۇسكى سىز مەندىن بېجىرىش مۇمكىن بولمىغان نەرسىنى سوراۋاتىسىز. مەن سىزگە جېنىمنى بېرىشكە تەييارمەن، لېكىن «كوھىنۇر» ۋە «ئالەمنىڭ چىرىغى» نى بېرەلمەيمەن.

رەنجىت سىنگھ غەزەپلەندى. بۇ قانداق كۆزى كورلۇق. مەن ئۇنىڭ ھاياتىنى ئاسراپ قالغان تۇرسام، باشپاناھلىق بېرىپ شاھانە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرسەم، ئۇ مەندىن جاۋاھىرلارنى قىزغانسا قانداق بولغىنى؟ ياق، بۇ قىلغانىنى بىلمىگەندىن جاۋاھىرلارنى كۈچ بىلەن بولسىمۇ تارتىۋېلىش كېرەك.

- زاتى ئالىي شۇجائۇل مۈلۈك، بىز ئاخىر دوستىمىز. مېنىڭ ئۆيۈم سىزنىڭ ئۆيىڭىز. مېنىڭ بايلىقىم، قۇدرىتىم - سىزنىڭمۇ بايلىقىڭىز ۋە قۇدرىتىڭىزدۇر. سىز ئۆز دوستىڭىزدىن قانداقتۇر بىر جاۋاھىرلارنى ئايىسىڭىز قانداق بولغىنى؟

شۇجائۇل مۈلۈك بېشىنى سالدى.

- مىنى قەتلە ئۆزىرىكىم، بۇ جاۋاھىراتلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇۋام ئەھمەدشاھتىن خاتىرىدۇر. تاشلار بوۋىمىزغا ئامەت ۋە بەخت، تېنىگە كۈچ، دىلىغا بەردەملىك بەخش ئېتكەن. بۇلارنىڭ ماڭىمۇ شۇنداق تەلەي كەلتۈرۈشىگە ئىشىنىمەن. جاۋاھىرلارنى يوقىتىش - ئۆزلۈكىمنى يوقىتىشتۇر. مەيلى، خالىغان باشقا نەرسىلىرىمنى ئېلىڭ، بىراق بۇ ئىككى تاشنى ئەسلا سىزگە ھەدىيە قىلالمايمەن...

رەنجىت سىنگھىنىڭ تاشلارغا بولغان ھەۋىسى يەنىمۇ كۈچەيدى. دېمەك، «ئالەمنىڭ چىرىغى» ۋە «كوھىنۇر» ئاددىي جاۋاھىر ئەمەس. سېھىرلىك خۇسۇسىيەتكە ھەم ئىگە ئىكەن - دە! ئۇنداقتا ئۇلارنى ئەلۋەتتە تارتىۋېلىش كېرەك.

- زاتى ئالىي، گەپلىرىڭىز دىلىمنى يۇمشاتتى. ئەمما ئېيتىڭچۇ، ئۇلارغا نەزەر سېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەسمۇ؟

- مەرھەمەتلىك ئالىيلىرى، بولدى، شۇ تاشلار ھەققىدە گەپلەشمەيلى.

رەنجىت سىنگھىنىڭ غەزىپى قايىندى.

- شۇجائۇل مۇلۇك، تۇزنى يەپ تۇزلۇققا تۈكۈرمەڭ. جاۋاھىرلارنى قەيەرگە يوشۇردىڭىز؟

- ئەپسۇسكى، مەرھەمەتلىك ئالىيلىرى، بۇنى ئېيتالمايمەن.

رەنجىت سىنگھ مۇلازىملىرىغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارا يۈزى يەنىمۇ قارىيىپ كەتتى.

- مانا بۇ قىلغاننى بىلمەيدىغاننى زىندانغا تاشلاڭلار. يېمەكلىك ۋە سۇ بەرمەڭلار!

شۇجائۇل مۇلۇك باغلىنىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى.

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھالسىزلىنىپ قالغان سەرگەردان شاھ يەنە رەنجىت سىنگھىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى.

- خوش، زاتى ئالىي شۇجائۇل مۇلۇك، جاۋاھىرلارنىڭ قەيەردىلىكىنى ئەمدى ئېيتارسىز؟ ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، ئەگەر يەنە كاجلىق قىلسىڭىز، مۇلازىملارغا بۇيرۇيمەن، سىزنى ئۆلگۈدەك كالتەكلەيدۇ.

شۇجائۇل مۇلۇك نۇرسىز كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن يېرىلغان لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى:

- مەرھەمەتلىك ئالىيلىرى، مەيلى كالتەكلەڭ...

رەنجىت سىنگھ مۇلازىملىرىغا ئىشارە قىلدى. ئۇلار شۇ ھامان سەرگەردان شاھنى ئېلىپ چىقىپ راسا كالتەكلەشتى. كېيىن رەنجىت سىنگھىنىڭ ھۇزۇرىغا سۆرەپ كېلىشتى.

رەنجىت سىنگھ شۇجائۇل مۇلۇككە يېقىنلاشتى.

- نېمىشقا، - دېدى ئۇ دەرغەزەپ ئاھاڭدا، - نېمىشقا ئېيتمايسىز، ئۆلۈپ كېتىشىڭىز مۇمكىنغۇ؟

شۇجائۇل مۇلۇك ئەگەر ئۆزى ئۆلۈپ كەتسە رەنجىت سىنگھىنىڭ جاۋاھىرلارنى تاپالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەنجىت ئۇنى ئۆلتۈرەلمەيتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئاچتى، بۇ «مەيلى، ئۆلسەم ئۆلەي» دېگىنى ئىدى. رەنجىت بۇنى چۈشەندى. ئۇ باشقىچە قارارغا كەلدى.

- زاتى ئالىي شۇجائۇل مۇلۇك، ئەمدى ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ. سىزنى ئۆلتۈرگۈزمەيمەن، لېكىن جازاسىزمۇ قالدۇرمايمەن. مەن سىزنىڭ كۆزىڭىزگە مىل تارتقۇزىمەن. ئاشۇ جاۋاھىراتلارنىڭ سىزگە قانداق ئامەت ۋە بەخت كەلتۈرۈشىنى شۇنىڭدىن كېيىن كۆرىسىز، - رەنجىت سىنگھ مۇلازىملارغا بۇرۇلدى، - جاللات، - ئېلىپ چىقىپ بۇنىڭ كۆزىگە مىل تارتىڭلار!

جاللات ھازىر بولدى. شۇجائۇل مۇلۇكنىڭ كۆزلىرىنى ئۆزىگە قاراتتى. دەل شۇ چاغدا سەرگەردان شاھ:

- توختا... رەنجىتنى چاقىر... ئېيتىمەن... - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن «ئالەمنىڭ چىرىغى» ۋە «كوھىنۇر» رەنجىت سىنگھىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇجائۇل مۇلۇك بولسا ئىنگلىزلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان يەرلەرگە - لۇدخىئاناغا كەتتى. ئۇلار سەرگەردان شاھقا باشپاناھلىق بېرىپ، نەپىقە ئورۇنلاشتۇردى.

## 22

رەنجىت سىنگىھ ئۆز يەرلىرىنى تاكى 1823 - يىلىغىچە كېڭەيتىپ باردى. بەلكىم، راستىنىلا ئۇنىڭغا جاۋاھىراتلار ئامەت ۋە قۇدرەت بېغىشلىغاندۇر. بىراق ئۇ، ئىنگلىزلار بېسىۋالغان يەرلەرنى تارتىۋالالمىدى. ئۇ ئافغانلاردىن كەشمىرنى، پىشاۋۇرنى ئالدى. ئۇنىڭ دۆلىتى كېڭىيىپ خېلى مۇستەھكەملەندى.

رەنجىت سىنگىھ 1839 - يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋارىسى كىخارەن سىنگىھ ئۇزۇن پادىشاھلىق قىلالمىدى ۋە 1840 - يىلى ئامانىتىنى تاپشۇردى. تەختكە رەنجىت سىنگىھنىڭ ئىككىنچى ئوغلى شىر سىنگىھ ئولتۇردى. ئۇ 1843 - يىلى ئىچكى توپىلاڭلاردا ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەختكە رەنجىت سىنگىھنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى، ئالتە ياشلىق دەلىپ سىنگىھ ئولتۇرغۇزۇلدى.

بۇ دەۋردە ئىنگلىزلارنىڭ ھىندىستاندىكى كۈچلىرى ئېشىپ بېرىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ باسقۇنچى قوشۇنلىرى پەنجاپنى ئىگىلەشكە ئۇزاق ئۇرۇندى ۋە نىھايەت، 1849 - يىلى لاھور ئىگىلەندى. 12 ياشلىق دەلىپ سىنگىھ بىر ئۆمۈرلۈك نەپىقە بەدىلىگە تەختتىن ۋە خەزىنىدىن، شۇ جۇملىدىن جاۋاھىراتلاردىن ۋاز كېچىش «سۇلھى»سىگە قول قويۇشقا مەجبۇر قىلىندى. «ئالەمنىڭ چىرىغى» ۋە «كۆھىنۇر» ئىنگلىزلارنىڭ مۇستەملىكىچى ئوست - ئىند شىركىتىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

بۇ شىركەتنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى «ئالەمنىڭ چىرىغى»نىڭ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان تارىخىي تاش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدى. ئۇلار ئاساسەن «كۆھىنۇر»غا ئېتىبار قىلىپ، ئۇنى ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ۋىكتورىيىگە سوۋغا قىلدى. 1851 - يىلى لوندوندا بارلىق ئولجا ئېلىنغان جاۋاھىرلارنىڭ چوڭ كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. كۆرگەزمىگە قويۇلغان «ئالەمنىڭ چىرىغى»غا مۇنداق ئىزاھ يېزىلغانىدى. «تۆت چوڭ ياقۇتتىن ئىبارەت زىننەت بۇيۇمى». شۇنىڭ بىلەن «ئالەمنىڭ چىرىغى»نىڭ ئۆزىمۇ، نامىمۇ بىرنەچچە ئون يىللارغىچە ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

ئارىدىن 60 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. 1912 - يىلى ئىنگلىز جاۋاھىرشۇناسى جېمىس ھېربىرت سىمىتنىڭ دىققىتىنى ياقۇتتىكى يېزىقلار ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇنىڭدىكى چوڭراق خەتلەرنى ئەرەبچە بىلىدىغانلارغا ئوقۇتۇپ كۆردى ۋە تەرجىمە قىلدۇردى: «بۇ ئىسپاھانغا 1153 - يىلى ھىندىستاندىن ئېلىپ كېلىنگەن ياقۇت، شاھلار شاھى سۇلتان ساھىبقىراننىڭ 25 مىڭ قىممەتلىك جاۋاھىرلىرىنىڭ بىرى». «دېمەك، بۇ ياقۇت بۈيۈك ئەمىر تېمۇرنىڭ جاۋاھىرى ئىكەن!» دەپ خۇلاسە چىقاردى جاۋاھىرشۇناس ۋە ئۇنى شۇ نام بىلەن ئاتاشقا باشلىدى. نادىرشاھنىڭ پۈتۈكى ياقۇتقا يېڭى نام بېرىلىشىگە سەۋەب بولدى. كېيىنچە ئۇنىڭ دۇنياغا مەشھۇر «ئالەمنىڭ چىرىغى» ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھازىر غەربتە بەربىر «بۈيۈك ئەمىر تېمۇرنىڭ ياقۇتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

## 23

گاھى - گاھىدا ماڭا ئۇزاقلاردىن، ئېنىقراقى تۇمانلىق ئەل دەپ ئاتالغۇچى بىرىتانىيە ئارىلىدىكى پادىشاھ ئائىلىسى ئىستىقامەت قىلغۇچى بۇكىنھام سارىيىدىن بىر نىدا كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. «مېنى بۈيۈك ئەمىر تېمۇر ئەۋلادلىرى ياشاۋاتقان قۇياشلىق ئۆلكىگە ئېلىپ كېتىڭ!- دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ ئۇ نىدا،- مەن ئالەمنىڭ چىرىغى بولغىنىم بىلەن يورۇق نۇرلارنى تويۇپ ئېمىپ تۇرمىسام نازۇك جىلۋە تارىتالمايمەن...». «ئەپسۇسكى، بىز ئەمىر تېمۇرگە مۇناسىپ ئەۋلاد ئەمەسمىز،- دەپ ئويلايمەن مەن،- بۇ تەقدىر ئەمەس كۆرگۈلۈكتۇر. بىز كەلگۈسى ئەۋلادلار ئالدىدىمۇ جازاغا مەھكۇممىز. بىزنى كەچۈر، بۇ ئىش قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. ساڭا ئىگىلىك قىلىشقا مەنىۋى ئاجىزلىقىمىز تۈپەيلى، ئەسلا ھەققىمىز يوق... ئەمما مېنىڭ قەلبىم، مۇشۇ قۇرلاردىن سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭنى بىلگەن خەلقىمنىڭ قەلبىمۇ سەن بىلەن بىرگىدۇر».

لېكىن ئۇ نىدا مېنىڭ ئويلىرىمغا قۇلاق سالمايدۇ...

ئۆزبېكچىدىن ئەزىزى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان.

تۇغقۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىي خاتىرىلەر

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

## ھاياتنىڭ كۈچى

يۈەن يۈەن

1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ لوس-ئانژېلىس شەھىرى. ساقچىلار قوراللىق بانكا بۇلىغان بىر بۇلاڭچىنى قورشىۋالدى. ئۇ ئالاقزادە بولۇپ قاچقان ئاشۇ دەقىقىدە كىشىلەر توپىدىن بىر ئادەمنى تۇتقۇن قىلىۋالدى. ئۇ تاپانچىسىنى تەڭلەپ تۇرغان بۇ تۇتقۇن كۈتۈلمىگەندە ئىككى قات ئايال بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئازاب بىلەن ئىڭراشقا باشلىدى.

نەق مەيداندىكى كىشىلەر بىلەن بۇلاڭچى ئىككى قات ئايالنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئاستا - ئاستا قانغا بويىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىرلا ۋاقىتتا دىگۈدەك بايقىدى. تۇساتتىن بۇلاڭچى داۋراڭ سېلىشنى توختاتتى، يەنە كېلىپ بېشىغا تاپانچىسىنى تىرىۋالغان بۇ تۇتقۇنغا مۇلايىملىق بىلەن سەپسالدى.

ئەتراپتىكى ساقچىلار جىددىيلىشىشكە باشلىدى، ئۇلار بۇلاڭچىنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئۇقمايتتى. ساقچىلار يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەدبىر قوللانماقچى بولۇۋاتقاندا، بۇلاڭچى كۈتۈلمىگەندە تاپانچىسىنى يەرگە تاشلىۋەتتى، ئاندىن قولىنى ئاستا - ئاستا كۆتۈردى. ساقچىلار گۇرۇبدىلا ئېتىلىپ كېلىشتى.

ساقچىلار بۇلاڭچىنى ئەكەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئىككى قات ئايال بەرداشلىق بېرەلمىدى. شۇ چاغدا، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇتقۇن بولغان بۇلاڭچى: «توختاپ تۇرساڭلار قانداق؟ مەن دوختۇر، ئۇنىڭغا مەنلا ياردەم قىلالايمەن» دېدى. ئۇ ساقچىلارنىڭ ئىشەنمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، يەنە مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلدى: «ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، دوختۇرخانىغىچە زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ».

ساقچىلار كويزىنى ئېلىۋەتتى.

ئۇزاققا قالمايلا جاراڭلىق يىغا ئاۋازى زالنى بىر ئالدى، كىشىلەر ئىختىيارسىزلا چۇرقىرىشىپ كەتتى. بىرمۇنچە كىشىلەر تەسىرلەنگىنىدىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

بۇلاڭچى بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ساقچىلارغا ئۆزىنى تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ كىچىككىنە ھاياتلىقنىڭ بويسۇندۇرغانلىقىنى، شۇ چاغدا ئۇ: «ھاياتلىق ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىرلا قېتىم كېلىدۇ، مېنىڭ باشقىلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى تارتىۋېلىشقا نېمە ھەققىم بار؟» دەپ ئويلىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

دېمەك، بۇلاڭچى ساقچىنىڭ قاپقارا تاپانچىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى كىچىككىنە بىر ھاياتلىقنىڭ كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇلغانىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلارنىڭ لۇغىتىنى ئاختۇرسىڭىز، ھاياتنىڭ كۈچى قاراقچىلارنى بويسۇندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ ھاللاردا تەڭداشسىز بولىدىغانلىقىنى بايقايسىز.

مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى تۇساتتىنلا ئېنىقلاندى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئەمدى سائەتلەپ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئاخىر چۈشىنىپ يەتكىنىدە، ھاياتنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئىچ - ئىچىدىن ھېس قىلدى. ھاياتلىققا ئىنتىلىش تۇيغۇسى ئۇنى

ئاخىر ئۆزىمۇ ھەيران قالغۇدەك غەيرەتكە كەلتۈردى. ئۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي، ھەر قېتىملىق خىمىيىلىك داۋالاشنى ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدى.

نەتىجىدە مۆجىزە يۈز بەردى، ئۇ، دوختۇر «ئۆلۈم جازاسى» غا ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن يەنە تويتوغرا 20 يىل ياشىدى، يەنە كېلىپ ھازىرغىچە ساپمۇ ساق ياشاۋاتىدۇ.

دوستۇم كېسەلنى مانا شۇنداق يەڭدى، بۇنى مېدىتسىنانىڭ مۆجىزىسى دېگەندىن كۆرە، ھاياتلىقنىڭ كۈچى يارانقان ئەپسانە دېگەن تۈزۈك.

ھاياتلىق ئادەمگە نىسبەتەن بىرلا قېتىم كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدۇ، كىشىلەر ھامان ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە ئۆزىدىن كېلىدىغان مۇنداق كۈچنى قېزىپ چىقىرىپ، يەڭگىلى بولمايدىغان بارلىق بەختسىزلىكلەر ۋە بالا - قازالارنى يېڭىدۇ.

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ھاياتلىق شەك - شۈبھىسىزلا ئاجىز كېلىدۇ. ئەمما دانىشمەنلەرنىڭ نەزىرىدە، ھاياتلىقنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچى بولىدۇ، يەنە كېلىپ مۇنداق كۈچنى جاھاندىكى بارلىق غايەت زور كۈچلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

## قارتىڭ يامان بولسا ئۇتتۇرۇشۇڭ ناتايىن

### ئابى بوشى

ئۇلۇغۋار غايە مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى چۈش بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى كىشىلەر تۇغۇلغان چاغدا ئوخشاش بىر پەللىدىن يولغا چىقمايدۇ. تۇغۇلۇشىدىنلا ياخشى قارتىغا ئېرىشىدىغانلار كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ؛ ھەممىلا كىشى ئادەتتىكى ئائىلە مۇھىتىغا، پەۋقۇلئاددە ئەقىل - پاراسەتكە، تولۇپ تاشقان كۈچ - قۇۋۋەتكە ۋە پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەلەيگە ئۇچراۋەرمەيدۇ. بىز ئاددىي بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇشىمىز، چىراي - شەكلىمىز ئادەتتىكىچە، خاتىرىمىز ناچار، نەزەر دائىرىمىز تار، بايلىقىمىز ئاز بولۇشى، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ چاتاق بولۇشى، مەسىلەن، ئاتا - ئانىمىز ئاجرىشىپ كەتكەن بولۇشى، باللىق دەۋرىمىز پەرىشانلىقتا، مېيىپلىقتا ئۆتكەن بولۇشى قاتارلىقلار. . . بۇلارنىڭ ئالدىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىمالىدىن گۇمانلانماي تۇرالماسلىقىمىز مۇمكىن.

ئەمما سىز شۇنى ئەستە تۇتۇڭ: 1. ئەگەر قولىمىزغا بەك ناچار دەپ كەتكىلى بولمايدىغان قارتا چىقسا، جەزمەن ئۇتتۇۋېلىشىمىز كېرەك. 2. بەختكە قارشى ئەڭ يامان قارتىغا ئۇچراپ قالساق، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يامان ئەمەس قارتىدىن بىر - ئىككىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى كۈچلۈك قارتا قاتارىدا ئويناش ئارقىلىق نەتىجىسىنى ياخشىراق چىقىرىشىمىز كېرەك. قارتا جوزىسىدا يالغۇز سىزلا ئەمەس، باشقىلارمۇ بار، بۇ دېگەن بىر خىل مېخانىزم. ئەگەر بىز مۇھىت ئاتا قىلغان تەلەيدىن پايدىلىنىپ، قولىمىزدىكى كېرەكسىز قارتىلارنى ئۈستىلىق بىلەن چۈشۈۋېتەلىسەك، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۇتۇشىمىز مۇمكىن. يامان قارتا چىقىپ قالسا جەزمەن ئۇتتۇرۇشىمىز ناتايىن. 3. شائىر ھومېر ئەما، خالېن كايلور گاس - گاچا، ئەما بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارتىسى ھەممىلا كىشىنىڭكىدىن چاتاق ئىدى، ئەمما ئۇلار ئۇتتۇرۇپ قويمىدى.

## گۈل ئىشقى

### شى نەن

گۈل تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈزەللىكنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىپادىلىنىش شەكلى. خۇددى مۇھەببەت ئىنسان ھېسسىياتىدىكى كىشىنى ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغان، ئەڭ ئىنتىلدۈرىدىغان، ئەڭ گۈزەل ھېسسىيات بولغىنىدەك، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ۋايىغا يەتكەن گۈزەللىك. گۈزەللىكنى سۆيۈش ۋە نامايان قىلىشقا ئىنتىزار بولۇش تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەۋجۇداتلار بىلەن بىز ئىنسانلارنىڭ ئورتاق تەبىئىتى، شۇڭا ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىشى، مەۋجۇداتلارنىڭ داۋاملىشىشى بارلىققا كەلگەن، شۇنداقلا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ كەلگەن گۈزەل مۇھەببەت ھېكايىلىرى، يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مۇھەببەت - نەپرەتلىك، جاپا - مۇشەققەتلىك ۋە تەسىرلىك ئىنسان تراگېدىيىلىرى ھەم كومېدىيىلىرى بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ مەڭگۈ كۈيلەيدىغان تېمىغا ئىگە بولغان.

مەن گۈزەل نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىمەن، مېنىڭ دەم ئېلىشتىكى بىردىنبىر ھەۋىسىم گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈش. مەن گۈل بېقىش ۋە گۈلدىن ھۇزۇرلىنىش داۋامىدا نۇرغۇن خۇشاللىقنى، شۇنداقلا نۇرغۇن ئىلھامغا ۋە تەسىراتقا ئېرىشتىم. گۈل - گىياھلارنى پەرۋىش قىلىش جەريانىدا

ھەمىشە مۇھەببەت ۋە نىكاھتىن ئىبارەت بۇ كىشىلىك ھاياتتىكى ئېنىق تەبىر بەرگىلى بولمايدىغان چوڭ ئىشنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ بىلەن گۈل - گىياھلارنى پەرۋىش قىلىش ئوتتۇرىسىدا مەلۇم بىر خىل يېقىنلىشىپ كېتىدىغان يەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

مەن گۈلنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان گۈلنى كۆرۈپ قالسام، ھەر خىل ئاماللار بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ، ئوغۇتى مۇۋاپىق تەڭشەلگەن، ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە ماس كېلىدىغان گۈل تەشتىكىگە كۆچۈرۈپ، مۇۋاپىق سۇ پۈركىگەندىن كېيىن، ئاپتاپ ۋە يامغۇر چۈشىدىغان يەرگە قويۇپ قويىمەن. ئەگەر كۆچۈرگىنىم يېڭى كۆچەت بولسا، ئۇنىڭغا بىر ھەپتىگىچە ئاپتاپ چۈشۈرمەيمەن، ئەمما ھۆل - يېغىندىن ھوزۇرلىنىدىغان ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىمەن. مەن ھەمىشە ئۆزۈم بىلەن گۈلنى مۇھەببەت تۈپەيلىدىن بىر - بىرىگە تۇتاشقان ئىككى يۈرەككە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭدىن مېھرىمنى ئۈزەلمەيمەن. ئازراقلا بوش ۋاقتىم چىقسا، ئۇنى كۆرگۈم، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇم، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى كۆزەتكۈم، تۇرمۇش ئادىتىنى بىلىۋالغۇم كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئېھتىيات بىلەن ئاسرايمەن. ئوت ئۆسۈپ قالسا دەررۇ يۇلۇۋېتىمەن؛ تۇپىسى قېتىپ قالسا ئالمان - تالمانلا يۇمشىتىمەن؛ يوپۇرمىقى سولىشىپ قالسا پات - پات سۇغىرىمەن؛ جۇدۇن - چاپقۇن بولۇپ قالسا شۇ زامانلا پەسكە ئېلىۋېتىمەن. گۈل - گىياھلار بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت بىرگە ئۆتۈش داۋامىدا، مەن ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئاستا - ئاستا بىلىۋالدىم: جۇخارگۈل ئوغۇتقا، ئاپتاپقا ئامراق، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، شۇڭا ئۇنى دائىم ئوغۇتلاپ تۇرىمەن، قۇرۇپ كەتكەن چاغدىلا ئاندىن سۇغۇرىمەن. ئەتىدىن - كەچكىچە ئاپتاپ ۋە يامغۇر - يېشىن چۈشۈپ تۇرىدىغان جايغا قويۇپ قويىمەن. ئۇنى تەسكەي يەردىن ۋە نەملىكتىن قورقىدۇ دەپ سۇغارمىسىمۇ بولمايدۇ، ئۇنداق بولسا ئۇمۇ ئۇسساپ ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۇ ئوغۇتقا ئامراق بولسىمۇ، ئەمما ئوغۇت ھەددىدىن زىيادە جىق بېرىۋېتىلسە ئەسەبىيلەرچە ئۆسۈپ كېتىدۇ. بىراق ئاسما گۈلنىڭ خۇسۇسىيىتى جۇخار گۈلنىڭ ئەكسىچە، ئۇ كۈچلۈك ئاپتاپتىن قورقىدۇ، تەسكەي يەرنى، نەملىكنى ياقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوغۇتى - تۇخۇم شاكىلى چىلانغان سۇ. ئەتىرگۈلنىڭ شاخلىرىنى ھەمىشە كېسىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. گۈل - گىياھلارنىڭ خىلمۇخىل خاراكتېرى بولىدۇ.

شۇڭا ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئايرىم - ئايرىم مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئۇلار بۇك - باراقسان ئۆسەلمەيلا قالماستىن، ئېخى ئۆلۈپ قالىدۇ. گۈل - گىياھلارغا قۇرت چۈشۈپ قالسا، ئۇلارغا ئۆز ۋاقتىدا دورا سېپىش كېرەك. قۇرت يوقىتىدىغان دورىنىڭ تاللىنىشى، سۇ قوشۇش نىسبىتى، قانچىلىك سېپىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار، بۇنىڭغا دىققەت قىلمىساق، قۇرتنىڭ يوقىلىشى بىلەن تەڭلا گۈلمۇ تۈگىشىدۇ. گۈل ئۆستۈرۈش بىر خىل سەنئەت، ئۇ مۇھەببەت ۋە ئەقىل - پاراسەتكە موھتاج.

بىز مۇھەببەت تۈپەيلىدىن ئۆي - ئوچاقلىق بولىمىز، بۇ خۇددى بىز ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان گۈل كۆچىتىنى ئۆيىمىزگە ئېلىپ كېلىپ تەشتەككە تىكىپ قويغاندەك، بەختلىك ۋە گۈزەل نىكاھ يارىتىشنىڭ باشلىنىشىلا بولىدۇ. ئەگەر بىز مۇھەببىتىمىزنىڭ يېڭى كۆچىتى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلسۇن، چىرايلىق چېچەكلىسۇن، بەختلىك نىكاھ مېۋىسى بەرسۇن دېسەك، بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىدىغان، بىر - بىرىمىزگە ماسلىشىدىغان جەرياننى بېسىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا مىجەز - خۇلقنىڭ پەرقلىق بولۇشى، مەدەنىيەت تەربىيىلىنىشىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى، بەزى شەيئىلەرگە بولغان قارىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن سۈركىلىش پەيدا بولۇشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. مۇنداق چاغدا قارشى تەرەپنى ئاقىلانىلىك بىلەن ئاسرىشىمىزغا، خۇددى گۈل - گىياھلارنى مۇھاپىزەت قىلغىنىمىزدەك، ئۇنى مۆلدۈر ۋە بوران - چاپقۇننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپلا قالماستىن، يەنە قارشى تەرەپنى چۈشىنىشىمىز- گە، كۆپرەك كۆزدە تۇتۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىر مەھەللىك ئاچچىقىمىزنى چىقىرىۋېلىشنى ۋە خۇشاللىقىمىزنى كۆزلەپلا، كىشىنىڭ يۈرىكىگە تېگىدىغان گەپلەرنى تاللاپ قارشى تەرەپنىڭ زىتىغا تېگىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. كونىلار: «دەرەخ يىلتىزىغا تېگىشتىن، ئادەم كۆڭلىگە تېگىشتىن قورقىدۇ» دەپتىكەن. سىز كۆڭلىنى ئاغرىتقان ئادەم يەنە سىز بىلەن قەلبداش بولۇپ، سىزگە ئۆزىنى قۇربان قىلالامدۇ؟

ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىگە يول قويۇش ۋە كەڭ قورساق بولۇشتىن باشقا، يەنە ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشى كېرەك، گۈل - گىياھ ئۆستۈرگەنگە ئوخشاشلا بۇمۇ بىر خىل سەنئەت.

# ئۆتتاشتۇرۇپ دىللارنى دىلغا

ـ نەۋايى ۋاپاتىنىڭ 500 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

**ئەزىزى**

نادامەت ئىلكىدە شۇنى تىلغا ئېلىشقا مەجبۇرمىزكى، قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا، ئاخىرلاشقان 20 ـ ئەسىردىمۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى تۈرغۈزالمىغانلاردىن پەقەت بىز ئۇيغۇرلارلا قالغان بولساق كېرەك. دېمەك، بىز باشقىلارغا نىسبەتەن يەنە بىر تۈردە (بۇنداق تۈرلەر خېلىلا كۆپ، ئەلۋەتتە) يېڭى ئەسىرگە نېسىگە كىرىپ كەلدۇق. بۇ هال بىزنى ئەجدادلار ئالدىدا قەرزدارلىق، ئەۋلادلار ئالدىدا خىجالەتچىلىك ئازابىنى تارتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ئەدەبىيات تارىخى ـ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مۇهىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ئۆلچەشتە ناهايىتى زور ئەهمىيەتكە ئىگە. بىر مىللەتنىڭ تىل خاسلىقى، تەپەككۇر دائىرىسى ۋە پەلسەپىۋى قاتلىمى شۇ مىللەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك بەدىئىي كامالىتى ئارقىلىق ئەدەبىياتتا ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات تارىخىنى تۈرغۈزۇش نوقۇل ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش جەهەتلەردىمۇ مۇهىم رول ئوينايدۇ.

## 1

شەپقەتسىز ئۇرۇش ۋەهىمىسى بىلەن تولغان

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشى دەسلەپكى قەدەمدە پارس تىلى مۇهىتىدا بىرقەدەر گەۋدىلىك بولدى. چۈنكى بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات ئىخلاسمەنلىرى ئۆزلىرىدىن ئالدىنقى دەۋرلەردە شەرق ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى سېهرىي كۈچىنى نامايان قىلغان نىزامى گەنجىۋى (1141 ـ 1203)، سەئدى شىرازى (1184 ـ 1292)، پەرىدىددىن ئەتتار (1119 ـ 1193)، جالالىددىن رۇمى (1207 ـ 1273)، ئەمىر خىسراۋ دېهلەۋى (1254 ـ 1325)، هاپىز شىرازى (1300 ـ 1389) قاتارلىق پارس تىلىدا ئەسەر يازغان ئەدىبلەرنى ئۆزلىرىگە ئۇستاز هېسابلاپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلغان. بۇ خىل ۋارىسلىق قىلىش تىلدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇنىڭ بىلەن پارس تىللىق ئەدىبلەردىن باشقا تۈركىي تىللىق ئەدىبلەرمۇ ئىجادىيەتتە پارس تىلىنى ئاساس قىلغان.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئىمپېرىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بارلىق تېررىتورىيىلەر چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى تەرىپىدىن سۇيۇرغال تەرىقىسىدە بۆلۈۋېلىندى. شۇ قاتاردا ئوتتۇرا ئاسىيا، تارىم ۋادىسى، ماۋارە ئۇننەهىر رايونى قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر توپلىشىپ

ئولتۇراقلاشقان ۋادىلار چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا تەۋە بولدى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ دۆلەت چاغاتاينىڭ نامى بىلەن تارىختا چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى. بۇ خانلىققا تەۋە رايونلار ئىلگىرى ئاساسىي جەھەتتىن قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدىكى رايونلار بولغانلىقتىن، يەرلىك ئاھالىلەر قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى تۈركىي تىلىنى قوللىناتتى. شۇڭا چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە يېزىق جەھەتتە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، تىلدا ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى تۈركىي تىلى تىكلىنىشكە باشلىدى. كېيىن بۇ يېزىق ۋە تىل چاغاتاينىڭ نامى بىلەن چاغاتاي يېزىقى ۋە چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالدى.

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر «قىسسەسۇل ئەنبىيا»نىڭ ئاپتورى رەبغۇزى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى قاتارلىقلار چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى نامايەندىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى ئارقىلىق تۈرك تىلىدىكى ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئۇلىنى ھازىرلىدى. تۈرك تىلىدىكى ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ يۇكسەك پەللىسى شۈبھىسىزكى «ئۆزىنىڭ تۈرك تىلىدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس ئەسەرلىرى بىلەن ئىران ئەدىبلىرىنىڭ كەمسىتىشى ۋە مازاق قىلىشىغا قارشى تۈرك مىللىتى ۋەكىللىرىنى چىن قەلبىدىن قوغداش ئارقىلىق ھايات ۋاقتىدىمۇ، ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ۋەتەنداشلىرىنىڭ بۈيۈك ھۆرمىتىگە سازاۋەر»① بولغان گىگانت سىما ـ مەۋلانە نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايىغا مەنسۇپ.

**2**

ئەلىشىر نەۋايى ئۆز دەۋرىدە ساپ ئىنسانىي ئەمەلىيىتى ۋە بىباھا ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئۆز شەنىگە ھەيكەل تىكلىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىنى نۇرلاندۇرغۇچى ھىدايەت ئەڭگۈشتەرىگە ئايلاندى. نەۋايى ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قولىيازما ھالەتتە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپا ئەللىرىگىمۇ تارقالدى. 1991 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلان قىلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا دۇنيادىكى 89 دۆلەتتە، جۈملىدىن فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئىران، تۈركىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇزېيلىرىدا نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ نۇرغۇن نادىر قولىيازمىلىرى ساقلىنىدىكەن. نەۋايى ئالەمدىن ئۆتۈپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەب، پارس، ئەرمەن، گرۇزىن، ئافغان، فرانسۇز، ئىتالىيان، نېمىس، گوللاند، رۇس، بېلورۇس، لىتۋا، ئىنگلىز، ۋېنگىر قاتارلىق نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

20 - ئەسىرگە كەلگەندە نەۋايى ئەسەرلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۇنياۋى مىقياسىغا يۈزلەندى. بۇ يەردە مەن، نەۋايى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەۋايى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ نەزىرىگە ھاۋالە قىلساق ئارتۇقچىلىق قىلماس دەپ قارايمەن.

ئىتالىيىلىك تەرجىمان رىناردو زىپولى مۇنداق دەيدۇ: «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم ئىتالىيان تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بەزى تەرجىمىلەر ئارقىلىق تونۇشقانمەن. شۇ چاغدا ئۇ مەندە ئانچە چوڭ تەسىرات قالدۇرمىدى. كېيىن تۈرك تىلىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆگىنىپ ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا سېھىرلىنىپ قالدىم.

نەۋايى ئۆزىدە شەرق شېئىرىيىتىنى مۇجەسسەملەشتۇرگەن، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ۋە تۈركىي خەلقلەر قەلبىدىكى تۇيغۇلارنى شېئىرغا ئايلاندۇرغان، ئىنساننىڭ ھەر جەھەتتىن كامالەتكە يېتىشىنى ئارزۇ قىلغان ئىجادكاردۇر. ئۇنى ئىتالىيە ئەدەبىياتىدا دانتىغا تەڭلەشتۇرۇش، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن قويۇش مۇمكىن.

مەن شائىر ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى بۈگۈنكى زامانىۋى تېخنىكا ـ كومپيۇتېرنىڭ ياردىمىدە تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلىۋاتىمەن. نەۋايىنىڭ رەڭگارەڭ ۋە غايەت كاتتا

مىراسىنى باشقىچە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىنسان ئۆمرى يەتمەيدۇ، دەپ ئويلايمەن.»②

سانكت - پېتېربۇرگ دۆلەت دارىلفۇنۇنىنىڭ پروفېسسورى سېرگېي ئىۋانوف مۇنداق دەيدۇ: «مەن نەۋايى ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىشلىرىمغا تايانغان ھالدا، ھېچ شۈبھىسىز ئۇنى جاھان ئەدەبىياتىدا بىقىياس سىما دەپ ئېيتالايمەن.

بۈگۈن بارلىق خەلقلەر نەۋايى مىراسىغا بىر دېرىزە ئارقىلىق نەزەر تاشلىدى ۋە ئۇنى ھېچ ئىككىلەنمەي ‹جاھان ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىكى› دەپ ئاتاشقا باشلىدى. توغرا، لۇغەت ۋە قامۇسلاردا ‹جاھان ئەدەبىياتى كلاسسىكى› دېگەن ئۇنۋان يوق. لېكىن بۇنداق ئۇنۋان ھاياتتا بار ۋە بۇنداق شەرەپلىك ئۇنۋانغا نەۋايى كەبى ھەم مىللىي ئەدەبىياتنى ياراتقان، ھەم باشقا ئەدەبىياتلارنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان مۇبارەك زاتلار مۇشەررەپتۇر.»③

ئەزەربەيجان شائىرى خەلىل رىزا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ‹نەۋايىنىڭ› خىزمىتى ھەققىدە گەپ بولغاندا، بىرىنچى نۆۋەتتە، تۈركىي تىللىرىنى شېئىرىيەت ئاسمىنىغا ئېلىپ چىققانلىقىنى ئەسلەش لازىمدۇر. يەنى ئۇ ھەقىقىي مەنىدە تۈرك ئەدەبىياتىغا ئويغىنىش دەۋرىنى باشلاپ بەردى.»④

بېلورۇسىيىلىك تەرجىمان ۋاسىلىي جۇكوۋىچ مۇنداق دەيدۇ: «مەن شائىر ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىگە قول سالغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن. خوش، شېئىرنى چوڭقۇر بىلىش، ئۇنى ياخشى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ ئاۋۋال شائىر ياشىغان دەۋر ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جىددىي تەتقىق قىلىنىشى ھەمدە بۇ تەتقىقاتلار باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى نەۋايى شېئىرىيىتىنى، پەلسەپىسىنى، دىنغا ۋە ھاياتقا بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئېتىقادىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ شېئىرىيىتىنى چۈشىنىپ بولمايدۇ. شائىر ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنغاندا پەقەت مۇھەببەت لىرىكىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قېلىشىنىڭ ئەسلى سەۋەبىمۇ شۇنىڭدىندۇر. ۋەھالەنكى، نەۋايى پەلسەپىنى، دىننى، ئىنسان روھىيىتىنى، كائىناتنى شېئىرىيەتكە تۇتاشتۇرۇۋەتكەن دۇنياۋى شائىردۇر. ئۇنى ئۆز مەۋقەيىمىزگە چۈشۈرۈپ ئەمەس، ئۇنىڭ مەۋقەسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن تەرجىمىگە قول سېلىش كېرەك.»⑤

### 3

نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ياۋروپاغا تارقىلىش جەريانى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەن بۇ يەردە ئاتاقلىق نەۋايىشۇناس ئالىمە فازىلە سۇلايمانوۋانىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغان ھالدا بۇ جەريان ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئالىمەنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تاللانغان «دىۋان»ى ياۋروپادا تۇنجى بولۇپ 1635 - يىلى، يەنى نەۋايى ۋاپاتىدىن 134 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بودلېيان كۇتۇپخانىسىغا چۈشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ ۋە قىممەتلىك نۇسخىلىرىمۇ مۇشۇ كۇتۇپخانىدا ساقلىنىدىكەن.

1557 - يىلى ۋېنتسىيىدە ئىتاليان تىلىدا «شاھ سېرەندىپنىڭ ئۈچ نەۋقىران ئوغلىنىڭ ساياھىتى» ناملىق بىر كىتاب بېسىلغان بولۇپ، ئۇنى خىرىستوفور ئەرمەنىي ئىتاليان تىلىغا تەرجىمە قىلغانىكەن. بۇ كىتاب ياۋروپالىقلارنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغانلىقى ئۈچۈن قايتا - قايتا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن نېمىس، گوللاند، ئىنگلىز ۋە فرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغانىكەن.

سابىق س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى بېرتېلىسنىڭ تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە، خىرىستوفور ئەرمەنىي ئىتاليان تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرنىڭ نەۋايىنىڭ «سەببەئى سەييار» (يەتتە سەييارە) ۋە ئەمىر خىسرەۋ دېھلەۋىنىڭ «ھەشت بېھىشت» (سەككىز جەننەت) ئەسەرلىرىنىڭ پارچىلىرىدىن تۈزۈلگەنلىكى ئېنىقلانغان. دېمەك، ياۋروپالىقلار شائىر ۋاپاتىدىن 56 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ پارچىلىرى بىلەن تونۇشقان. ئەمما بۇ چاغدا ئۇلار تېخى شائىرنىڭ نامى بىلەن تونۇشمايتتى.

1697 - يىلى فرانسۇز شەرقشۇناسى

ئېربېلونىڭ «شەرق كۇتۇپخانىسى» نامى ئاستىدا ئېلان قىلىنغان قامۇسى ئارقىلىق ياۋروپالىقلار شائىرنىڭ نامى بىلەن تونۇشتى. 1832 - يىلى ئىنگلىز شەرقشۇناسى دېۋىت «تۈرك تىلى گراماتىكىسى» ناملىق ئەسىرىدە نەۋايى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەردى. نەتىجىدە، شائىرنىڭ نامى ياۋروپا ئەللىرىدە تونۇلۇشقا باشلىدى.

نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 500 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1948 - يىلى ئالفېرد كۇربېللو «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىنىڭ پارچىلىرىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇردى. 1968 - يىلى نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 525 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانى ئالفېرد كۇربېللو تەرىپىدىن نېمىسچىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

1952 - يىلى ئارگېنتىنادا لۇئىي ئورسېتىنىڭ «ئەلىشىر نەۋايى» دەپ ئاتالغان كىتابى ئىسپان تىلىدا نەشر قىلىندى. بۇ كىتابتا نەۋايىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «سەببەئى سەييار» ۋە «سەددى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر سېپىلى) داستانلىرى- نىڭ مەزمۇنى ۋە شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

1958 - يىلى رومىنىيىنىڭ بۇخارېست شەھىرىدە نەۋايىنىڭ «تاللانغان ئەسەرلىرى» نەشر قىلىندى.

1960 - يىللاردا شائىرنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانى شائىرە ئەرجىبەت برودىسكىي تەرىپىدىن ۋېنگىر تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنغان.

1974 - يىلى بۇلغار شائىرى يوردان مېلىنىف تەرىپىدىن شائىرنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى ۋە «ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرىيىتى» ناملىق توپلامدا نەشر قىلىندى.

بۇ يەردە نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ فرانسىيىدىكى تەرجىمە قىلىنىش، نەشر قىلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

نەۋايى ئالەمدىن ئۆتۈپ 196 يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادى 1697 - يىلى فرانسۇز شەرقشۇناسى بارتولومې د. ئېربېلو ئۆزىنىڭ مەشھۇر «شەرق كۇتۇپخانىسى» ناملىق قامۇسىدا نەۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادى ھەققىدە دەسلەپكى مەلۇمات بەرگەن. مەزكۇر ئەسەردىكى «ئەلىشىر» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە «ئەلىشىر خۇراساندا ۋەزىر بولۇپ كاتتا شۆھرەت قازانغان. ئۇ يىرىك ئالىم ۋە شېرىن سۆخەن شەخس بولغان. ئۇ ھىرات شەھىرىدە ئۆزىنىڭ باي كۇتۇپخانىسىنى ياراتقان» دېيىلگەن. «نەۋايى» ناملىق يەنە بىر ماقالىدە بولسا، «نەۋايى ھەم تۈركىي تىلدا، ھەم پارس تىلىدا ئاجايىپ غەزەللەرنى يازغان. ئۇنىڭ ‹پەرھاد ۋە شېرىن›، ‹لەيلى ۋە مەجنۇن›، ‹سەددىي ئىسكەندەرىي›، ‹سەببەئى سەييار› داستانلىرى بار. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ، تۆت دىۋان يېزىپ قالدۇرغان» دېيىلگەن.

ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى فرانسۇز ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىشتا شەرقشۇناس پروفېسسور ئېتىن كاترېمېرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس رولى بار. ئۇ ئۆزىنىڭ 1841 - يىلى نەشر قىلىنغان «شەرقىي تۈرك ئەدەبىياتى خرېستوماتىيىسى» ناملىق كىتابىدا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ھاياتى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. بۇ كىتابتا يەنە «بابۇرنامە»، «مىراجنامە»، «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ۋە «بەختىيارنامە» دىن پارچىلار بېرىلگەن.

1861 - يىلى فرانسىيىدە چىقىدىغان «ئاسىيا ژۇرنىلى» نىڭ فېۋرال - مارت ۋە ئاپرېل - ماي سانلىرىدا شەرقشۇناس ئالىم فرانسۇۋا ئەلفونس بېلىنىڭ «مىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ھاياتى ئىجادىدىن پارچىلار» ناملىق تەتقىقاتى بېسىلىپ چىقتى. بۇ فرانسىيىدە نەۋايى ھەققىدە يېزىلغان دەسلەپكى يىرىك تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر تەتقىقات ئەسىرى ئىككى قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنچى قىسمىدا نەۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈلگەن؛ ئىككىنچى قىسمىدا نەۋايىنىڭ «مەجالسۇن نەفائىس» (نەپىس كىشىلەر مەجلىسى) ۋە «خەمسەتۇل مۇتەخەييىرىن» (بەش ھەيرانلىق) ئەسەرلىرىدىن پارچىلارنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسىنى بېرىدۇ. بۇ تەرجىمىلەر نەۋايىنىڭ پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «كۇللىيات» نىڭ

قولىيازمىسىدىن ئېلىنغان.

1866 ـ يىلى «ئاسىيا ژۇرنىلى» دا بېلېنىنىڭ «شەرق دانالىرى» تۈركۈمىدە يېزىلغان «مىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ پەزىلەتلىرى، ئېستېتىك ۋە پەلسەپۋى قاراشلىرى» ناملىق يەنە بىر تەتقىقاتى ئېلان قىلىنغان. بېلېن يەنە 1872 ـ يىلى تۈرك ئالىمى ئەھمەد ۋاپىق ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە نەۋايىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» (قەلب سۆيگۈسى) ئەسىرىنىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرىدۇ.

1902 ـ يىلى پارىژدا بولۇپ ئۆتكەن شەرقشۇناسلار يىغىنىدا لوسېن بۇۋا نەۋائىينىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە) ئەسىرىنىڭ يېڭى تېپىلغان قولىيازمىسى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

لۇئىس ئاراگوننىڭ نەۋايى ھەققىدىكى قاراشلىرى فرانسىيىدىكى نەۋايى تەتقىقاتىدا مەشھۇر ئەدىب ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاراگون ئۆزىنىڭ نەۋايى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا مەشھۇر رۇس شەرقشۇناسلىرى ـ ۋ. بارتولىد، ئې. بېرتېلس، ئا. بوروۋكوۋلارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا تايىنىدۇ. «نەۋايى ـ دەپ يازىدۇ ئاراگون، ـ سەئدى ۋە فەرىدىددىن ئەتتار شېئىرىيىتى، بولۇپمۇ 12 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان ئەزەربەيجان شائىرى نىزامىي ئىزىدىن بېرىپ، ئۇنىڭ «خەمسە» سىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋام ئەتتۈرگەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتۈش ئورۇنلۇقتۇر. نەۋايى ئۆزىنىڭ ‹پەرھاد ۋە شېرىن› داستانىنىڭ مەزمۇنىنى نىزامىينىڭ ‹خىسرەۋ ۋە شېرىن› داستانىنىڭ مەزمۇنىدىن ئالىدۇ، بىراق ئەدىب ئۇنى ئۆز ئانا تىلىدا، يەنى تۈركىي تىلىدا يازىدۇ. تۈركىي تىلىنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى نامايان قىلىدۇ».

«... نەۋايى جاھان شائىرلىرى قاتارىدا ئۆز غەزەللىرىنى بار ئاۋازى بىلەن ئوقۇماقتا. زامانىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرلىرى چىلىلىق نېرودا، پراگالىق نېزۋال، كۇبالىق گىلىن، ئىسپانىيىلىك ئالبېرتى، فىلادىلفىيىلىك لوڭفېللو، ۋەتىنىدىن قوغلانغان نازىم ھېكمەت ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. نەۋايى ئەدەبىي مىراسى ئەسىرلەردىن بېرى خەلق قەلبىدە ياشاپ كەلدى ۋە ياشىماقتا.»⑥

1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى فرانسىيىدە نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 550 يىللىق تەنتەنىسى مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس نەۋايى ئەسەرلىرىدىن تەركىب تاپقان «غەزەللەر ۋە باشقا شېئىرلار» ناملىق كىتاب ئەسلى نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ۋە فرانسۇزچە تەرجىمىسى بىلەن بىرلىكتە نەشر قىلىنغان.

## 4

ھىرات ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرى. ئۇ بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايىغا ئانا شەھەر بولۇش شەرىپى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلمەكتە. نەۋايىنىڭ نامى يەتكەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ شەھەرنىڭ نامى بار. نەۋايىنى تىلغا ئالغان ھەرقانداق ئادەم ھىراتنى تىلغا ئالماي قالمايدۇ. نامى بىر شەخسنىڭ نامى بىلەن بىرىكىپ دۇنيادا شۆھرەت قازانغان بۇنداق شەھەرلەر تارىختا كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

ھىراتنىڭ شەھەرلىك نۇقتىسىدىن گۈللىنىشى ۋە نەۋايى ياشىغان 15 ـ ئەسىردە شەرقتىكى مەشھۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىشىدا نەۋايى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا خۇراسان تەختىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى بولغان شائىر نەۋايىنى دەسلەپ مۆھۈردارلىق كېيىن ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھۈسەيىن بايقارانىڭ نەۋايىنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىشى بۇ ئىككىيلەننىڭ يېقىن بولغانلىقىدىن باشقا، نەۋايىنىڭ تەدبىرلىك، زېرەك، دانىشمەن بولغانلىقى، جەمئىيەتتە ئۆزىگە خاس ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت ئىشلىرىدا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ مەقسەت قىلغان.

نەۋايى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، بولۇپمۇ پايتەخت ھىراتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئۆزى باش بولۇپ بىرنەچچە خانىقا، مەدرىسە، شىپاخا، رابات، كىتابخانىلارنى قۇردى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارنى ھىراتقا توپلاپ،

ھەرقايسى ئىلىم تۈرلىرى بويىچە ئۇلارغا زامانىسىغا نىسبەتەن ئەڭ ئەۋزەل ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات شارائىتى ھازىرلاپ بەردى.

نەۋايىنىڭ ۋاپاتى (1501 - يىلى) دىن كېيىن ھىرات شەھىرىنىڭ گۈللىنىش مۇساپىسى ئۇزۇنغا بارمىدى. ھەر خىل ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن ھىرات ھەر تەرەپلىمە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 18 - ئەسىرگە كەلگەندە ھىرات ئافغانلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئافغانىستاندا ھەر خىل ئۇرۇشلار ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئەنە شۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە ھىرات شەھىرىنىڭ نەۋايى دەۋرىدىن قالغان تارىخىي ئابىدىلىرى - نەۋايى بىۋاستە قول سېلىپ بىنا قىلدۇرغان ھەشەمەتلىك ئەسلىھەلەر - مەسچىت، مەدرىسە، خانىقا، سارايلار، ھەتتا نەۋايىنىڭ قەبرىسىمۇ دەھشەتلىك توپقا تۇتۇشلار نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان. نەۋايىنىڭ ھىرات شەھىرىدىكى كېيىنكى قەبرىسىنى، ئۆزبېك شائىرى غاپۇر غۇلامنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا 1947 - يىلى ھىراتلىق سودىگەر غۇلام ھەيدەر مۇختەرزادە دېگەن كىشى ئەسلىدىكى ئورنىغا قوپۇرۇپ قويغانىكەن.

خوش، نەۋايىنىڭ خاكى تەۋە بولغان ئافغانىستاندا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرى زادى قانچىلىك؟

مەن بۇ يەردە ئۆزۈم ئېرىشكەن بىر قىسىم ماتېرىياللار ئاساسىدا بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئافغانىستاندا نەۋايى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر 40 - يىللاردا باشلانغانلىقى مەلۇم. 1945 - يىلى ئافغانىستاندا چىقىدىغان «ئارىيانە» ژۇرنىلىدا مەخسۇس نەۋايىغا بېغىشلانغان ماقالە ئېلان قىلىنغان. 1946 - يىلى بۇلغار شەرقشۇناسى د. پېتروسكوپېرروۋنىڭ «بۈيۈك كلاسسىك شائىر مىر ئەلىشىر نەۋايى» ناملىق ماقالىسىنىڭ تەرجىمىسى ۋە 1961 - يىلى ئابدۇرۇسۇل رەھىمىنىڭ «نەۋايى خۇراساننىڭ تۈركىي نەسەپ پەرزەنتى» ناملىق ماقالىسى شۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان.

1967 - يىلى ئەدەبىياتشۇناس مۇھەممەد ياقۇپ ۋاھىدىينىڭ يېتەكچىلىكىدە ئافغانىستان تەتقىقاتچىلىرىنىڭ نەۋايى ھەققىدىكى ماقالىلىرى كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردە نەۋايىنىڭ تەرجىمىھالى، «خەمسە» ۋە نەۋايىنىڭ بىر قىسىم نەسرىي ئەسەرلىرى ھەققىدىكى كۆز قاراشلار بايان قىلىنغان.

1972 - يىلى رۇس شەرقشۇناسى، ئاكادېمىك بارتولدنىڭ «مىر ئەلىشىر نەۋايى ۋە سىياسىي ھايات» ناملىق ئەسىرى پروفېسسور مىر ھۇسەيىنشاھ تەرىپىدىن دارىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. 1981 - يىلى بۇ تەرجىمە شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت ۋەزىرى ئابدۇمەجىد سەربەلەندنىڭ كىرىش سۆزى بىلەن قايتا نەشر قىلىنغان.

كېيىنكى يىللاردا ئافغانىستاندا نەۋايى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە تەرغىبات ئىشلىرىنىڭ دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيگەن. مەسىلەن، ھافىزىينىڭ «ئەمىر ئەلىشىر نەۋايى مەردى ئەدىب، شېئىر، سىياسەت، ئىدارە ۋە ئەمران دەر تارىخى كىشۋەرى ما» («ئەلىشىر نەۋايى دۆلىتىمىز تارىخىدىكى بۈيۈك ئەدىب، سىياسىيون ۋە جامائەت ئەربابى»)، پەرۋىن سىنانىڭ «مەردى بۇزۇرگ» («بۈيۈك ئەرباب»)، مۇھەممەد ئەمىن مەتىنىنىڭ «مەزمۇنى رەڭگىن» («گۈزەل مەزمۇن»)، مۇھەممەد ئاسەف فىكرەتنىڭ «فوشۇدەئى ئەھۋالى ئەمىر ئەلىشىر نەۋايى» («ئەلىشىر نەۋايىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى») قاتارلىق ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

1981 - يىلى ئافغانىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە كابۇل دارۇلفۇنۇنى «نەۋايى ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىشتىكى ئون يىللىق پىلان»نى تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر يىلى نەۋايى تەۋەللۇت بولغان ۋە ۋاپات بولغان كۈنلەردە مەخسۇس ئىلمىي يىغىنلار ئۆتكۈزۈلگەن.

1981 - يىلى فېۋرالدا «ئانس» گېزىتىدە شەمسىددىن زەرىف سىددىقىينىڭ «نەقشى ئەمىر ئەلىشىر نەۋايى دەرفولكلور» («ئەمىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ فولكلوردىكى ئورنى») ناملىق زور ھەجىملىك ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

1990 - يىلى تەتقىقاتچى غاپپار بايانىينىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئافغانىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى نەۋايىنىڭ «خەمسە»سىنى نەشر قىلغان «پەرھەنگى ئەمىر ئەلىشىر

نەۋايى» («ئەلىشىر نەۋايى مەدەنىيەت جەمئىيىتى») تەرىپىدىن تەنقىقاتچى ھەلىم يارقىن بىلەن شەفىقە يارقىننىڭ «سىيمائى ئەلىشىر نەۋايى» («ئەلىشىر نەۋايى ئوبرازى») كىتابى بېسىلغان.

1991 - يىلى ئافغانىستاندا نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 550 يىللىقى زور تەنتەنە بىلەن خاتىرىلەنگەن. 1991 - يىلى 9 ـ 10 - فېۋرال كۈنلىرى كابۇل شەھىرىدە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن. يىغىندا ئافغانىستان ۋە چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ نەۋايى ھەققىدىكى يېڭى تەتقىقاتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئافغانىستاندا چىقىدىغان «ھىۋاد» («ۋەتەن») گېزىتىنىڭ 1991 - يىللىق 17 - يانۋار سانىدا «ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 550 يىللىقىنى ئىززەتلەش» سەھىپىسى ئاستىدا ئافغانىستان ئالىي سوتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «بۈيۈك ئالىم ئەبۇرەيھان بېرۇنىي»، «ئىككىنچى مۇئەللىم ئەبۇناسىر فارابى»، «تېۋىپ ۋە پەيلاسوپ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا» قاتارلىق ئىلمىي، تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، ئافغانىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەسىس قىلغان «نەۋايى مۇكاپاتى» نىڭ ساھىبى، شائىر ئابدۇلھەكىم شەرئى جوزجانىنىڭ «ئەلىشىر نەۋايى - يېڭى ئەدەبىي مەكتەپنىڭ ئاساسچىسى» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

«ھىۋاد» گېزىتىنىڭ 1991 - يىللىق 9 - فېۋرال سانىغا ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچى ھەلىم يارقىننىڭ «نەۋايى ـ فەرزانە سۇخەنۋەر ۋە ئىنساندوستى بۇزۇرگ» («نەۋايى دانىشمەن شائىر ۋە ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر») ناملىق ماقالىسى بېسىلغان. گېزىتتە يەنە غاپپار بايانىينىڭ، نەۋايىنىڭ شەيخزادە مەھمۇد مۇزەھىب تەرىپىدىن سىزىلغان رەسىمى ھەققىدىكى ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 550 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان كۈنلەردە ئافغانىستاندا چىقىدىغان «پەيام»، «ئانس» گېزىتلىرى ئافغانىستاننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پرېزىدېنتى نەجىبۇللا ۋە باش مىنىستىر فەزلۇللاھ خالىقيارنىڭ نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 550 يىللىقىنى تەبرىكلەپ بۇ قېتىمقى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا يوللىغان خېتىنى ئېلان قىلغان.

نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 550 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان كۈنلەردە، ئافغانىستاننىڭ تاشكەنتتىكى باش كونسۇلىنىڭ كاتىپى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇھەممەد زاھىر مەلىكبابا ئەپەندى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە «نىزامىددىن مىر ئەلىشىر جانابلىرى دەرھەقىقەت شېئىرىيەت ۋە كۆڭۈل مۈلكىنىڭ سۇلتانى، پاساھەت، مۇرۇۋۋەت ۋە پۇتۇۋەتتە تەڭدىشى يوق، لاتاپەتلىك بىر كىشى ئىدىلەر، ئافغان ئېلى تارىخىدا ئۇ زاتنىڭ خىزمەتلىرى ناھايىتى زوردۇر. بىزنىڭ كىشىلىرىمىز نەۋايى ھەققىدە سۆز بولغاندا دائىم قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرىدۇ. . . ئۇ زات ئىران، ئىراق، شام، تۈركىيە، ماراكەشتە، ھەتتا ئامېرىكا، ياپون ئېلىدا ھەم مەشھۇر. ئۇنىڭ گۈزەل مىراسى بارلىق مەملىكەتلەردە ئۆگىنىلمەكتە»⑦ دەيدۇ.

مۇھەممەد زاھىر مەلىكبابا ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزلىرى بىزگە ئافغانىستان خەلقىنىڭ نەۋايى ھەققىدىكى ئورتاق چۈشەنچىلىرىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

## 5

20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى بىر قىسىم ئەللەردە نەۋايى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرى بىرقەدەر مۇنتىزىم ھالدا يولغا قويۇلۇپ، ھازىرقى زامان نەۋايىشۇناسلىق پېنىگە ئاساس ھازىرلاندى. 1926 - يىلى باكۇدا «نەۋايى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. 1928 - يىلى لېنىنگرادتا «مىر ئەلىشىر» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. بۇ توپلامغا بارتولىد، بېرتېلىس قاتارلىق مەشھۇر رۇس شەرقشۇناسلىرىنىڭ ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

30 ـ 40 - يىللاردا نەۋايىغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىي، ئىلمىي ۋە نەشرىي ئىشلارنىڭ دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيدى. 1941 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئەلىشىر نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 500 يىللىقىنى خاتىرىلەش توغرىسىدا قارار قوبۇل قىلدى. ئەمما 2 - دۇنيا

ئۇرۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ پائالىيەت كېچىكتۈرۈلۈپ 1948 - يىلى ئۆتكۈزۈلدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نەۋايى تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، نەۋايىنى نوقۇل ھالدا ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشتىن ھالقىپ، ئۇنى سىياسىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى ۋە مەدەنىيەت نۇقتىلىرىدىن تەتقىق قىلىشقا ئۆتۈپ، ھازىرقى زامان نەۋايىشۇناسلىقى مۇكەممەل بىر پەن بولۇپ شەكىللەندى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەخسۇس نەۋايى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم نەۋايىشۇناس ئالىملار يېتىشىپ چىقتى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە، نەۋايى ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدىمۇ ناھايىتى جەلپكار بىر تېما بولۇپ قالدى. نەۋايىغا بېغىشلاپ رومان، پوۋېست، سەھنە ئەسەرلىرى يېزىلدى. كىنو ۋە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ئىشلەندى. نەۋايى ئەسەرلىرى ئاساسىدا «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» مۇزىكىلىق دراممىسى، «دىلئارام» ئوپېراسى، «مېھىر ۋە سۇھەيىل» بالېتى سەھنىلەشتۈرۈلدى. مەخسۇس «نەۋايى لۇغىتى» تۈزۈلدى. بىر قىسىم كوچا، تىياتىرخانا، كۇتۇپخانا ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارغا نەۋايى نامى بېرىلدى. نەۋايى نامىدا ئەدەبىيات مۇزېيى تەشكىل قىلىندى. رۇس تىلىدا 10 توملۇق نەۋايى ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. بۇ ئىشلارنىڭ كۆپ قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش رېسپوبلىكىسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

1968 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا يەنە نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 525 يىللىقى خاتىرىلەندى. دۇنيا تىنچلىق كېڭىشى بۇ پائالىيەتكە تەبرىك تېلېگراممىسى يوللاپ ئەلشىر نەۋايىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى.

1991 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 550 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن نەۋايى يىلى دەپ بەلگىلەندى ۋە مەخسۇس نەۋايىنىڭ 550 يىللىقىنى تەبرىكلەش كومىسسىيىسى تۈزۈلدى. بۇ كومىسسىيە سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مىقياسىدىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئالىم، يازغۇچى، شائىر ۋە جامائەت ئەربابلىرىدىن تەشكىل قىلىندى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋ. كارپوف، ئىسلام كەرىموف، ئادىل ياقۇپوف، چىڭغىز ئايتماتوف، بونداريېف، ۋازنېسېنسكىي، رەسۇل ھەمزەتوف، يېۋتوشېنكو، ر. ف. كازاكوۋا، مۇستاي كەرىم، ئېدۇۋارداس مېجىلاي- تىس، ئولجاس سۇلايمانوف قاتارلىقلار بار. ئۆزبېكىستاندا نەۋايى نامىدا خەلقئارالىق مۇكاپات تەسىس قىلىندى. شائىرغا بېغىشلاپ مەخسۇس بايرام ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

نەۋايىنىڭ 550 يىللىق خاتىرىسىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىمۇ ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئامېرىكا، پاكىستان، تۈركىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، ئافغانىستان، مالايشىيا قاتارلىق دۆلەتلەردە نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلدى ياكى نەۋايى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

## 6

تارىختا ئەجدادلىرىمىز ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدىكى زۆرۈر ئوقۇشلۇق سۈپىتىدە قوللانغان، ئۇنى قولمۇقول كۆچۈرۈپ ھەر بىر ئائىلىدە دېگۈدەك دەستۇر سۈپىتىدە ساقلىغان. مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن كىشىلەرنىڭ نەۋايى ئەسەرلىرىنى چۈشىنىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بىر قىسىم مۇرەككەپ، پەلسەپىۋىلىكى چوڭقۇر ئەسەرلەرگە شەرھلەر يېزىلغان. ھەتتا بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر ئەل سورىغۇچىلارنىڭ مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تولۇق شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى بىلەن نەۋايىنىڭ بەزى مۇھىم ئەسەرلىرى ئاممىباب ئۇسۇلدا نەسرلەشتۈرۈلۈپ قايتا تۈزۈلگەن. بىر قىسىم خەتتاتلار مۇتلەق خالىس (يەنى قەلەم ھەققى ياكى

باشقا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەمەلەردىن خالىي) ئېتىقاد بىلەن بىر ئۆمۈر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان.

يېقىنقى زامانغا نىسبەتەن نەۋايى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشر قىلىش، ئۇنىڭدىن دەۋرىمىز كىشىلىرىنى بەھرىمەن قىلدۇرۇش ئىشلىرىنى 80 - يىللاردىن باشلاندى دېسەك، ئانچە خاتا بولمايدۇ. گەرچە بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ نەۋايى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشلىرى قولغا ئېلىنىپ بەزى نەتىجىلەر يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇنتىزىم داۋاملىشالمىدى. 80 - يىللارغا كەلگەندىلا بۇ ئىش رەسمىي قولغا ئېلىنىپ، بىر تۈركۈم پېشقەدەم ۋە ياش مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە خېلى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە نەۋايىنىڭ تاللانغان «غەزەللىرى»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە) «مەجالسۇن نەفائىس» (گۈزەل مەجلىسلەر)، نەۋايى ئىجادىيىتىنىڭ چوققىسى ھېسابلانغان «خەمسە» تەركىبىدىكى بەش داستان ئايرىم - ئايرىم كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى. «بۇلاق» ژۇرنىلىدا «لىسانۇت تەير» (قۇش تىلى) داستانى، «ۋەقفنامە» رىسالىسى ۋە باشقا بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. بۇلار گەرچە نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئازغىنا بىر قىسمى بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي ئەھمىيەتلىك بىر بۇرۇلۇشنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە كىشىنى شادلاندۇرىدۇ ۋە ئۈمىدلەندۈرىدۇ. ئەمما بىزدە نەۋايى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلمىي باھا بېرىش ئىشلىرى تېخى مۇكەممەل بىر ئىزغا چۈشكىنى يوق. شۇ سەۋەبتىن نەۋايى ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش ئىشلىرىدا بەزى مەسىلىلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ مەسىلىلەر بىر تەرەپتىن بىزنىڭ كلاسسىك مىراسلارنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش جەھەتتىكى سەۋىيىمىزنىڭ يۇزەكىلىكىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەتبۇئات، نەشرىياتچىلىق مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. شائىرنىڭ تەخەللۇسىنى قانداق يېزىش مەسىلىسى ئەنە شۇ مەسىلىلەر ئىچىدىكى قارىماققا ئاددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

مەتبۇئاتچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەسىلىلەرنىڭ ئىلمىيلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. شۇ نۇقتىدىن شائىرنىڭ تەخەللۇسىنى توغرا يېزىش ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش ھازىرقى دەۋرىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مۇھىم.

ھازىرغىچە مەتبۇئاتلىرىمىزدا شائىرنىڭ تەخەللۇسى ھەر خىل شەكىللەردە يېزىلىپ كەلدى. مەن بۇ يەردە مىسال تەرىقىسىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇشنى لايىق كۆردۈم.

1. ئەلىشىر نەۋايى «غەزەللەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2. ئەلىشىر نەۋايى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» مىللەتلەر نەشرىياتى

3. ئەلىشىر نەۋايى «خەمسە» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

4. ئەلىشىر نەۋايى «مەجالسۇن نەفائىس» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇنداقتا شائىرنىڭ تەخەللۇسىنى قانداق يېزىش كېرەك؟

تەخەللۇسنىڭ ئۆزۈكى پارسچە «نەۋا» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۈن، ئاۋاز، سادا، كۈي، مۇڭلۇق ئۈن، بايلىق، لەززەت، نېسىۋە دېگەندەك كۆپ خىل قاتلاملارغا ئىگە. چاغاتاي تىلى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، چاغاتاي تىلىدىكى ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەردە ئۈزۈك تاۋۇشلارغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان «ئە» تاۋۇشى ئايرىم ھەرپ بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇ ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىنىڭ ئۈستىگە زەبەر «ــَ» بەلگىسىنى قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. نەۋا سۆزىمۇ مۇشۇ كاتېگورىيىگە مەنسۇپ بولۇپ، يېزىقتا «ن» ھەرپىنىڭ ئۈستىگە زەبەر بەلگىسىنى قويۇش ئارقىلىق يېزىلىپ تەلەپپۇز ۋە

ترانسكرىپسىيىدە نەۋا دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەب، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئەگەر ئىسىم بولۇپ كەلسە شۇ پېتى ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ ۋە قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەخەللۇسنىڭ ئۆزۈكى نەۋا شەكلىدە يېزىلسا مۇۋاپىق يېزىلغان بولىدۇ.

تەخەللۇسنىڭ قوشۇمچىسى ھەققىدىكى قاراشلار ھەر خىل بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىرغىچە ھەرخىل شەكىلدە قوللىنىپ كېلىنمەكتە. شائىرنىڭ ئەسەرلىرى بىرقەدەر تولۇق نەشر قىلىنغان ۋە خېلى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنغان ئۆزبېكىستاندا تەخەللۇس Навоий ـ نەۋايى دەپ مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، قوشۇمچىسى ئي شەكلىدە ئېلىنماقتا. تۈركچىدە تەخەللۇس Nevâi ـ نەۋائى دەپ يېزىلىپ قوشۇمچىسى ئى شەكلىدە ئېلىنماقتا. بىزدە تەخەللۇسنىڭ قوشۇمچىسى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاساسەن ئى شەكلىدە ئېلىنىشقا قاراپ مەركەزلەشمەكتە. ئەمما مەن شائىرنىڭ تەخەللۇسنى يى قوشۇمچىسى بىلەن نەۋايى شەكلىدە ئېلىشنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن. بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرىم مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. شائىرنىڭ تەخەللۇسى ئۆزۈندىن بېرى خەلقىمىز ئارىسىدا ناۋايى شەكلىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن. سۆزنىڭ تۈپلىكى نۇقتىسىدىن بىرىنچى بوغۇمدىكى ئانى ئە ئالساقمۇ تەخەللۇسنىڭ قوشۇمچىسىنى يى پېتى قوللىنىۋەرسەك ئاساسي نۇقتىدىن ئانچە يىراقلاپ كەتكەن بولمايمىز.

2. تەخەللۇسنى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئۇدا كەلگەن قاتتىق تەلەپپۇزلۇق ئى قوشۇمچىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى يۇمشاق تەلەپپۇزلۇق يى قوشۇمچىسى بىلەن ئالساق بىرقەدەر يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ.

3. چاغاتاي تىلى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا «ئەگەر ئېنىقلانغۇچى ئىسىم ‹ئا›، ‹ئە›، ‹ئى› سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، ئۇنىڭغا ‹يى› ياكى ‹ئى› قوشۇلىدۇ»⑧ كەن. دېمەك، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئېنىقلانغۇچى ئىسىمغا «يى» قوشۇمچىسىنى قوشساقمۇ خاتا بولمايدۇ.

4. شائىرنىڭ دوستى، تالانتلىق شائىر سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ «كەلگۈسى» رادىپلىق غەزىلىنىڭ قاپىيىسى «دىلرەبايىڭ»، «فەزايىڭ»، «ھۇمايىڭ»؛ «ئايىدىڭ»، «رەھنەمايىڭ» شەكلىدە داۋاملىشىپ كېلىپ:

ئەي ھۈسەينىي قىلماغىل ئىشرەت نەۋاسىنكىم، بۇ كۈن،
كىم گۈلۈستانى نىشاتىڭدا نەۋايىڭ
كەلگۈسى.

دەپ ئاخىرلاشقان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ يەردە تەخەللۇسنىڭ قوشۇمچىسى «ئى» شەكلىدە ئېلىنسا غەزەلنىڭ قاپىيىسى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلىدۇ (ئەپسۇسكى، بۇ غەزەل بىزدە دەل قاپىيىسى بۇزۇلغان ھالدا ئېلان قىلىندى). مەن يۇقىرىدىكى تەخەللۇس ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى مۇتلەق ئاساسقا ئىگە دېيەلمەيمەن، ئەمما شائىرنىڭ تەخەللۇسنى ھەركىم خالىغانچە يېزىۋېرىدىغان قالايمىقانچىلىقلارغا ئەمدى چوقۇم بەرھەم بېرىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئويلىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.


**ئىزاھ ۋە پايدىلانغان مەنبەلەر:**

① ھېرمان ۋامبېرى «بۇخارا ياكى ماۋارا ئۇننەھىر تارىخى»، «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىل 5 ـ سان.

②③ «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتىنىڭ 1991 ـ يىل 4 ـ ئۆكتەبىر سانى.

④⑤ «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتى 1991 ـ يىل 27 ـ سېنتەبىر سانى.

⑥ يۇقىرىقى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

⑦ «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 5 ـ سان.

⑧ خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرۇپ پولات «چاغاتاي تىلى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى.

«ياش لېنىنچى» گېزىتى 1991 ـ يىل 27 ـ سېنتەبىر سانى.

«ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» گېزىتى 1992 ـ يىل 17 ـ ئىيۇل سانى.

يۇقىرىقى گېزىت 1991 ـ يىل 26 ـ ئىيۇل سانى.

يۇقىرىقى گېزىت 1991 ـ يىل 8 ـ فېۋرال سانى.

يۇقىرىقى گېزىت 1990 ـ يىل 9 ـ نويابىر سانى.

يۇقىرىقى گېزىت 1991 ـ يىل 18 ـ يانۋار سانى.

«شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىل 11 ـ سان.

ن. مەللەيېف، غ. كەرىموف ۋە س. ئىسمەتوفلار تۈزگەن «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» (دەرسلىك).

# چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن

تۈركچىدىن ۋەلى كېرىم تەرجىمىسى

هېرمان هېسسى (گېرمانىيە)

## قىرىق بىر شاخنىڭ شىلدىرلىشى

قىرىلماقتا شاخلار كېسىلىپ،
ئەسلى ئۇ ياشىغان يىللاردىن بېرى،
ئېيتار ناخشىسىنى قۇرۇق شېخىدا،
ياپراقسىز، قوۋزاقسىز،
سۇلغۇندۇر كۆپ ياشىغاچقا،
كۆپ ئۆلگەچكە هارغىن.
شۇنچە قوپال ئۇنىڭ ناخشىسى
ئۇنى كاجدۇر، ئۇنى قايغۇلۇق
هەتتا شۇ يازدىن، هەتتا شۇ قىشتىن.

## شائىر

يالغۇزلا مەن يالغۇزغا
كۆرۈنەر سانسىز يۇلتۇزلىرى كېچىنىڭ،
شىلدىرلار ناخشا ئېيتىپ تاش بۇلاق،
يالغۇزلا ماڭا، مەن يالغۇزغا
چۇشەر رەڭلىك كۆلەڭگىلىرى
سەرسان بۇلۇتلارنىڭ چۇش كەبى ئوتلاقلىرىغا.
نە ئۆي بېرىلگەندۇر ماڭا، نە ئېتىز،
نە ئورمان، نە ئوۋ، نە ئىش،
مەندە بولغان يالغۇزلۇق، هېچكىمدە بولماس.
مېنىڭدۇر ئورماننىڭ چۇمبىلى ئارقىسىدا تۆكۈلگەن
ياپراق،
مېنىڭدۇر قورقۇنچلۇق دېڭىز،
مېنىڭدۇر ئويۇنچى بالىلارنىڭ قانات قېقىشلىرى،
يالغۇز ئاشىقلارنىڭ كەچكى كۈيى ۋە كۆز يېشى
مېنىڭدۇر تەڭرىنىڭ ئىبادەتخانىسى،
كەچمىشىمنىڭ ئەزىز ئورمىنى مېنىڭ.
كېلەچەكنىڭ نۇرلۇق كۆك قۇببىسىمۇ
ياسىداق بىر ئۇۋامدۇر مېنىڭ؛
سېغىنچىم ئۇچار روهىم يۈكسەكلىكىدە؛
قۇتلۇق ئادەملىكنىڭ كېلەچىكىنى كۆرمەكچۇن،
ئۆرلىتىپ سۆيگۈنى، قانۇننى پەللىمۇ پەللە
يېڭىدىن ئۆزگىرىش ياسىماقچىكەن:
دېهقان، كاسىپ، ئىشچان دېڭىزچى،
چوپان ۋە باغۋەن هەممىسى
قۇتلايدۇ شۇكرى ئېيتىپ كېلەچەكنىڭ زىياپىتىنى.
پەقەت بىرلا شائىر يوق ئۇندا
ئۇ، يالغۇز قالمايدىغان ئەلچى،
كېلەچەكنىڭ، دۇنيا پاراغىتىنىڭ
چىرىيدۇ ئوشۇقى
گۇلچەمبىرەكلەر مازىرىدا،
تاشلىنىپ قالغاندۇر ئەمما ئانىسى.

## بارلىق ئۆلۈملەر

بارلىق ئۆلۈملەردە ئۆلدۈم مەن،
بارلىق ئۆلۈملەردە ئۆلەرمەن يەنە،
ئۆلەرمەن ياغاچ ئۆلۈمىنى دەرەختە،
ئۆلەرمەن قىيا ئۆلۈمىنى تاغدا،
توپا ئۆلۈمىنى قۇمدا
ياپراق ئۆلۈمىنى شىپىرلىغان ياز ئوتلىرىدا
يوقسۇل ئۆلۈمىنى ئادەمدە.

چېچەك بولۇپ تۇغۇلارمەن يېڭىدىن،
دەرەخ ۋە چىم بولۇپ تۇغۇلارمەن يېڭىدىن،
بېلىق ۋە كېيىك، قۇش ۋە كېپىنەك.
هەر پىچىمدىن چىقسامىلا
سېغىنىش ئالار مېنى قوينىغا
ئەڭ ئاخىرقى ئاچچىقىدا،

ئادەم ئاچچىقى تازا تۇتقاندا.
ئەي تىترىشىدە كىبرىلگەن ئوقيا،
گەر خالىسا تۇگىلەر مۇشتۇم
ھاياتىمنىڭ ئىككى ئۇچىنى
قارشى قويماقلار ئۆزئارا!!

بىر قېتىم ۋە كۆپ قېتىم
ئۇۋۇلارسەن مېنى ئۆلۈمدىن تۇغۇمغا قەدەر
شەكىللەرنىڭ ئاچچىق يولىدا
شەكىللەرنىڭ مۆجىزە يولىدا.

# ئايرىلىش

**بەھچەت نەجاتىگىل (تۈركىيە)**

كارۋانلار قوزغالدى كەتتى
يۇسۇپ قۇدۇق بۇرجىكىدە
ئۇخلىدى، ئويغاندى، ئاھ چەكتى،
يۇسۇپ قۇدۇق باغچىسىدا
شاخقا تاياندى، ئاھ چەكتى،
كارۋانلار قوزغالدى كەتتى.

ھەسرەت تۈگەر قاچاندا
ئوغلان لەڭگەر ياتىقىدا
ئولتۇرار، تۇرار يىغلار،
قىز ئانىسى يېنىدا
ئەينەككە باقار، يىغلار
ھەسرەت تۈگەر قاچاندا.

# باغچىدا

**فرەنك يېگېر (دانىيە)**

چېچەككە بوغۇلغان ئاغرىقلار
تېشىپ ئۆتەر بارماقلىرىمنى
مەن تىكمەن يېڭى كۆچەتلەر
سىرلىق باغچامغا.

باغ تېمىنىڭ قارشىسىدىمەن
شاد كېچىنىڭ باغۋەنىدۇرمەن.
كۆكسۈمدە
يوغان بىر ئاق يوپۇرماق كەبى
يامغۇر ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

# مېھراپ ئالدىدا بىر كېلىن

**كارېن مارلى ئەدېلفىلت (دانىيە)**

مېھراپ ئالدىدا بىر كېلىن تۇرار
يۈزى نۇرلۇق
روھى چىگىش
بەختلىكتۇر ئەمما ئۇ
مۇدھىش خىيال قۇرۇتار ئۇنى
قوللىرىنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن

مۇسكۇلىغا يالقۇن بولىمىش بىر قان ئاقماقتا
نەقەدەر گۈزەلسەن. سەن مېنىڭ جېنىم
شاملاردا كۆيدۈم، ئامانىمەن يەنە
چېركاۋدا نۇر ئۆچەر، غەمكىندۇر ھەممە
مەن بارمەن ۋە يېڭىدىن سېنى
تىرىلدۈرەرمەن.



# ئىبن سىنانىڭ روھ ۋە بىلىش نەزەرىيىسى

جى خۇكېيو

ئۆمەرجان ھەسەن تەرجىمىسى

«روھ» كاتېگورىيىسى پۈتكۈل دۇنيانىڭ پەلسەپە تەرەققىياتى جەريانىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. ئوتتۇرا ئەسىردىن ئىلگىرىكى بىرەر پەيلاسوپنىڭ روھ ھەققىدىكى قاراشلىرىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى بىۋاسىتە بېكىتكىلى بولاتتى. نۇرغۇن پەيلاسوپلار روھ ھەققىدە مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازدى. مەسىلەن، ئارىستوتېل، فارابىلارنىڭ «روھ ھەققىدە» دېگەن ئەسەرلىرىگە ئوخشاش. مەزكۇر ماقالىدە ئىبن سىنا ئىسىملىك بىر پەيلاسوپنىڭ روھ ۋە بىلىش نەزەرىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىلىرى غەرب ئەللىرىدە زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ، دۇنيا پەلسەپە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما دۆلىتىمىزدە نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ.

## روھ ئۇقۇمى

ئوتتۇرا ئەسىردىن ئىلگىرىكى پەيلاسوپلار ئۆسۈملۈك، ھايۋانات، ئادەم قاتارلىق جانلىقلارنىڭ ھەممىسىدىلا روھ بولىدۇ دەپ قارىغان بولسىمۇ، بىراق روھ دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالغا نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار توغرا تەبىر بېرەلمىگەندى. ئىبن سىنا روھ ئۇقۇمىغا قارىتا ئېنىق قىلىپ مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «بەزىدە بىرەر شەكىللىك جىسىملارنى كۆرگەندە بىزدە شۇ جىسىمغا قارىتا تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئاشۇ تۇيغۇ ئىختىيارسىز تۈردە ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرغان بولىدۇ. يەنە بەزى جىسىملارنىڭ ئوزۇق ئېلىپ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى ھەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپىيىش تۈرىدىكى نەرسىلەرنى كۆرىمىز. ئۇلاردا شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر رول بولىدۇكى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز جىسمىغا تايانغانلىقىدىن ئەمەس. بۇ روللار ئۇلارنىڭ ماھىيىتىدە، ئۇلارنىڭ شەكلىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئاساسىي سۇبستانسىيىسىدە مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. مۇشۇنداق رول (بارلىق مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رولغا ئىگە ئاساسىي سۇبستانسىيىلىك نەرسىلەر، ئۇلاردىكى روللار بىردەك يېرىم ئىدارىگە بېقىنىدۇ) نى بىز روھ دەپ ئاتايمىز» (ئىبن سىنا: «روھىيەتنامە»، سودا نەشرىياتى 1963 - يىل نەشرى، 8 - بەت. تۆۋەندە مەزكۇر كىتابنىڭ بەت سانىلا ئەسكەرتىلىدۇ).

ئىبن سىنانىڭ قارىشىچە، روھ ئاۋۋال بىر خىل سۇبستانسىيىلىك نەرسە. ئۇ ئۆسۈملۈك،

ھايۋانات ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە كۆپىيىشىنى بەلگىلەيدۇ ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، روھ بىر خىل «نەتىجە». «دەل مۇشۇنداق نەتىجە بولغانلىقى ئۈچۈنلا جانلىقلار مەۋجۇت بولۇپ، ھايۋانات ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ئۆسۈملۈك بولالىغان» (12 - بەتكە قارالسۇن).

ۋەھالەنكى، روھ پەقەت بىر خىل نەتىجە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە بىر خىل «تۈنجى مۇۋەپپەقىيەتتۇر». «تۈنجى مۇۋەپپەقىيەت يەنە باشقا بىر خىل مۇۋەپپەقىيەت بولماستىن، بەلكى ماھىيەت جەھەتتىن پەقەت ئۆزىگىلا تەۋە بولغان مۇۋەپپەقىيەتتۇر. چۈنكى تۈنجى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆزىدىن بۆلەك ئاساسىي سۇبستانسىيىسى ۋە تۈنجى مۇۋەپپەقىيىتى بولمايدۇ» (19 - بەت). شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بىز دەۋاتقان «تۈنجى مۇۋەپپەقىيەت» ئارىستوتېلنىڭ «تۈنجى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى» سىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىبن سىنانىڭ قاتلاملىق ئەقلىي خۇلاسىگە ئەمەل قىلىشى بىر سەۋەب - نەتىجىنىڭ باغلىنىشىدىن بولغان. ئارىستوتېل ھەممە مەۋجۇداتلار ئارىسىدا چېپىپ يۈرۈپ بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچنى ئىزلىگەن بولسا، ئىبن سىنا ئالەم بوشلۇقىدا كېزىپ يۈرۈپ ھاياتلىقتىن سەۋەب - نەتىجە ئىزلىدى. بۇ سەۋەب - نەتىجە روھ ئىدى. ئارىستوتېلنىڭ تۈنجى ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى بىر تاشقى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بولۇپ، ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى تاشقى ئامىل نەزەرىيىلىرىگە ياتاتتى. ئىبن سىنا ئارىستوتېلنىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە بىۋاسىتە ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە روھنى ھاياتلىقنىڭ تۈنجى مۇۋەپپەقىيىتى قىلدى. ئۇنىڭ روھ ھەققىدىكى بايانلىرى بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولۇپ مۇتلەق توغرا ئىدى. ئۇ روھ بىلەن تەننىڭ ئايرىلمىلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ، روھنى بىر خىل ئاساسىي سۇبستانسىيىلىك جىسىم، روھ مۇستەقىل ھالدا تەننىڭ سىرتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇنداقتا روھ تەنگە قانداق قوشۇلىدۇ؟ ئىبن سىنا، روھ ئاۋۋال تەنگە ھاياتلىق ھەرىكىتىنىڭ تۈرلۈك زۆرۈر فۇنكسىيىلىرىنى ئاتا قىلىدۇ. ئاندىن روھ مۇشۇ خىلمۇ خىل فۇنكسىيىلەرنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ھاياتلىق پائالىيىتىگە ماسلىشىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا روھنىڭ تەنگە ئاتا قىلىدىغان فۇنكسىيىسى روھ بىلەن تەن ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. روھ ناھايىتى كۈچلۈك تەشەببۇسكارلىققا ئىگە. ئەلۋەتتە روھنىڭ تەشەببۇسكارلىقى قەدەممۇ قەدەم ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى «روھنىڭ مۇنداق ئۈچ خىل رولى بولىدۇ: (1) ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكتە ئايرىم - ئايرىم رولغا ئىگە. مەسىلەن، ئوزۇقلىنىش، ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە كۆپىيىش دېگەندەك؛ (2) ھەر خىل ھايۋانات، كۆپ قىسىم ھايۋانات ياكى چوڭ ھايۋاناتلارغا تەۋە رول بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭغا تۈيغۇ، تەسەۋۋۇر ۋە خالىغاندا ھەرىكەتلىنىشكە ئوخشاش ئۆسۈملۈك بېشارەتلىرى تەۋە ئەمەس؛ (3) ئادەملەردىكى ئالاھىدە رولى، مەسىلەن، شەرھلەشكە بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى شەرھلەش، تېخنىكا كەشپىياتلىرى، ئىشلەپ چىقىرىلغان نەرسىلەرگە بولغان تونۇش ھەمدە گۈزەللىك ۋە رەزىللىكلەرنى پەرقلەندۈرۈش» (39 -، 40 - بەتلەر). شۇڭا بىز تۆۋەندىكى بايانلىرىمىزنى ئۆسۈملۈك روھى، ھايۋانات روھى ۋە ئادەم روھىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەك بويىچە ماس ھالدا ئېلىپ بارىمىز.

## ئۆسۈملۈك روھى

مۇبادا بىز ئۆسۈملۈكنىڭ روھى ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ، دەپ قارىساق خاتالاشقان بولىمىز. ئىبن سىنا، ئۆسۈملۈك بىر ئومۇملاشقان ئۇقۇم، ئۇنىڭ تەنگە ئاتا قىلىدىغان فۇنكسىيىسى ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە ئادەملەر ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان بولىدۇ دەپ قارايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ خىل فۇنكسىيە «بىر خىل ئەزاغا ئىگە تەبىئىي تەننىڭ تۈنجى مۇۋەپپەقىيىتىدۇر. ئۇ بۇ خىل تەننىڭ پەيدا بولۇش، ئۆسۈش ۋە ئوزۇقلىنىشىغا قارىتىلغان» (41 - بەت). شۇڭا ئۆسۈملۈك روھىنىڭ تەنگە ئاتا قىلىدىغان فۇنكسىيىسى ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسى، ئۆسۈش فۇنكسىيىسى ۋە كۆپىيىش فۇنكسىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

ئىبن سىنا، جانلىقلار ئورگانىزمى بىلەن

تاشقى مۇھىتنىڭ پەرقى بولىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا «بۇ تەن» بىلەن «ئۇ تەن»نىڭ پەرقى بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسى سەۋەب بولغان ھەرىكەت جانلىقلارنىڭ ئورگانىزمى بىلەن تاشقى مۇھىتنىڭ ماددىي ۋە ئىقتىدارىنىڭ ئالماشتۇرۇلىشىدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئالماشتۇرۇش جەرياندا جانلىقلار ئورگانىزمى قوبۇل قىلىدىغىنى ئۆسۈپ يېتىلىشكە كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللاردۇر. چىقىرىپ تاشلايدىغىنى ئېھتىياجلىق بولمىغان كېرەكسىز نەرسىلەردۇر. شۇڭا ئىبن سىنا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسى ماددا ئالماشتۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، خوراپ بولغان نەرسىلەرنى ئالماشتۇرىدۇ. يېڭى ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ھەزىم قىلىدۇ» (53 ـ، 54 ـ بەتلەر) دەپ قارايدۇ. ئىبن سىنا ئىشلەتكەن بۇ سۆزلەر ھېلىھەم ئىستېمالدىن قالغىنى يوق. جانلىقلارنىڭ ئاساسىي شەكلى ھەققىدىكى قاراشتا ئۇ ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسىنىڭ رولى «ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش، بەدەن تەڭپۇڭلۇقىـنى ساقلىغان ياكى تەڭلۇڭلۇققا يېقىنلاشقان ھالەتتە ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىش، يەنى ئاشۇ خىل ماھىيەت بويىچە سىمىزلىك ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» دېمەكتۇر (55 ـ بەت). سىناپ بېقىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ تېنىمىز ھەقىقەتەن ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسى ئېھتىياجلىق بولغان «سىمىزلىك» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ تەرەققىي قىلىدىغان بولسا، ھەر بىرىمىز، ھەربىر ھايۋاناتتىن تارتىپ ئۆسۈملۈككىچە بولغان ھەر بىر جانلىقنىڭ ئوبرازى بىز بۈگۈن كۆرۈۋاتقان مۇشۇنداق ھالەتتە بولماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇنداقتا بىز نېمە ئۈچۈن سىمىزلىكتىن ئىبارەت بۇ پىشكەلچىلىكتىن قۇتۇلۇپ قالالىدۇق؟ بۇ جەھەتتە بىز ئۆسۈپ يېتىلىش فۇنكسىيىسىگە رەھمەت ئېيتمىساق بولمايدۇ.

«ئۆسۈپ يېتىلىش فۇنكسىيىسى بەدەنگە ئېھتىياجلىق بولغان بىرقىسىم ئوزۇقلارنى قوبۇل قىلىپ، يەنە بىرقىسمىنى تېخىمۇ ئۆسۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئۇ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسىنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرىدۇ» (54 ـ بەت). شۇڭا ئۆسۈپ يېتىلىش فۇنكسىيىسى ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئالىي دەرىجىلىك فۇنكسىيىدۇر. چۈنكى ئۇ تېخىمۇ نازۇك ئېھتىياج ئارقىلىق ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تېنىنى تېخىمۇ مۇكەممەل تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە، جانلىقلارنىڭ بىپايان ئالەمدە داۋاملىشىپ بېرىشى ئۈچۈن ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش فۇنكسىيىسى بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ھاياتلىق ئۈزلۈكسىز تۈردە داۋاملىشىپ بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىيىش فۇنكسىيىسى بولۇشى شەرت. كۆپىيىش فۇنكسىيىسى ئۆسۈپ يېتىلىش فۇنكسىيىسىدىنمۇ ئالىي بولغان فۇنكسىيىدۇر. چۈنكى ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسى شەخسلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆزدە تۇتىدۇ. كۆپىيىش فۇنكسىيىسى بولسا ئۈزۈلدۈرمەي داۋام قىلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. دېمەك، ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسى، ئۆسۈپ يېتىلىش فۇنكسىيىسى ۋە كۆپىيىش فۇنكسىيىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچىنىڭ رولى ئوخشىمايدۇ. «ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسىنىڭ مەقسىتى شەخسلەرنىڭ تېنىنى قوغداش، ئۆسۈپ يېتىلىش فۇنكسىيىسىنىڭ مەقسىتى شەخسلەرنىڭ تېنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كۆپىيىش فۇنكسىيىسىنىڭ مەقسىتى ‹تەۋەلىك›نى ساقلاش. چۈنكى نەسىل قالدۇرۇش ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغان ئىشتۇر» (56 ـ بەت). بىراق بۇ ئۈچ خىل فۇنكسىيە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئۇلار بىردەك جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى بەلگىلەيدۇ. جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلىش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

## ھايۋانات روھى

ئىبن سىنا، ھايۋانلار ئىككى خىل تۈيغۇغا ئىگە بولىدۇ، بىرى، زاھىرەن (تاشقى) تۈيغۇ؛ يەنە بىرى، باتىنەن (ئىچكى) تۈيغۇدىن ئىبارەت

دەپ قارايدۇ. ئۇ دەۋاتقان زاھىرەن تۇيغۇنى يەنە مۇنداق بەش بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ: ئۇ ھازىر بىز سۆزلەپ يۈرگەن تۇيغۇ، يەنى كۆرۈش تۇيغۇسى، ئاڭلاش تۇيغۇسى، پۇراش تۇيغۇسى، تەم تۇيغۇسى ۋە تېگىش تۇيغۇسىدىن ئىبارەت.

ئىبن سىنا تۇيغۇ ھەققىدىكى تەتقىقاتنى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە قىلغان. ئۇ تۇيغۇنى پەيدا قىلىدىغان مۇنداق ئىككى ئامىلنى چىڭ تۇتقان: بىرى، سىرتقى جىسىملارنىڭ تەسىرى، مەسىلەن، كۆرۈش سېزىمىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا نۇر، ئاڭلاش سېزىمىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تەۋرىنىۋاتقان ھاۋا قاتارلىقلار. يەنە بىرى سەزگۈ ئەزالىرى، مەسىلەن، كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل قاتارلىقلار. مەيلى ئوبيېكتىپ غىدىقلىغۇچى ماددا بولسۇن ياكى سۇبيېكتىپ سەزگۈ ئەزالار بولسۇن، ھەممىسى ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇشى سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكتنىڭ ئۆز ئارا رولىنىڭ نەتىجىسىدۇر. تۇيغۇ (سەزگۈ) نەزەرىيىسىدە ئىبن سىنا قىل سىغمايدىغان ماتېرىيالىزمچىدۇر. بۇ ئىبن سىنانى تەبىئىي پەن ئالىملىق سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ تەبىئىي پەن ئالىملىرىغا خاس نەزەرىيىسى ئۇنىڭ پەلسەپىدىكى ماتېرىيالىزملىق خاھىشىنى بەلگىلىگەن.

مۇبادا تۇيغۇنى تاشقى ئەزالار بىلەن بىلىشنىڭ بىۋاستە ئۇچرىشىشىنىڭ مەھسۇلى دېسەك، ئۇ ھالدا ئىچكى ئەزالارنىڭ ۋەزىپىسى تۇيغۇ خاراكتېرىدىكى ماتېرىياللارنى يەنىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىبن سىنا ئوتتۇرىغا قويغان ئىچكى ئەزالار ئاساسلىقى تۇيغۇنىڭ ئۆتۈشۈش فۇنكسىيىسى، پىششىپ يېتىلىش فۇنكسىيىسى، باھا بېرىش فۇنكسىيىسى، ئەستە قالدۇرۇش فۇنكسىيىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

تۇيغۇنىڭ ئۆتۈشۈشى ئەمەلىيەتتە ھەر خىل تاشقى سەزگۈنىڭ يىغىنچاقلىنىشى بولۇپ، ئۇ بىر خىل «بىرلىككە كەلگەن فۇنكسىيىدۇر». ئۇنىڭ رولى كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى، تەم سەزگۈسى، پۇراش سەزگۈسى ۋە تېگىش سەزگۈسىدىن ئىبارەت بەش خىل سىرتقى ئەزادىن كەلگەن تۇيغۇنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ سىرتقى ئالاھىدىلىكىنىڭ بىر پۈتۈن تەسىرىدىن شەكىللىنىدۇ. شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، تۇيغۇنىڭ ئۆتۈشۈشى بىر ئەمدىلەتىن چۈشىنىپ يېتىۋاتقان بىلىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا سەزگۈنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

ئىبن سىنا، مەلۇم تەنھا تۇيغۇ مۇكەممەل ئەھمىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ، پەقەت ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ رولىنى تەڭ جارى قىلدۇرغاندىلا ئاندىن ھايۋانات ۋە ئادەملەردە مەلۇم بىر خىل شەيئىگە نىسبەتەن خېلى مۇكەممەل تەسىر پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

تۇيغۇنىڭ ئۆتۈشۈشى بىلەن ئەڭ زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان بىر خىل ئىچكى ئەزا پىششىپ يېتىلىش فۇنكسىيىسىدۇر. بىز پىششىپ يېتىلىش فۇنكسىيىسىنىڭ رولىنى تۇيغۇنىڭ ئۆتۈشۈشىنىڭ ساقلىنىشى ۋە قايتا زاھىر بولۇشىدىن ئىبارەت بىر جۈملە سۆزگىلا يىغىنچاقلايمىز. بۇ سىرتقى قىياپەتتىن كەلگەن سەزگۈنىڭ ساقلىنىشى ۋە قايتا زاھىر بولۇش نۇقتىئىنەزەرىدۇر. ئىبن سىنا تىلغا ئالغان پىششىپ يېتىلىش فۇنكسىيىسى بىز ھازىر ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان «سىرتقى قىياپەت»نى كۆرسىتىدۇ.

تۇيغۇ، تۇيغۇنىڭ ئۆتۈشۈش، پىشىش فۇنكسىيىسىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئىبن سىنانىڭ دەسلەپكى باسقۇچلۇق بىلىش نەزەرىيىسى ئۆزلۈكىدىنلا مەلۇم بولىدۇ. ئىبن سىنانىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى، ئۇ بۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرماستىن، بەلكى بۇ ھەقتە ئىزچىل تۈردە چوڭقۇرلاپ ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ باشقا ئىككى خىل ئىچكى ئەزانىڭ ئىقتىدارى ھەققىدىكى تەتقىقاتى بىلىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بىلەن ئالىي دەرىجىلىك باسقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ھالقىلىق تەتقىقات بولۇپ، شۇ دەۋر پەيلاسوپلىرىنى ئىنجىقلىتىدىغان مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. ئىبن سىنانىڭ كۆز قاراشلىرى بۇ جەھەتتە بىزگە پايدىلىق ئىلھاملارنى ئاتا قىلدى.

ئاۋۋال باھالاش فۇنكسىيىسى ئۈستىدە توختىلايلى. ئىبن سىنا، بارلىق باھالاش فۇنكسىيىسى ئەمەلىيەتتە بىر خىل ھۆكۈم، بۇ خىل ھۆكۈم يەنە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، ماھىيەتكە بېقىنىدىغان، ھېس قىلغىلى

بولمايدىغان ئۇقۇم؛ يەنە بىرى، ماھىيەتكە يېقىنىدىغان، ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئۇقۇمدىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ.

بىرىنچى تۈردىكى باھالاش فۇنكسىيىسى بىر خىل تەبىئىي ھۆكۈمدۇر. «بۇ، روھتىكى بىر خىل تەبىئىي خۇسۇسىيەتنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل تەبىئىي خۇسۇسىيەتنى ئاللاننىڭ روھى روھلار قاتارىغا قوشۇۋەتكەن». بۇ خىل تەبىئىي ھۆكۈم ھايۋانلار ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاقتۇر. ئۇنىڭ ھايۋانلار ۋۇجۇدىدىكى ئىپادىسى «گەرچە قوي ئەزەلدىن بۆرىنى كۆرۈپ باقمىغان ھەم ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەمىشە بۆرىدىن ئېھتىيات قىلىدۇ...» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ خىل ھۆكۈمنىڭ ئىنسانلار ۋۇجۇدىدىكى ئىپادىسى «يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاق ئەمچەككە تايىنىش ھالىتىدە بولىدۇ. ئۇ ئۆرە تۇرغۇدەك بولغاندا، ئۆزىنى كۆتۈرىدىغان ئادەم تەرەپكە قاراپ يۈگۈرىدۇ ھەم يىقىلىپ چۈشۈش ھالىتىدە بولغان بولىدۇ» (185 ـ بەت ۋە 186 ـ بەتلەرگە قارالسۇن).

ئىككىنچى خىل ھۆكۈم تەجرىبە ھۆكۈمىنى كۆرسىتىدۇ. تەجرىبە ھۆكۈمى ئەلۋەتتە ئادەملەرگە قارىتىلغاندۇر. ھايۋانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنى «شەرتلىك رېفلېكس» دېگەن تۇزۇك. ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا 2 ـ تۈردىكى باھالاش فۇنكسىيىسى ئەلۋەتتە بىر خىل ئىلگىرىكى تەجرىبىلەر ئاساسىدا چىقىرىلغان ھۆكۈم بولۇپ، تەجرىبە بىر خىل ھېس بىلەن ئىدراك ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىدۇر. گەرچە ئادەملەرنىڭ باھالاش فۇنكسىيىسى ئىدراك پائالىيەت فۇنكسىيىسىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ بىلىشىدىكى ھەرقايسى باسقۇچلار روشەنكى، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمىغان بولىدۇ. شۇڭا تاشقى دۇنيانىڭ غىدىقلىشىغا قارىتا ئادەملەر پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرماستىن، بەلكى تەجرىبىسىگە تايىنىپ «باشقا ھايۋاناتلار ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ» (185 ـ بەتكە قارالسۇن).

ئۈچىنچى، تەپەككۇر فۇنكسىيىسى. ئىبن سىنا ئەقلىي تەپەككۇر فۇنكسىيىسىنى ئىككى قىسىمغا بۆلگەن. ئۇنىڭ بىرى، ساقلاش، يەنە بىرى، پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. ھايۋانلارنىڭ ئەستە تۇتۇش فۇنكسىيەسىنى پەقەت «يادىدا تۇتۇش» دېيىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. بىراق ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، ئەستە تۇتۇش ئىدراك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئادەملەرنىڭ ئەستە تۇتۇش فۇنكسىيىسى ھەم ساقلاش ئىقتىدارىنى، ھەم پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ھەم خاتىرە قالدۇرالايدۇ، ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدۇ.

ئەستە تۇتۇش ھەققىدە ئىبن سىنانىڭ بىلىشى تېخىمۇ چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ ئەستە تۇتۇش (خاتىرە) نىڭ مېخانىكىلىق ھالدا ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشلارنى قايتا زاھىر قىلىپلا قالماي، يەنە ھاياجانلاندۇرۇش پائالىيىتىنى ئۆتەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن. «بەزىدە ئادەمنىڭ زەردىسىنى قايناتقان، ئىچىنى پۇشۇرىدىغان، ئازابلايدىغان خاتىرىلەر بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئاشۇ خىل ھېسسىياتقا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇھىت پەيدا قىلىپ قويىدۇ» (189 ـ بەتكە قاراڭ). بىلىش پائالىيىتىدە ھېسسىياتنىڭ رولىنى كۆرۈپ يەتكەنلىك ئىبن سىنا تالانتىنىڭ يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىنىشىدۇر.

## ئادەمنىڭ روھى

ئىبن سىنانىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم روھىنىڭ فۇنكسىيىسى شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئادەملەرنىڭ ئىدراكى، تەپەككۇر ئىقتىدارى بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتتە ياشاپ ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن ئىدراكىي تەپەككۇرغا ئىگە بولىدۇ.

ئىبن سىنا، ئادەمنىڭ ئىدراكى، تەپەككۇر قابىلىيىتى ئاساسلىقى ئىككى خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، شەكلەن ئىدراك فۇنكسىيىسى، يەنە بىرى، ئەمەلىي ئىدراك فۇنكسىيىسىدىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ.

بىز ئاۋۋال ئەمەلىي ئىدراك فۇنكسىيىسىنى كۆرۈپ باقايلى. «بۇ خىل فۇنكسىيە مەخسۇس ھەر خىل ئالاھىدە نەرسىلەرنى تەپەككۇر قىلىشقا، پايدىلىق ۋە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىش ياكى

ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى تەپەككۇر قىلىشقا، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى تەپەككۇر قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل فۇنكسىيىنىڭ پەيدا بولۇشى بىر خىل ھەقىقىي ياكى بېكىنمىچىلىكتىن خالىي ھالدىكى ئەقلىي خۇلاسە ۋە تەپەككۇر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى ھەر خىل ئېھتىمالدا تۇرغان شەيئىلەر ئىچىدىكى تېخى زاھىر بولمىغان بىر ئالاھىدە شەيئىنىڭ ئورنى ھەققىدە پىكىر قىلىشتۇر» (210 - بەتكە قارالسۇن). ئىبن سىنانىڭ ئەمەلىي ئىدراكىنىڭ فۇنكسىيىسى ھەققىدىكى ئېنىقلىمىسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئەمەلىي ئىدراك فۇنكسىيىسىنى تەكىتلىگەندە، باشقا شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەپ بولغان. ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىدراك فۇنكسىيىسى ھەققىدىكى بىلىشى شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتىلغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھەققىدىكى بىلىش قانداق كېلىدۇ؟ ئۇ ھېسسىي بىلىش ماتېرىيالىمۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ شەكىلگە قارىتىلغان فۇنكسىيىمۇ ئەمەسمۇ؟ ئەزالارنىڭ بىر - بىرىگە تايىنىش خۇسۇسىيىتى بولامدۇ، يوق؟

بۇ بىرقاتار مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتە ئىبن سىنا بىرئاز ئىككىلىنىپ قالغان. ئۇ بىر تەرەپتىن، «ئەمەلىي ئىدراك ئۇنىڭ بارلىق پائالىيىتىدە بولىدۇ، ئۇ شەكىل ۋە شەكىلگە تەۋە تەننىڭ فۇنكسىيىسىدۇر» (211 - بەتكە قارالسۇن) دەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىبن سىنا ئەمەلىي ئىدراك فۇنكسىيىسىنىڭ شەكىل فۇنكسىيىسىگە نىسبەتەن بىر - بىرى بىلەن بېقىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىگە قارىتا ئېنىق بىرنېمە دېيەلمىگەن، بەلكى بىر - بىرىگە زىددىيەتلىك گەپلەرنى قىلغان. يەنى ئۇ ئەمەلىي ئىدراك فۇنكسىيىسى «شەكىلنىڭ بارلىق ماھىيەتلىك تەلىپىنىڭ تەسىرىدۇر» (49 - بەتكە قارالسۇن) دەپ قارىغان. مانا بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىدۇر. يۈزەكى جەھەتتىن قارىغاندا، ئىبن سىنا ئەمەلىي ئىدراكىنىڭ شەكىل فۇنكسىيىسىگە نىسبەتەن مەلۇم بىر خىل تايىنىش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىرنېمە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئەمەلىي ئىدراكىنىڭ شەكىل فۇنكسىيىسىگە تەقەززا بولىدىغانلىقىنى ھەمدە شەكىل فۇنكسىيىسىنى ئۇنىڭ ئۇچۇن ھېسسىي ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكۈزۈپ، شەكىل فۇنكسىيىسىنى ئۇنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇندۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئورنىنى ساقلايدىغانلىقىنى بايقىۋالالايمىز. ئەمەلىي ئىدراكىنىڭ شەكىل ئىدراكى بىلەن چەك - چېگرا ھاسىل قىلىشى «شەكىلنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنىڭ تەسىرى»نى قوبۇل قىلماسلىقنى شەرت قىلغان. تۈپتۈز نەزەرىيىسىدە ئىبن سىنا بىر مۇستەھكەم ماتېرىيالىزمچى ئىدى. ئەمما ئۇ ئەمەلىي ئىدراكىنىڭ ھېسسىي ماتېرىيالىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىش ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ پەيدا قىلىپ قويغان.

شەكلەن ئىدراك فۇنكسىيىسىگە كەلسەك، بۇ «بىر خىل خام ماتېرىيالدىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئېلىنغان ئومۇملاشتۇرۇلغان شەكىلدىكى تەسىرنىڭ فۇنكسىيىسىدۇر» (49 - بەتكە قارالسۇن). بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شەكلەن ئىدراك شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئومۇملاشقان بىلىشتۇر. بۇ خىل ئومۇملاشقان بىلىش قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ «ئىدراك بىر خىل ئىقتىدارغا ئىگە... ئۇ ھەر خىل قاراشتىكى كۆپ خىل نەرسىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. كۆپنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى خىل شەكىل كۆپلۈك - ھەر خىل تەسەۋۋۇر ماتېرىياللىرىغا تايىنىپ سان - سىفىرلار ئۈستىدىكى پەرقلىق قاراشقا ئاساسەن پەيدا بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئېنىقلىما جەھەتتىن پەرق ھاسىل قىلغاندا، بىر پۈتۈن كۆز قاراشقا ئايلىنىدۇ. ئىككىنچى خىل شەكىلنىڭ پەيدا بولۇشى ھەرقايسى ‹تۈر ۋە پەرق› لەرنىڭ ئېنىقلىمىسىدىن تەشكىللەنگەن بىر پۈتۈن كۆزقاراشنى كۆرسىتىدۇ» (240 - بەتكە قارالسۇن). ئىبن سىنانىڭ «كۆپنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى» ئەمەلىيەتتە ئالاھىدىلىكنىڭ ئومۇملۇققا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى خىل «كۆپنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» شەكلى بولسا بىز بۈگۈن ئىستېمال قىلىۋاتقان قوشۇلما پەرق ئېنىقلىمىسىنى

كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى كۆزقاراشقا ئاساسلانغاندا، ئىبن سىنانىڭ بىرىنچى خىل «كۆپنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» شەكلىنى ئومۇملاشقان بىلىش دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت قوشۇلما پەرق ئېنىقلىمىسىدىنلا ئىبارەت بىر خىل شەكىلدۇر. بىراق بىز شۇنداق كېسىپ ئېيتالايمىزكى، شۇ دەۋردە ئىبن سىنانىڭ ئابستراكت تەپەككۇر سەۋىيىسى خېلىلا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. بىز ئىبن سىنانىڭ «كۆپنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئومۇملاشقان بىلىشنى يەنە بىر نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزەتكىنىمىزدە، ئەللامىنىڭ ئومۇمىيلىق بىلەن ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ، ئومۇملۇقتىن ئىبارەت «بىر» نىڭ ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت «كۆپ» تىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايمىز. ئەمما ئىبن سىنا بۇ يەردە ئەمەلىي ئىدراك فۇنكسىيىسى نامى بىلەن شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى بىلىشنى ھېسسىي بىلىش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىۋەتكەن. شۇڭا ئىبن سىنا ئالاھىدە بىلىش ۋە ھېسسىي بىلىشنى ئومۇمىي بىلىشنىڭ ئاساسى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مۇئەللەققە ئىمارەت سالغاندەك ئىش قىلىپ قويغان.

روشەنكى، ئىبن سىنانىڭ بىلىش نەزەرىيىسى روھنى مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايىدۇ. بۇ بىر خىل روھ نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بىلىش نەزەرىيىسىدۇر. بۇ خىل روھ نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بىلىش نەزەرىيىسى ئىبن سىنا بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ نۇقسانى ھېسابلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئىبن سىنا روھنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان. شۇنداقلا بۇ خىل بىلىش ئۆسۈملۈك روھى، ھايۋانات روھى ھەمدە ئادەملەرنىڭ روھىغا ھەر خىل فۇنكسىيىلەرنى ئاتا قىلغان. قارىماققا ئىبن سىنا روھنىڭ فۇنكسىيىسىنى تۆۋەن دەرىجىدىن ئالىي دەرىجىگە، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ روھىدىن ئادەملەرنىڭ روھىغىچە بىر - بىرلەپ بايان قىلغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن بۇ خىل تۆۋەندىن يۇقىرىغا تەرەققىي قىلىش بىر خىل لوگىكىلىق تەرتىپ بولۇپ، بىلىشنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىن ئالىي دەرىجىگە تەرەققىي قىلىشى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە ئادەملەرنىڭ روھىنىڭ فۇنكسىيىسىنىڭ ھەممىسىلا روھىنىڭ ئۇلارغا تالىق بولۇشى بولۇپ، ئۇلار روھتىن مۇستەسنا ھالدا ئۆزلۈكىدىن تەرەققىي قىلالمايدۇ. ئىبن سىنا تارىخ بىلەن لوگىكىنىڭ بىردەكلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرمىغان. بۇ ئۇنىڭ روھنى بىر خىل سۇبستانسىيە، سۇبستانسىيە بولغاندىمۇ ئاساسىي سۇبستانسىيەلىك مەۋجۇدىيەت دەپ قاراپ، روھتىن ئىبارەت بۇ بىلىشنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيىسىنىڭ رولىنى بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولسا كېرەك.

ئىبن سىنانىڭ روھنىڭ رولىنى بەكلا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئۇنىڭ تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بايانلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «روھ تەنگە بېسىلغان مۆھۈر ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ مەۋجۇتلۇقنى ساقلاشتا تەنگە تايانمايدۇ. روھنىڭ تەننى ئاساس قىلىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل شەكىلنى قوللىنىشنى روھنىڭ ئالاھىدە بىر خىل خۇسۇسىيىتى تەلەپ قىلغان. ئاشۇ خىل خۇسۇسىيەت روھقا تەننى ئىگىلەتكەن. ئۇ تەنگە ماسلىشىشتەك ئەڭ چوڭ كۆيۈنۈش بىلەن تەنگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ» (222 - بەتكە قارالسۇن). قارىماققا، روھ گەرچە تەن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل مۇناسىۋەت تەننىڭ روھقا بويسۇنۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. روھ گەرچە مەلۇم جەھەتتىن تەنگە تايانسىمۇ، لېكىن بۇ خىل تايىنىش گېنېرالنىڭ ئەسكەرگە تايانغىنىغا ئوخشايدۇ. ئەسكەر بۇيرۇقنى ئاڭلىمىسا، قوماندانلىققا بويسۇنمىسا گېنېرالنىڭ ئىرادىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، روھنىڭ قوماندانلىقىنى بەدەن ئىجرا قىلمىسا، روھنىڭ ئىرادىسىمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە روھنىڭ مەۋجۇتلۇقى باشلىنىشىدىلا تەندىن ئايرىلمىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما تەن روھنىڭ پائالىيەت سورۇنى ۋە قورالىلا بولۇپ قالغان، خالاس.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىبن سىنانىڭ روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بايانلىرى مۇئەييەن دەرىجىدە زىددىيەتلىك. بىر جەھەتتىن،

ئۇ، روھنىڭ پائالىيەت ئېھتىياجى بەدەننىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ قارىسا، يەنە بىر جەھەتتىن، روھنىڭ پائالىيىتى تامامەن تەننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، روھ ئەركىنلىككە ئىگە دەپ قارايدۇ.

روھتىن ئىبارەت بۇ بىلىش ئاساسىنىڭ رولىنىلا كۆرۈپ، باشقا ئامىللارنىڭ بىلىشتىكى رولىغا سەل قاراش ئىبن سىنا روھ نەزەرىيىسىنىڭ تۈپكى يۆنىلىشىنى بەلگىلىگەن. روھ بىر يېتەكچى سالاھىيىتى بىلەن تەننى ئىدارە قىلىدۇ، ئۇ تەنگە ھەر خىل فۇنكسىيىنى ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا تەن سىرتقى ئەزالار ئارقىلىق تۇرلۇك ھېسسىي بىلىشلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ ھەم ئىچكى ئەزالار ئارقىلىق بۇ ھېسسىي ماتېرىياللارنى ساقلاپ، ئەقلىي بىلىشنىڭ ئىشلىتىشىنى كۈتىدۇ. ئەلۋەتتە روھ بۇنىڭغا تەۋە ئەمەس. شۇڭا «روھ ئىككى خىل پائالىيەتكە ئىگە، ئۇنىڭدا تەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پائالىيەت بار. مانا بۇ تەنگە بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە سۇبستانسىيىسىگە ئالاقىدار بولغان پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ئەقلىي بىلىشكە تايىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل پائالىيەت ئۆز ئارا قارىمۇ قارشىدۇر...» (223 - بەتكە قارالسۇن). پەقەت ئەقلىي تەپەككۇر بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ روھىي سۇبستانسىيىلىك پائالىيەتكە مەنسۇپ بولغان بولىدۇ. تەنگە ئالاقىدار ھېسسىي پائالىيەتلەر بىلەن روھىي ماھىيەتكە تەۋە ئەقلىي پائالىيەت «ئۆزئارا قارىمۇ قارشى» بولسا، تەن بىلەن ئالاقىدار بولغان ھېسسىي بىلىش پائالىيىتى قۇرۇق ئاۋارىچىلىك بولغان بولىدۇ. ئىبن سىنا مانا مۇشۇ خىلدىكى روھنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، بىلىشنى ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا كۆتۈرۈش جەريانىنى ئايرىپ تاشلىغان ھەمدە ھېسسىي بىلىشنىڭ نەتىجىلىرىنى يوققا چىقارغان. ئىبن سىنانىڭ پۈتكۈل بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ زىددىيىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇ ئۆسۈملۈك روھى، ھايۋانات روھى ھەققىدە توختالغاندا ماتېرىيالىزمچى ئىدى. ئەمما ئادەم روھى ھەققىدە توختىلىشقا كۆچكەندە، ئاستا - ئىستا ماتېرىيالىزملىق مەيداندىن يىراقلىشىدۇ.

ئىبن سىنانىڭ بىلىش نەزەرىيىسى تولىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئاۋۋال روھتىن ئىبارەت بىلىشنىڭ بۇ ئاساسىي گەۋدىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا بىلىش نەزەرىيىسىنى قانات يايدۇرغىنى ھەم پائال ئەھمىيەتكە، ھەم چەكلىمىلىككە ئىگە. ئىسلامىزم دەۋرىدە ئىبن سىنانىڭ روھنىڭ بىلىشتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنلىكى ئەمەلىيەتتە بولسا ئادەملەرنىڭ ئاساسلىق رولىنى تەكىتلىگەنلىك ئىدى. چۈنكى بىز دەپ كېلىۋاتقان ئەقلىي بىلىش ئىقتىدارى پەقەت ئادەمنىڭ روھى بولغاندىلا ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. بۇ خىل كۆزقاراش ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىشى ھەرىكىتىنىڭ تەقەززاسى ئىدى. گەرچە ئىبن سىنانىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدە بىلىشنىڭ ئاساسىي ئورنىدا تۇرىدىغانلىقى ئاشۇرۇپ تەكىتلىنىشتەك يۈزەكىلىكتىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ھەقىقىي ئىلگىرىلەش دېمەي بولمايتتى.

بۇلاردىن باشقا، ئىبن سىنانىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدە ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىش بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن، يەنە كېلىپ ئەقلىي بىلىشنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىۋېتىشتەك چەكلىمىلىككە يول قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈپكى نەزەرىيىسى جەھەتتىكى ئىپادىسى ماتېرىيالىزملىق خاھىشقا ئىگە ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئۇنى تەبىئىي پەن ئالىملىرىغا خاس كۆزىتىش ئىقتىدارىغا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئىلمىي پوزىتسىيىگە ئىگە دېمەي بولمايدۇ. ئىبن سىنانىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ئارىستوتېلدىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ تۈپكى نەزەرىيىسىدىكى ماتېرىيالىستىك خاھىشلار بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ.

(خەنزۇچە «ئەرەب دۇنياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 3 - سانىدىن)




**تەرجىماندىن:** شىمالىي سۇڭ خاندانلىقى بەش دەۋر، ئون بەگلىكتىن ئىبارەت بۆلۈنۈش هالىتىدىكى ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېزلىك بىلەن ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى. نەتىجىدە سودا ئىگىلىكىدە زور تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. پايتەخت بيەنلياڭنى مەركەز قىلغان هالدا سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىكى قاتناش تورى شەكىللەندى. بۇ شەھەر بەش دەۋر مەزگىلىدىلا كونا ئاستانە بولۇپ، ئەلنەغمىچىلىك ۋە ئاۋام ئىچىدىكى ناخشا - قوشاقلار، چايخانا ۋە قاۋاقخانىلاردىكى ھەر خىل ئويۇن - تاماشالار خېلىلا جانلىق ئىدى. يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان ئاهاڭلار ۋە ئەزەلدىن بار بولغان مۇزىكىلار يېڭى تېكىست ۋە نەزمىلەرگە ئېھتىياجلىق ئىدى. سۇڭ خاندانلىقىدىكى بۇ پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي شارائىت تۈپەيلى، نەزمە ئىجادىيىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بارچە گۈللەر بەس - بەستە ئېچىلىدىغان، ھەر خىل ئېقىملار تالىشىپ تۇرۇپ بەس - مۇنازىرە قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. «سۇڭ دەۋرىدىكى تولۇق نەزمىلەر» دە كۆرسىتىلگىنىدەك، بۇ مەزگىلدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1330 نەپەردىن ئارتۇق شائىر - نەزمىچىلەر 20 مىڭ پارچىغا يېقىن نەزمىنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ نۆۋەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت سۇشىنىڭ بىرنەچچە پارچە نەزمىسىنىلا كىتابخانلارغا تونۇشتۇردۇم.

سۇشى، بۈگۈنكى سىچۈەن ئۆلكىسىدىن بولۇپ، مىلادى 1037 - يىلى تۇغۇلغان. مىلادى 1101 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. سۇڭ دەۋرىدىكى ئەدىبلەرنىڭ نەزمىچىلىك تەرەققىياتىدا سۇشىنىڭ ئورنى ناهايىتى يۇقىرى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نەزمە ئىجادىيىتىدىكى يېڭىلىق يارىتىش روھى، شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا ئىسلاھات رولىنى ئوينىدى. ئۇنىڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى، ئۇ نەزمە ئىجادىيىتىدە مەزمۇننى ئىپادىلەش جەھەتتە ئەنئەنىۋى بويۇنتۇرۇقلارنى بۇزۇپ، ئىلگىرىكى «باش - ئايىغىغا قەدەر يىپەك - پەرقۇتلارغا پۈركەنگەن، پۈتۈن جىسمىدىن ئەتىر ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان ھالەتنى پاك - پاكىز يوقاتتى؛ گەپ ئەگىتىپ، سۆز ئويۇنى قىلىدىغان قىلىقلارنى چۆرۈپ تاشلىدى». ئەسەرنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتە «كۆڭۈلگە ئايان بولمىغان نەرسىلەرنى زورلاپ يۇرمىدى، كۆزى يەتكەن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى يازماي قويمىدى». مۇشۇلارغا كۆرە، سۇشى ئۆز ئەسەرلىرىدىكى مەزمۇننىڭ ھەر تەرەپلىمىلىكى، تېمىسىنىڭ ھەر خىللىقى بىلەن بۇرۇنقى شائىرلاردىن ئېشىپ چۈشتى.

سۇشىنىڭ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان 300 نەچچە پارچە نەزمىسىدە مەملىكەت ۋە

خەلقنىڭ تەقدىرى، دەۋر ئۈستىدىكى ئويلىنىشقا ئائىت ئەسەرلەر، تارىخنى ئەسلەش ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر ھەققىدىكى ئوي - خىياللار، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە ئائىت كۆزقاراشلار ھېلىھەم رېئال قىممەتكە ئىگە. بىز تۈنجى قېتىمدا ئېلان قىلىنغان بۇ تەرجىمىلەر ئارقىلىق، ياش ھەۋەسكارلارنىڭ ئېلىمىز كلاسسىك ئەدەبىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## زۇي لوپو

(جېڭكودىن ئايرىلغان چاغلىرىم)

ئاق بۇلۇت سالدى ھىلال ئايغا نەزەر.
تۇگىدى تۈن نىسبى مەستلىك باشلىدىم سۇدا سەپەر.
يۈركىنىپ كەچكى تۇمانغا قالدى تەنھا بۇ شەھەر.
گەرچە ناخشا ئېيتقىنىم ئەستە تېخى،
بىلمىدىم ياندىم قېيىققا ياكى ئاخشام يا سەھەر.

يەلپۈگۈچ يوق تەلپىكىم كارىۋات بۇزۇق ھەم شۇقەدەر.
بولمىدى چۈشتىن تۇرۇپ يېنىمدا ھېچكىمدىن خەۋەر.
بۇ ھاياتىم قايسى چاغ قاڭقىپ يۈرۈشنى تەرك ئېتەر.
سورىساڭ مەغرىب جەنۇبىدا ئۆيۈم،
نە قىلاي جىسمىم ھامان مەشرىق جەنۇبىدا ئۆتەر.

## جياڭ چېڭزى

(ئايالىمغا تەزىيە)

ئۆتتى ئون يىل ئىككىمىزنى بۇ ئۆلۈم قىلدى ئادا.
يۈرىكىمدە لەختە قان پۈتمەس ندا.
ئوي - خىيالىمغا جامالىڭدۇر يادا.
نەچچە مىڭ چاقىرىمدا قالدى تۇپرىقىڭ،
توۋلىسام ھەسرەتكە لىقتۇر ھەر سادا.
كۆرۈشۈپ كۆيمەي ئۆتۈشسەك بوپتىكەن ئۇ بىر زامان.
ھالا ئەمدى يۈزلىرىمدە چاڭ - توزان.
چاچلىرىم باقساڭ قاراسىدىن جۇدا.

چۈشلىرىمدە بارىمەن ھەر كەچ مەھەللەڭگە ئۇدا.
تۇرىسەن مىسكىن دېرىزە ئالدىدا.
گۈل چىرايىڭ ماڭا ئەيلەر جان پىدا.
بىزگە سۆزسىز تەلمۈرۈشتىن ئۆزگە ياخشى چارە يوق،
دېگۈسى كەلمەيدۇ ياشنىڭ بىر دەقىقە ئەلۋىدا.

ئارچا ئۆسكەن دۆڭدىكى قەبرەڭ تامان،
قىلدۇ يالغۇز تولۇن ئاي ئىقتىدا.

## جىياڭ چېڭزى

(ئوۋ خاتىرىسى)

ياشلىقىم ئۇتتى پېقىرنىڭ جىسمىدە مەۋج ئۇردى قان.
سول قولۇمدا تايغىنىم پەيلى يامان.
ئوڭ قولۇمدا كۆكنى سۈرگەن قارچىغام.
كىيگىنىم زەردىن جۇگام قۇندۇز بۆ دەم،
چاپسا تۇزلەڭدە چەۋەنداز ھەممە ئەتراپ غەرق تۇمان.
ئەل ئۇچۇن تۆكمەككە تەر چۈشتۇم ئۇلۇغلار كەينىگە،
ئوق ئۇزۇپ يولۋاس يىقىتقان چاغلىرىم،
كۆرسە دەيمەن سۇن چۈەننى يەرۇ - جاھان.

يۈرىكىمنى مەيگە چۈمدۈردۈم خىيالىم خوپ راۋان.
قونسىمۇ چېكەمگە ئاز - ماز ئاق مانان.
ياشغايمەن ھەرنە مۈشكۈلدىن ئامان.
قولىغا يارلىق ئېلىپ يۈن جوڭ ئارا.
يول ئالۇر بىر - بىر بېسىپ فېڭ تاڭ قاچانمۇ مەن تامان؟
يانى ئەگسەم بار تولۇن ئاينى ياساشقا قۇربىتىم،
ئارزۇيۇم مەغرىب شىمالىغا بېقىپ،
شاد - خۇراملىق ئىلكىدە ئاتماق چايان.

## ۋاڭ جىياڭەن

(باھارنىڭ ئاخىرىدىكى ئەسلىمە)

تال - چىۋىقنى ئوينىتار سەلكىن يەنە،
قىرلىق تېخى باھاردىن خوپ يىراق.
سەن چىقىپ چاۋرەن مۇنارىغا نەزەر سالساڭ ئەگەر،
توشمىغان خەندەك سۈيى بىرلە گۈلىستان ھەممە ياق.
ئاق يېغىندىن يوق كەبى ئۆيدە چىراغ.

مانا چوكانتالمۇ ئۆتتى شۇنچە تېز،
ئويغىنىپ مەيدىن يۈرەكنى ئۆرتىدى ئاھۇ پىراق.
سەن قاراپ مۇڭداشلىرىڭغا كونا يۇرتنى ئەسلىمە،
ئىزدىسەڭ ئىچمەك يېڭى چاي سەن بۆلەكتىن ئوتنى ياق.
نەزمە بىرلە مەيدە بولسۇن ئىشتىياق.

## شۇي دىياۋگېتو

(مەستلىكتىن كېيىن ئىنىمنى يادىمغا ئېلىپ)

بۇ يورۇق ئاي قانچە ۋاخ شۇنداق تۇرار،
كۆككە قىلدىم ئىلتىجا سۇنغاچ شاراب.
بىلمىدىم شۇ كەچتە ئاسمان ئوردىسى
قايسى بىر يىل بەرمىدى ھېچكىم جاۋاب.
ئولتۇرۇپ سەلكىن شامالغا چىقمىقىم بولدى نىيەت،
ۋە لېكىن قورقتۇم ئېگىزدە ئىزغىرىندىن ئەنسىرەپ،
سەلتەنەتلىك تەختۇ ـ ئايۋانغا قاراپ.
ئويىنىشىپ سايەم بىلەن ئۇقتۇم ئاخىر،
قالغىدەكمەن ئاي ئارا ئادەمسىراپ.

ئايلىنىپ گىلرەڭ راۋاقنى بىرمۇ بىر،
ئاقىدۇ گۈللۈك روجەكنىڭ ئاستىغا،
ئۇيقۇسىز ياتقان پېقىردىن ھال سوراپ.
ئېيتقىنا ھاجەتمىدى رەنجىشلىرىڭ،
نە سەۋەب ھۆسنۈڭ تولۇن ھىجراندا بىز يۇرسەك ياداپ.
ئايرىلىش ياكى ۋىسال ئادەمدىلا،
بۇ قەدىمدىن پۈتمىگەن روھىي ئازاب.
ئارمىنىم ئىنسان ئۆمۈر كۆرسە ئۇزۇن،
ئۆتسە دەيمەن نەدە بولسا شاد ياشاپ.

## نيەننۇجاۋ

(چىبى ئارقىلىق قەدىمگە مۇناجات)

بۇ ئەزىم دەريا ئېقىپ مەشرىق تامان،
ياسىدى دولقۇندا جەننەت چۆل ئارا،
قالدۇرۇپ ئىز كەتتى ئۆلمەس سان ـ ساناقسىز قەھرىمان.
چوقچىيىپ مەغرىب يېقىدا بىر قارارگاھ كەردى قەد،
نامى چىبى جەڭ قىزىتقان ئۇندا جولاڭ بىر زامان.
تىك قىيا بۆسكەن سامانىڭ باغرىنى،
تېگىدۇ قىرغاققا بۇژغۇن زەرب بىلەن،
سوققىنىدەك باش ـ ئۇچى يوق قار ـ بوران.
بۇ ئەزىز يۇرت كۆكسى گوياكى سۇرەت،
بىر ۋىسالنىڭ ۋەجىدىن كۆرمىڭ باھادىر بەردى جان.

ئوي ـ خىيالىمدا شۇدەمنىڭ باتۇرى گوڭ جىن تىرىك،
ئەستە شياۋچياۋ قويدى بىر ياستۇققا باش،

دەپ ئۇنى جەڭ ئەركىسى ئالەمشۇمۇل ساھىبقىران.
دىلدا جۇرئەت چېھرى يارقىن ئەڭنى زىنىنەتتىن نىرى،
ياۋ بېشىغا ياغدۇرۇپ ئوت تۇمشۇقىنى قىلدى قان.
تەن ئارامىدۇر ۋەتەنىنىڭ تۇپرىقى،
مېھرىدىن يۇزدە تەبەسسۇملۇق غۇرۇر،
شۇ سەۋەب باشىمغا ئاق چاچ قىلدى يىللار ئەرمىغان.
ۋادەرىخ، ئىنسان ھاياتى خۇددى چۇش،
تۇتقىنىم خوپ ئاي بىلەن دەرياغا مەي چەكمەي پىغان.

## شۇي لۇگېن

(جاڭ جىژفۇغا مۇشائىرە)

گۇل دېسەڭ گۇلدەك لېكىن گۇلدىن نېرى،
ھېچ كىشىنىڭ كارى يوق بىر - بىر تورۇپ چۇشكەندە پەس.
ئۆي - ماكانسىز يول بويىنى قىلسا ئۆي،
قايغۇ - ھەسرەتتىن خالاس دەمسەن بۇدەم،
قارىساڭ قەلبىدە بار ئاچچىق نەپەس.
دىلىنى ئەزگەن ئۇنىڭ دىشۋارچىلىق،
كۆزىنى ياپقان مالامەت ھاردۇقى،
بىر ئېچىپ ئالەمگە باقماق شۇنچە تەس.
چۇشىدە سەلكىن بىلەن بەك - بەك يىراقلارغا كېتەر
مۇددىئا ئەيلەپ تېپىشقا يارىنى،
ئويغىنار بۇلبۇل ئاۋازىدىن بولۇپ ھەيرانۇ - ھەس.

سەن قويۇپ بەر ئۇشبۇ گۇل نەلەرگە ئۇچسا ئۆز ئىشى،
گەر گۇناھى بار دېسەڭ باغدا گۇناھ،
نە سەۋەب بۇ باغدا چوغلۇق بولدى خەس.
سۇبھى پەيت يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەن دەقىق،
ئىز - دېرەكسىز بولسا غايىب نە ئامال،
بەلكى قىلغاندۇر سۇزۇك سۇنى ھەۋەس.
تا ئەزەلدىنلا باھارنىڭ ھۆسنى ئۇچ،
ئىككىسى دائىم ئاياغتا چاڭ - توزان،
بىرسى دولقۇن سەتھىنى ياپقان پەۋەس.
زەن سېلىپ باقساڭ چىرايىغا ئۇنىڭ،
گۇل دېمەككە نە ئاساسىڭ بار سېنىڭ،
ئۇ جۇدالىقنىڭ يېشىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس.

# نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەدىبلەرنىڭ نۇتۇقلىرى

## بۇ مۇكاپات ھەممىمىزگە ئورتاق

– پېرل باكنىڭ نوبېل مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدىكى نۇتقى

پادىشاھ ھەزرەتلىرى!
خانىملار ۋە جانابلار!

مەن ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەرگە ۋە ماڭا بېرىلگەن مۇكاپاتقا قارىتا مىننەتدارلىقىمنى سۆز بىلەن ئىزھارلىيالمايمەن. بۇ مۇكاپات ئالدىدا مېنىڭ ئەمگىكىم ئەرزىمەستۇر. پەقەت شۇنى ئېشەنچ بىلەن ئېيتالايمەنكى، بۇ مۇكاپات مۇشۇ كۈنگە قەدەر يازغان كىتابلىرىمغا بېرىلگەن مەلۇم دەرىجىدىكى ئېتىباردۇر. ھەقىقەتەنمۇ مەن بۇ مۇكاپاتنى پەقەت شۇنداق روھتا ۋە تەسەۋۋۇردا قوبۇل قىلىمەن. بۇ مۇكاپات مېنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرىم ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇ كېلەچەكتە قىلىنىدىغان ئىشلىرىم ئۈچۈنمۇ ئورتاقتۇر. مەن كېلەچەكتە نېمىلا يازسام ئەلۋەتتە ئۇشبۇ كۈننى ئويلايمەن، چۈنكى بۇ كۈننىڭ كېلەچەك ئىجادىمغا غەيرەت، ئىلھام بېغىشلىشىغا ئىشىنىمەن.

مەن بۇ مۇكاپاتنى مېنىڭ مەملىكىتىم ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاقلىقتا ئىگە دەپ قارايمەن. بىز تېخى ياش كىشىلەرمىز، تېخى ھەممە ئىمكانىيەت، كۈچ - قۇۋۋىتىمىزدىن تولۇق پايدىلىنالمايۋاتقانلىقىمىزنى بىلىمىز. ئامېرىكىلىققا بېرىلگەن بۇ مۇكاپات پەقەت بىرلا ئادەمنى غەيرەتلەندۈرۈپ قالماستىن، بەلكى بۇنداق يۈكسەك باھا بىلەن روھلانغان ئامېرىكىلىق ھەممە يازغۇچىلارنىمۇ كۈچ - غەيرەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنى ئالاھىدە ئېيتىش لازىمكى، بۇ مۇكاپاتنىڭ ئايال كىشىگە بېرىلىشى مېنىڭ مەملىكىتىمدە زور ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

سىلەر ۋەتەندىشىڭلار سېلما لاگېرلۆفنى قەدىرلىگەن ۋە باشقا ساھەلەردىكى ئاياللارغىمۇ شۇنداق يۈكسەك باھا بەرگەن چېغىڭلاردا كۆپلىگەن دۆلەتلەردە، ھەتتا مېنىڭ مەملىكىتىمدىمۇ ھازىر ئالدىڭلاردا تۇرغان، بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىنساننىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ مۇكاپاتنىڭ قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقىڭلار مۇمكىن. ئەمما مەن پەقەت يازغۇچىلار نامىدىن، ئاياللار نامىدىنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئامېرىكىلىقلار نامىدىن سۆزلەۋاتىمەن. بۇ مۇكاپات ھەممىمىزگە ئورتاق.

ئەگەر مەن نارەسمىي نۇقتىئىنەزەردىن تۇرۇپ جۇڭگو خەلقى نامىدىن سۆزلىگەن بولسام، ئۇ چاغدا مەن يېڭىلىشقان بولار ئىدىم. كۆپ يىللاردىن بېرى جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتى مېنىڭ ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. مېنىڭ مەملىكىتىم بىلەن جۇڭگونىڭ، مېنىڭ جانىجان ئۆلكەمنىڭ ئەقلى، زېھنى كۆپ ساھەلەردە بىر - بىرىگە ئوخشاش، ئالدى بىلەن، بولۇپمۇ ئازادلىققا بولغان مۇھەببەت جەھەتتە ئۇلار (زېھىن، ئەقىل، تەسەۋۋۇر) بىر - بىرىگە ناھايىتى ئوخشاشتۇر. بولۇپمۇ مۇشۇ كۈنلەردە، يەنى پۈتكۈل جۇڭگو خەلقى ئەڭ بۈيۈك، مۇھىم كۆرەش ـ ئازادلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان بىر چاغدا، ئىككى مەملىكەتنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك جەھەتتىكى چۈشەنچىلىرى بىر - بىرىگە ھەرقاچانقىدىنمۇ بەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئازادلىققا خەۋپ سېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارشى ئۆز خەلقىنى بىرلەشتۈرۈۋاتقان جۇڭگودىن ھېچقاچان ھازىرقىدەك بۇنداق زوقلانمىغانىدىم. ئازادلىققا بېرىلگەن بۇ تەرىپكە مۇھىم ۋە چوڭقۇر مەنە مۇجەسسەملەنگەن. ئۇنىڭ يېڭىلمەسلىكىگە ئىشىنىمەن.

ئازادلىق بۈگۈنكى كۈندە ئىنسان ئۈچۈن ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدۇر. شۋېتسىيە ۋە ئامېرىكا خەلقلىرى ئۇنىڭغا ئىگىدۇرمىز.

مېنىڭ مەملىكىتىم ياش، لېكىن ئۇ

سىلەرنىڭ قەدىمكى ۋە ئازاد زېمىنىڭ ئىگىسى بولمىش ۋەتىنىڭلارنى ئالاھىدە دوستانە تۇيغۇ بىلەن قۇتلايدۇ.

## بويسۇندۇرۇلمىغان چوققا

– ئېرنېست ھېمىڭۋاينىڭ نوبېل مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمدىكى نۇتقى

شۋېتسىيە ئاكادېمىيىسى ئەزالىرى، خانىملار ۋە جانابلار!

گەپدانلىق بابىدا ماھارەتكە ئېرىشمىگەن ۋە ناتىقلىق سەنئىتىنى ئىگىلىمىگەن بولسامۇ، بۇ مۇكاپات ئۈچۈن ئالفرېد نوبېلنىڭ ئالىي ھىممەت - ئېھسانلىرىنى بېرىۋاتقانلارغا ئۆز مىننەتدارلىقىمنى ئىزھار قىلىشنى خالايمەن.

ئۆتمۈشتە بۇ يۈكسەك مۇكاپاتنىڭ نى - نى بۈيۈك ئادەملەرگە نېسىپ بولمىغانلىقىنى بىلىدىغان ھەربىر يازغۇچىنىڭ بۇ مۇكاپاتنى ئالغىنىدا خىجىل بولۇشى تەبىئىي ھالدۇر. ئۇنداق ئۇلۇغلارنى ساناپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنداق رويخەتنى ئۇشبۇ يىغىلىشنىڭ ھەربىر قاتناشچىسى ئۆز سەۋىيىسى ۋە ۋىجدانى بويىچە تۈزۈشى مۇمكىن.

مەن يازغۇچىنىڭ كۆڭلىدىكى ھەممە تۇيغۇلىرىنى يېزىپ بېرىپ، ئۇنى ۋەتىنىمىز ئەلچىسىنىڭ ئوقۇپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىشنى زۆرۈر دەپ بىلمەيمەن. ئىجادىيەت جەريانىنىڭ دەسلەپكى كۆزىتىش پەيتلىرىدە ئېتىباردىن چەتتە قالىدىغان پىكىرلەر بولۇشى مۇمكىن، ئىجادكارنىڭ ئۇلارنى بايقىماسلىقى ۋە ھەتتا يازغانلىرى ئۆزىگە توغرا تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندە بۇ پىكىرلەر ئايان بولۇشقا باشلايدۇ. يازغۇچىنىڭ نامى ئەسىرلەر بويى ياشاۋېرەمدۇ ياكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلامدۇ – بۇ ئەنە شۇ پىكىرلەرنىڭ سالمىقىغا ۋە شۇنىڭدەك يازغۇچى تالانتىنىڭ دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ.

شۆھرەت چوققىسىغا كۆتۈرۈلگەن يازغۇچىنىڭ ھاياتى يالغۇزلۇق بولۇقىدا ئۆتىدۇ. يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئېتىبارى يالغۇزلۇق دەملىرىنى يەڭگىللىتىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى ياخشىلىشى قىيىن. يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلغان چاغلاردا ئۇ ئىجتىمائىي شەخس سۈپىتىدە ئۆسىدۇ ۋە بۇ ھال كۆپىنچە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە توسقۇن بولىدۇ. چۈنكى يازغۇچى ئۆزى يالغۇز ئىجاد قىلىدۇ ۋە ئەگەر ئۇ ھەقىقىي سەنئەتكار بولسا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۈندىن - كۈنگە ئۆمۈر باقىيلىققا ئېرىشىدۇ ياكى بۇنىڭ ئەكسى بولىدۇ.

ھەقىقىي يازغۇچىغا نىسبەتەن ھەربىر ئەسەر تېخى بويسۇندۇرۇلمىغان چوققىنى بويسۇندۇرۇش يولىدا بېسىلغان دادىل بىر چامدام بولۇشى كېرەك. ئۇ ھەمىشە ئەدەبىيات ئالەمىدە تېخى ھېچكىم ئېرىشمىگەن ياكى ئۇنىڭغىچە ھەرىكەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما تېخى ئىگىلىنمىگەن ئىجادىي يۈكسەكلىككە ئىنتىلىشى لازىم. شۇ چاغدىلا يازغۇچىنىڭ ئىشى ئۇڭدىن كەلسە ئۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن. ئەگەر ھەقىقىي ئەدەبىيات يارىتىش ئۈچۈن سېنىڭدىن ئاۋۋال يارىتىلغان ۋە ياخشى يورۇتۇلغان ماۋزۇلار توغرىسىدا پەقەت يېڭىچە يېزىشنىلا تەلەپ قىلىشقىنىدا ئىدى، بۇ تولىمۇ ئاسان ئىش بولغان بولار ئىدى. ئۆتمۈشتە شۇنداق بۈيۈك سەنئەتكارلار ياشاپ ئۆتكەنلىكى سەۋەبلىك، زامانىۋى يازغۇچى شۇنداق ئۇزاق ئىزدىنىشى لازىم، ھەتتا ئۆزى ئۈچۈن ئېغىر بولغان كەڭلىك - دائىرىلەردىنمۇ ئۆتۈپ، ھېچكىم ياردەم بېرەلمەيدىغان ئىجاد سوقماقلىرىدىن يۈرۈشكە مەجبۇردۇر.

مەن بەكمۇ كۆپ سۆزلىۋەتتىم. ئەسلىدە يازغۇچى كىشىلەرگە ئېيتماقچى بولغان ھەممە سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەرمەستىن، بەلكى يېزىشى كېرەك. يەنە بىر قېتىم مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

1954 - يىل

## ئىنسان مەڭگۈ ياشايدۇ

– ۋىليام فولكنېرنىڭ نوبېل مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمدىكى نۇتقى

مېنىڭچە، بۇ مۇكاپات بىلەن بىر شەخس سۈپىتىدە مەن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئەمگىكىم تەقدىرلەنمەكتە. بۇ ئەمگەك – مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمنىڭ بېشى – ئىنسان روھىنىڭ ئىزتىراپلىرى ۋە تەر تۆكۈپ ئىزلىنىشلىرى ھېسابىغا يارىتىلغان ئەمگەك مېۋىسىدۇر. بۇ ئەمگەك شان - شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ئەمەس، شۇنىڭدەك پۇل - پۈچەك، مال - دۇنيا تېپىش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى ئىنسان روھىيىتى ئېلېمېنتلىرىدىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولمىغان يېڭى بىرنەرسە يارىتىش يولىدا قىلىنغان ئەمگەكتۇر. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم بۇ مۇكاپات ماڭا پەقەت كاپالەت تەرىقىسىدە بېرىلمەكتە. بۇ مۇكاپاتنىڭ پۇل - مەبلەغ بۆلىكىنى ئۇنىڭ مۇناسىپ ئورنى ۋە ئەسلى مەقسىتىگە ئاساسەن سەرپلەش يولىنى تاپماق

قىيىن ئەمەس. ئەمما بۇ مۇكاپاتنىڭ مەن بۈگۈن ئېرىشكەن شەرەپلىك مەنىۋى قەدىر - قىممەتلىك جايىمۇ باركى، مەن ئۇنىمۇ شۇنداق ئاقىلانە مەقسەت يولىدا سەرپلەشنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن مانا شۇ نوپۇزلۇق مۇنبەردىن پايدىلىنىشنى خالايمەن. چۈنكى مېنىڭ سۆزلىرىمنى بۇ يەردىن ئۆزلىرىنى ماڭا ئوخشاش روھىي ئىزتىراپ ۋە مۇشەققەتلىك ئەمگەككە بېغىشلىغان ئىجادكار ياشلارمۇ ئاڭلاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھازىر مەن سۆزلەۋاتقان مۇشۇ يۈكسەك مۇنبەرگە كۆتۈرۈلىدىغانلارمۇ بار.

بىزنىڭ ھازىرقى پاجىئەمىز بىزنى خېلىدىن بېرى ھەر تەرەپلىمە قورشىۋالغان ئومۇمىي قورقۇش ھېسسىياتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىز ھەتتا ئۇنى ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە ئۆگىنىپ قالدۇق. ھازىرقى كۈندە روھىيەت مەسىلىلىرى ئەستىن چىقىرىلغان بولۇپ، پەقەت «مېنىڭ تەن - جىسمىم قاچان پارچىلىنىپ يىمىرىلىدۇ؟» دېگەن بىرلا مەسىلە قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھازىرقى ياش يازغۇچىلار (ئەركەكلەر ۋە ئاياللار) ئۆز - ئۆزى بىلەن كۈرەش - ئىختىلاپتا بولىدىغان ئىنسان قەلبى مەسىلىلىرىدىن يۈز ئۆرۈشكەن. ۋەھالەنكى، پەقەت ئەنە شۇ ئۈزلۈكسىز روھىي تۇقۇنۇشلارلا ياخشى ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇمكىن، باشقا ھېچقانداق نەرسە يېزىشقا، ئىزتىراپ چېكىشكە ۋە تەر تۆكۈشكە ئەرزىمەيدۇ.

ئۇلار بۇنى باشقىدىن چۈشىنىۋېلىشى كېرەك. ئۇلار مەۋجۇت بولالىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ يىرگىنىشلىكى قورقۇش ئىكەنلىكىگە ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئىشەندۈرۈشى لازىم ۋە ئۆزلىرىدە ئەنە شۇ ئىشەنچىنى تۇرغۇزغان ھالدا، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇشى ھەمدە سۆيگۈ - مۇھەببەت، ئار - نومۇس، مېھىر - شەپقەت، ئىنسانىي غۇرۇر، ھېسداشلىق ۋە پىدائىيلىق كەبى ئىنسان قەلبىنىڭ قەدىمىي ئىدېئال - ئېتىقادلىرىدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ياراتمىلىرىدىن ئىرغىتىپ تاشلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئەدەبىيات مەنىسىز، پۈچەك بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ ۋە ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ. ئۇلار بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغۇچە قارغىش بەلگىسى ئاستىدا ئىجاد قىلىشىدۇ. ئۇلار سۆيگۈ توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئىللەتلەر ھەققىدە يېزىشىدۇ. يېڭىلگەنلەر ھېچ نەرسىنى يوقاتمايدىغان مەغلۇبىيەتلەر توغرىسىدا يېزىشىدۇ ۋە تېخىمۇ دەھشەتلىكى شۇكى، ئۇلار يا ئارزۇ - ئۈمىد، يا رەھىمدىللىك ۋە ياكى ھېسداشلىق تۇيغۇلىرى ئويغىتىدىغان غەلىبىلەر توغرىسىدا يېزىشمايدۇ. ئۇلارنىڭ جاراھەتلىرى ئەبەدىيەتكە زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، ئۇلار يارا ئىزلىرىنىمۇ قالدۇرمايدۇ. ئۇلار تىرىك قەلب توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ھېسسىز ئىچكى بەزلەر ھەققىدە يېزىشىدۇ.

بۇ ھەقىقەتنى قايتىدىن چۈشىنىپ يەتمىگەندە، ئۇلار ئىنسان ھالاكىتىنىڭ پەرۋاسىز، ئېتىبارسىز كۆزەتكۈچىلىرى تەرىقىسىدە ئەسەر يېزىشىدۇ. مەن ئىنسان تەنەززۇلىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئىنكار قىلىمەن. بەزىلەر: «ئىنسان — سەۋرلىك - بەرداشلىق، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ مەڭگۈ ياشايدۇ. يەر قەرىگە پېتىۋاتقان قىپقىزىل ئۇپۇق نۇرلىرىدا يالغۇز كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاخىرقى كېرەكسىز تۆپىلىك — زۇمچەك قەبرىدىن قارغىشنىڭ ئاخىرقى ئاجىز نىداسى كېلىدۇ. ھەتتا ئەنە شۇ دەمدىمۇ يەنە بىر تەۋرىنىش — گاڭگىرىغان ئىنساننىڭ زەئىپ نىداسى ئاڭلانغاندەك بولىدۇ» دېيىشىدۇ. مەن ئىنساننىڭ بۇنداق ھالاكەت - تەنەززۇلىنى تەن ئالمايمەن. مېنىڭ ئىشەنچىم كامىلكى، ئىنسان پەقەت سەۋرچان - چىداشلىقلا ئەمەس، بەلكى ئۇ غەلىبە قىلىدۇ. ئىنسان ھەممە جانلىق مەۋجۇداتلار ئارىسىدا ئەقىللىق، ئاۋاز - سۆز ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھاياتبەخش جانغا، ئىلاھىي روھقا ئىگە بولغاچقا، ئىزتىراپ، پىدائىيلىق، ھېسداشلىق ۋە بەرداشلىققا لاياقەتلىك بولغاچقا مەڭگۈ ياشايدۇ. شائىر - يازغۇچىلارنىڭ بۇرچىمۇ ئەنە شۇلار توغرىسىدا يېزىشتىن ئىبارەت. سەنئەتكارنىڭ ئىمتىياز ئۈستۈنلۈكى مانا شۇ كىشىلەر قەلبىنى كۆتۈرۈشتە، ئۇلارغا خاس مەردلىك ۋە شىجائەتنى قايتا تىكلەپ، ئۆتمۈشتە ئىنساننىڭ شان - شەرىپى بولغان ئار - نومۇس، ئارزۇ - ئۈمىد، ئىپتىخارلىق، مېھىر - شەپقەت ۋە پىدائىيلىق تۇيغۇلىرىنى كۈچەيتىپ، ئىنساننىڭ ئىرادە - بەرداشلىقىغا ياردەملىشىشتە ئىپادىلىنىدۇ.

شائىر ئىنسان ھاياتىنىڭ يىلنامىسىنى يېزىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەسلىكى لازىم. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىنساننىڭ چىدام - بەرداشلىقىنى مۇستەھكەملىشى، ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ياردەملەشكۈچى قۇدرەتلىك ئاساس، مەنىۋى يۆلەك بولالىشى ھەم مۇمكىن.

1950 - يىل

(ئۆزبېكچىدىن يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق تەييارلىغان)

# شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى لۈكچۈن قۇم ساناتورىيىسى سىرتقى قارىشى ئالبوم













# شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى لۈكچۈن قۇم ساناتورىيىسى سىزنى قارشى ئالىدۇ




شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى لۈكچۈن قۇم ساناتورىيىسى 1983 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرىنىڭ شەرقىدىكى ئاماننىشاھ كەنتىگە جايلاشقان، كۆلىمى 140 مىڭ كۇادرات مېتىر.

ئىدارىمىز ئەچچە يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ چۆلنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ ئەتراپى گۈل - گىياھ، مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بۇ ساناتورىيىنى قۇرۇپ بىر گۈزەل ئارامگاھ باغچىغا ئايلاندۇردى. باغچا ئىچىدە بىر ۋە ئىككى قەۋەتلىك مىللىي ئۇسلۇبتا بېزەلگەن، زامانىۋى ئەسلىھەلەر سەپلەنگەن مېھمان كۈتۈش بىناسى بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا 200 دىن 300 گىچە مېھمانني بىمالال كۈتۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە.

داۋالىنىشقا كەلگەن كېسەللەرنىڭ ۋاقتىدا ياخشى ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن سېلىنغان ئايرىم ئاشخانىمىز، شۇنىڭدەك 250 ئادەم بىرلا ۋاقىتتا غىزالىنالايدىغان كەڭ كۇشادە ئاشخانىمىزمۇ بار. تاماقلىرىمىزنىڭ تەمى ياخشى، تۈرى ئۆز گىچە بولۇپ تازىلىققا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن، باھاسى مۇۋاپىق.

باغدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى چەكسىز قۇملۇق رېماتىزىم، ئاق كېسەل، تۇغماسلىق، يۈرەك كېسىلى ھەم سۇئۇقتىن كېيىنكى ئۇستىخان ئاغرىش كېسەللىرىنىڭ داۋالىنىشىغا ياخشى جايدۇر. بۇ يەردىكى قۇمنىڭ سۈپىتى ئەلا، پاكىز ھەم بۇلغانمىغان بولغاچقا كېسەللەرگە ئەكس تەسىرى يوق.

ئۈرۈمچىدىكى ئالاقىلىشىش ئورنى: نېفىت ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى (نۇرباغ) قاسىم ئەبەيدۇللا

تېلېفون : (ئۆي) 851274 ، 851367 ، 851753 _ 4840801 (0991)



国际标准刊号 ISSN1004—1745 国内统一刊号 CN65—1012/I 邮发代号 58—83 零售价: 5.00 元